# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

# لوپ ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى



لوپ ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى


新疆维吾尔自治区

# لوپ ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى

# 洛浦县地名图志

«ئىچكى ماتېرىيال»

（内部资料）



لوپ ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزدى


1986 - يىلى 10 - ئاي

洛浦县地名委员会编

一九八六年十月



يۇرۇڭقاش دەرياسى



بازار مەركىزىدىكى گۈللۈك



لوپ بازىرىدىكى تۆت حاسا يول ئېغىزى

# 题词

《洛浦县地名图志》的出版，是我县一件可庆贺的大事。感谢编辑出版者为此付出的艰辛劳动。

洛浦的大部分地区，秦汉以来就是于阗国的腹心地带，是丝绸之路的要衝。经济繁荣、文化发达、地名古老。每一个地名都记载着古人和今人的业绩。盛世修志，今天终于有了自己的地名图志，对古往今来的地名来源和变迁有了一个比较详尽的记载。

这是一本资料书、工具书，但我认为也是一本史书，是人类和大自然搏斗的史书。它的出版，无疑将对我县的四化建设提供有益服务并促进其顺利发展。

李建新

一九八七年二月三日

（县委书记李建新同志题词）

# بېغىشلىما

”لوپ ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى“نىڭ نەشر قىلىنىشى ـ ناھىيىمىزدە تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان بىر چوڭ ئىش. نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ بۇ ئىشقا سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگىكىگە رەھمەت.

چىن، خەن سۇلالىسىدىن بۇيان، لوپنىڭ كى زور بىر قىسىم رايونلار ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئىدى. ئىختىسادى گۈللەنگەن، مەدەنىيىتى تەرەققى قىلغان، يەر ناملىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن. ھەر بىر يەر نامىدا قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن. گۈللەنگەن راسا ياخشى ۋەزىيەتتە، ئاخىرى ئۆزىمىزنىڭ خەرىتىلىك يەر نامى تەزكىرىسىگە ئىگە بولدۇق. ئۇنىڭدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بار بولغان يەر ناملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالى بىر قەدەر تەپسىلى خاتىرىلەنگەن.

بۇ ـــ بىر كىتابى ماتېرىيال ھەم قوللانما، شۇنداقلا مېنىڭچە بۇ بىر تارىخى ماتېرىيال، يەنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخنامىدۇر. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى شۈبھىسىزكى، ناھىيىمىزنىڭ تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئوگۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلغۇسى.

لى جەنشىن

1987 ـ يىل 3 ـ فېۋرال

(ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش لى جەنشىننىڭ بېغىشلىمىسى)



(ناھىيە ھاكىمى يولداش ئابدۇكېرىم تۇردىنىڭ بېغىشلىمىسى)

# 题　　词

我以由衷地喜悦心情，祝贺《洛浦县地名图志》编写成功，这是洛浦县人民的一件大事。

洛浦县是我可爱的家乡，不仅物产丰富，盛产粮棉，而且地毯、丝绸历史悠久，驰名全疆，远销国外。这里的各族人民勤劳勇敢。三十多年来在党的正确领导下，生产建设和人民生活都取得了翻天覆地的变化，旧社会时期的"半年桑杏半年粮"的状况一去不复返了。

这部《地名图志》，系统地记录了全县各地的名称、位置、历史沿革及社会状况。这是地名办公室全体同志辛勤劳动的成果，也是全县各族人民的心血和智慧的结晶。它必将在开发和利用全县资源、振兴经济、促进社会主义四化建设中发挥积极作用。

值此《洛浦县地名图志》出版之际，愿与家乡各族人民一同观今鉴古，推动当前，启迪后人，同心协力，为把昆仑山下的洛浦县建设得更加美好而奋斗终身。

**阿布都克里木·吐尔迪**

1986年12月

（县长阿布都克里木·吐尔迪同志题词）

# كىرىش سۆز

يەرنامى ــ مىللەت، جەمئىيەت ۋە خەلقئارا بېرىش-كېلىشتە كام بولسا بولمايدىغان قورالنىڭ بىرى. يەر نامىلىرى خىزمىتىنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇشى بولغان "خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى" يەر ناملىرىنى "توغرىلاش"، يەر ناملىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. يەر ناملىرىنىڭ تارىخى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالى، مەرىپەت بىلەن تەبىئەت، مىللەت بىلەن تىل، ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەر ناملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى، تارىخى، مەمۇرى رايونلارغا بۆلىنىشى، تارىخىنىڭ داۋاملىششى ۋە يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش، ئۆزگىرىش، ئالمىشىش قانۇنىيەتـ لىرىنى خاتىرىلەيدۇ. شۇڭا "خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى" مەخسۇس يەر ناملىرى ئۈچۈن چىقىرىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ نەمۇنىسى ھېساپلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ھەرقايسى ئىجتىمائى تەشكىلاتـ لارغا، ئىجتىمائى تارماقلارغا ئۆلچەملىك يەر ناملىرىنى تەمىن ئېتىدىغان كىتابى قورالدۇر. ئۇ ماتېرىيال خاراكتېرىگە ئىگە.

"لوپ ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى" يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، خەرىتە، جەدۋەل، كاپىيەن، ماتېرىيالدىن ئىبارەت تۆت خىل نەتىجىنىڭ تاماملىنىشى ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلغان يەر ناملىرى توغرىسىدىكى مەخسۇس ئەسەردۇر. ئۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يەر ناملىرى كومىتېتىنىڭ كونتروللىقىدىن ئۆتكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرى كومىتېتىنىڭ كونترول قىلىپ، تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن نەشر قىلىنغان بولۇپ قانوني خاراكتېرگە ئىگە.

"لوپ ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى"گە ئالتە چوڭ تۈردىكى 876 پارچە يەر نامى ئېلىنغان. يەنى: مەمۇرى رايونلار ۋە كەنت، مەھەللە يەر ناملىرى 739 پارچە، مەخسۇس كەسپى ئىدارە، تارماق ۋە ئورۇن ناملىرى 78 پارچە، سۇنئىي قۇرۇلۇش ناملىرى 30 پارچە، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىم ناملىرى 27 پارچە، ئاسارئەتىقە ناملىرى 8 پارچە، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ لوپ ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇن ناملىرى ئۈچ پارچە، پۈتۈن كىتاب 220 مىڭ خەتتىن تۈزۈلگەن.

"لوپ ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى" 1985 ـ يىلنى ۋاقىت پاسىلى قىلغان. ئۇنىڭدىكى ھەرقايسى يەر ناملىرىنىڭ تەرەپ ئارىلىقى ناھىيە، بازارلىق، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سىزىلغان يەر ناملىرى خەرىتىسىـ دىكى مەمۇرى رايونلارنىڭ چېگرا سىزىقى ئەمەلى تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىگەن بولغاچقا ئۇنى چېگرا

ئايرىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ. ماتېرىيال ئىچىدە مىللەت ۋە تىلغا ئىمزاھات بېرىلمىگەنلىرى-نىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇيغۇرچە تىلنى كۆرسىتىدۇ. مۇھىم بولغان ئايرىم يەر نامىلىرى-نىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسىنى "بىر يەردە ئىزاھلاش، باشقا يەردە تەكرارلىماسلىق" پىرىنسى-پىنى قوللاندۇق. ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭىنى يېزىشتا ئاز سانلىق مىللەت تىل يېزىقىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە كۆچۈرۈپ يېزىلدى.

بۇندىن كېيىن ھەرقايسى ئىجتىمائى تەشكىلاتلار، مەخسۇس كەسپىي تارماقلار يەر نامىلىرىنى ئىشلىتىشتە بىردەك "لوپ ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر نامىلىرى تەزكىرىسى"نى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. ھەر قانداق ئورۇن، تەشكىلات ياكى شەخسلەرنىڭ يەر نامىلىرىنى خالىغىنىچە ئۆزگەرتىش ھوقۇقى يوق. يەرلەرگە نام بېرىش، يەر نامىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان "يەرنامىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى" قائىدىلىق مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە تەستىقلى-تىش رەسمىيىتىنى قاتتىق بېجىرگەندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

لوپ ناھىيىلىك يەرنامىلىرى كومىتېتى

1987 - يىل مارت

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز
يۇرۇڭقاش دەرياسى
لوپ ناھىيىسىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى
لوپ ناھىيىسىنىڭ يەر نامى خەرىتىسى
لوپنىڭ بازار ئىچى خەرىتىسى
لوپ ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ ( 1 )
لوپ ناھىيىسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى ........................ ( 7 )
لوپ ناھىيىسىنىڭ سۇ مەنبەسى ۋە سۇ قۇرۇلۇش ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ ( 13 )


## مەمۇرى رايون ۋە تەبىئىي كەنتلەر نامى


لوپ بازىرى (يەر نامى خەرىتىسى، ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۆلچەملىكناملار) ........................ ( 17 )
يۇرۇڭقاش بازىرى (يەر نامى خەرىتىسى، ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۆلچەملىك ناملار) ........................ ( 35 )
جىيا يېزىسى (يەر نامى خەرىتىسى، ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۆلچەملىك ناملار) ........................ ( 47 )
بۇيا يېزىسى (يەر نامى خەرىتىسى، ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۆلچەملىك ناملار) ........................ ( 59 )
ناۋا يېزىسى (يەر نامى خەرىتىسى، ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۆلچەملىك ناملار) ........................ ( 73 )
سامپۇل يېزىسى (يەر نامى خەرىتىسى، ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۆلچەملىك ناملار) ........................ ( 85 )
چارباغ يېزىسى (يەر نامى خەرىتىسى، ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۆلچەملىك ناملار) ........................ (105)
ھاڭگىي يېزىسى (يەر نامى خەرىتىسى، ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۆلچەملىك ناملار) ........................ (127)
دول يېزىسى (يەر نامى خەرىتىسى، ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۆلچەملىك ناملار) ........................ (153)
بەشتوغراق يېزىسى (يەر نامى خەرىتىسى، ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۆلچەملىك ناملار) ........................ (171)


## كەسپى تارماق ۋە ئورۇن ناملىرى


مۇھىم تارماق ۋە ئورۇنلارنىڭ ئۆلچەملىك نامى ........................ (179)
(دېھقانچىلىق مەيدان، ئورمانچىلىق مەيدان، زاۋۇت ـ كان، دوختۇرخانا، مەكتەپ، مەدەنىي ـ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق كەسپى ـ كارخانا ئورۇنلىرى ۋە مەمۇرىي ئورۇنلار)

## ئاپتونوم رايون، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ نامى

ئاپتونوم رايونلۇق خوتەن يىلە-ئۈزۈمچىلىك پەن تەتقىقات ئورنى .................. (203)
ئاپتونوم رايونلۇق لوپ ساناتورىيەسى ................................ (205)
خوتەن تاشقى سودا گىلەم كارخانىسى ................................ (207)

## سۇ ئىنشائاتلىرى

مۇھىم قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆلچەملىك نامى (سۇ ئامبىرى، ئۆستەڭ، زاكۇ ۋە تاشيوللار)...... (209)

## تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىم ناملىرى

مۇھىم تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ ئۆلچەملىك نامى (تاغ، تاغ چوققىسى، تاغ ئېغىزى، تاغ جىلغىسى، دەريا، چارۋىچىلىق نۇقتىلىرى ساي، چۆل) .................. (217)

## ئاسارئەتىقىلەر نامى

(مۇھىم بولغان قەدىمكى يادىكارلىق، قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ ئۆلچەملىك نامى)......... (223)

## سۈرەتلەر

## يەر نامى خاتىرىسى

لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر نامى خىزمىتى توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرى ...... (229)
لوپ ناھىيىسىنىڭ يەرناملىرى خىزمىتىدىن خۇلاسە ............................. (235)

## قوشۇمچە


مەمۇرىي رايونلارنىڭ يېڭى-كونا ناملىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ........................ (241)
ئۆلچەملىك يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى........................ (249)


# چۈشەندۈرۈش

| | |
|---|---|
| كۆۋرۈك | دۆلەت چېگرىسى |
| ئېلېكتر ئىستانسىسى | رايون چېگرىسى |
| كۆمۈركان | ناھىيە، بازار، يېزا چېگرىسى |
| دەريا ئۆستەڭ قېشى | شەھەر ناھىيە |
| يارلىق | بازار يېزا |
| ئاسارئەتىقە | كەنت كومىتېتى |
| ئوق تاشيول | تەبىئي كەنت |
| ئادەتتىكى تاشيول | دەريا |
| كىچىك يول | پەسىللىك دەريا |
| تاغ چوققىسى | قۇدۇق |
| تاغ ئېغىزى | بۇلاق |
| قۇم دۆڭلىرى | سۇ ئامبىرى |
| چۆل | زاكۇ |



ئۈرۈمچى شەھەر

# لوپ ناھىيىسىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى






لوپ ناهىيە يەر
1:400000
چۆل
چىرا
ناهىيىسى
قوشـقۇدۇق
ئۇلقۇدۇق
بەشتوغراق
توغراقدۆك
كادىردۆك
ياركوچا
بەشتوغراق
بوستانكۆل
1:1000000
خوتەن
بەشتو
غراق
دەرياسى
يېزىسى
1:1000000
سامپۇل
تۆگمەنتاش
خوتەن
چىرا ناهىيىسى
تېكلىك تاغ



امى خەرىتىسى
خوتەن
يۇرۇڭقاش
بۇيا
چارباغ
لوپ ناھىيىسى
ناۋا
سامپۇل
جىيا
ھاڭگى
ئورمانچىلىق مەيدان
دول
ساي
ئاقمەھەللە
ئاچما
شاخلىق
ئاياغ سوغاقۇم
باش سوغاقۇم
چىلگە جاي
باغچە
ئاپان
چوڭ كۆلبېشى
بامىسى
گىجا
كاپا
كاپا ئايرىش
ئاچادۆك
دۆۋەت
قىرقاش
قۇملەڭگەر
دۆڭمەھەللە
تۆۋەن
قاراقىر
ئىلدام
كىلەنتە
قىپتو
قوتازلەڭگەر
جايئېرىق
سالپۇلئېرىق
دول خەلپەئېرىق
دولئېرىق
تولغاش
كۆلئېرىق
كالتەكۆتەكە
باشياندۇرما
ئاياغياندۇرما
دۆلباغ
ئاقئېرىق
دۆڭئېرىق
لەڭگەرئېرىق
ئايرىش
ئۆزمىلك
چوڭقۇرئېرىق
توققۇزكاللا
خورازتوغراق
ئالتىلە
ئاياغكونزى
ھالۇبۇيى
كانچئېرىق
گىجائايرىش
بىزلى
قارايانتاق



1:110000
1:16000
ئۆزئۆلچەملىك كوپىراتىپى
سەيپۇڭچىلىق كوپىراتىپى
ناھالىلار تۆقتىسى
ترانسپورت بېكتى
يېمەك ئىچمەك شىركىتى چارۋا قوتىنى
يېمەك ئىچمەك شىركىتى كۆكتاتلىقى
بازارلىق تەمىنات سودا كوپىراتىپى
كىلشىم باھا شىركىتى
پىلە سېتىۋىلىش پونكىتى
سېنتەب ئۆمىكى
ئورۇقچىلىق شىركىتى ئائىلە قورۇسى
بازارلىق سۈيپونكىتى
ناھالىلار تۆقتىسى
دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى ئائىلە قورۇسى
يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى ئائىلە قورۇسى
5 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئائىلە قورۇسى
كىنو نىيابىرخانا
دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى تەمىنلەش پونكىتى
سودا سانائەت بانكا
ئورلۇك ماللار شىركىتى
يوقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى
پاراۋانلاندۇرۇش كارخانىسى
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى
ئەمگەك، مۇلازىمەت شىركىتى
ماددى ئەشيالار ئىدارىسى
سودا ماگىزىنى
سەيپۇڭخانا
ئورلۇك ماللار شىركىتى ئائىلە قورۇسى
سوغۇق يېمەك ئىچمەك ماگىزىنى
ئورمانزارلىق
ياشلار
لوپ ناھىيە شەھەر يەرنامى خەرىتىسى

# لوپ ناهیيسىنىڭ ئومۇمىي ئەهۋالى

لوپ ناهیيسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىغا، كوئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالى تىزمىسىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان، زىمىنى پاراللىل 79°57′ — 81°32′ مېردىئان 36°30′ — 39°29′، شەرقى چىرا ناهیيسىگە، جەنۇبى كوئىنلۇن تېغىغا تۇتىشىدۇ، غەربى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا تۇتۇشۇپ، خوتەن ناهیيسى بىلەن قارىشىپ تۇرۇدۇ. شىمالى تەكلىماكان چۆللۈكىگىچە سوزۇلۇپ، ئاقسۇ ۋە ئاۋات ناهیيەلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇپتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلىقى 337.5 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربىكىچە كەڭلىكى 24.9 كىلومېتىردىن 67.5 كىلومېتىرغىچە كىلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 1357.2 كۋادرات كىلومېتىر، يېشىللىق كۆلىمى بىر مىليون 100 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 5.6 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 400 مىڭ مو، تاغلىق يەر ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 10.4 پىرسەنتىنى، چۆل 84 پىرسەنتىنى، ئورمان بىلەن قاپلىنىشى 1.3 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ.

لوپ ناهیيلىك خەلق هۆكۈمىتى لوپ بازىرىغا جايلاشقان، بۇ يەرنىڭ غەربىتىكى يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن ئارىلىقى 21 كىلومېتىر، خوتەن شەهىرى بىلەن ئارىلىقى 24 كىلومېتىر، ئۈرۈمچى شەهىرى بىلەن ئارىلىقى 2007 كىلومېتىر، تۆز ئارىلىقى تەخمىنەن 900 كىلومېتىر، شەرقتىكى چىرا ناهیيسى بىلەن ئارىلىقى 75 كىلومېتىر، ناهیيدە ئىككى بازار، سەككىز يېزا، ئىككى بىۋاستە قاراشلىق مەيدان، 190 كەنت كومىتېت، بەش ئاهالە كومىتېت، 526 تەبىئىي كەنت، 44 مىڭ 38 ئائىلە، 169 مىڭ 23 نوپۇس بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 166 مىڭ 651 كىشى، خەنزۇ 2230 كىشى، خۇيزۇ 93 كىشى، قازاق 46 كىشى، تاجىك ئىككى كىشى، مانجۇ بىر كىشى.

غەربى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە هازىرقى لوپ ناهیيسىنىڭ شەرقى زىمىنى يۇيىمى (ئۇزۇنتاتى) دۆلىتىگە، غەربى زىمىنى ئۇدۇن دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ شىڭ جۈە 3-يىلى (مىلادىدىن بۇرۇن 59-يىلى) قورىغاردۇخۇسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۇدۇن دۆلىتىگە تەۋە بولدى. لوپ ناهیيسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇاڭشۈينىڭ 28-يىلى (مىلادى 1902-يىلى) قۇرۇلۇپ، ئورنى لوپ كەنتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن لوپ ناهیيسى دەپ ئاتالغان. تارىختا لوپ يۇرۇڭقاش كەنت (ئۇدۇن دۆلىتىدىكى ئالتە شەهەرنىڭ بىرسى)گە قاراشلىق ئىككى مەهەللىنىڭ بىرى ئىدى. لوپ «شىنجاڭ قىسقىچە تارىخى»دا 洛普 دەپ يېزىلغان، «شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى، يول خاتىرىسى»دە خەنزۇچە 宝义庄 (هازىرقى بۇيا) دەپ يېزىلغان. «قورىغارنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە 宝荣庄 (يەنى باۋرۇڭجۇاڭ كەنت) دەپ يېزىلغان. لوپنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە مەنىسى هەققىدە ئىككى خىل چۈشەندۈرۈش بار. ئۇنىڭ بىرى

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «لوپنى مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) دولپۇر دەپ ئاتايدۇ. ئۇ مۇرە، ئۇستىخان دېگەن مەنىدە»دېيىلگەن. ئىككىنچىسى، يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلىنىشىچە لوپ ئەسلى لوپنۇر دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان، ئۇ توختام سۇ يىغىلىپ كۆلمەك بولۇپ قالغان سازلىق يەر دېگەن مەنىدە. "نۇر" قەدىمكى تۈركى تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىداكۆل دېگەن مەنىدە (قەدىمكى تۈركى تىللىرى لۇغىتى. موسكۋا 1962-يىل نەشرى) "چىڭگىزخاننىڭ تەرجىمھالى"نىڭ ئاپتورى، موڭغۇل تارىخچىسى يولداش سەيشيالنىڭ ئېيتىشىچە، لوپ — موڭغۇلچە سۇ يىغىلىپ قالغان سازلىق يەر دېگەن مەنىدە. رىۋايەت قىلىنىشىچە 18-ئەسىرنىڭ بېشىدا لوپنۇر رايونىنىڭ لوپ كەنتىدە، چارقىلىق بويلىرىدا (هازىرقى چارقىلىق ناهىيىسىنىڭ شىمالىدا) ئەجەل خاراكتېرلىق چوڭ ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، شۇ چاغدا هايات قالغان چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، بىلەن شۇغۇللانغۇچى ۋە ئۇنىڭ كۆچمەنچى چارۋىچىلىرى بولغان لوپلۇقلار قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ قاچقان، بىر تارمىقى شىمالدىكى قۇرۇق دەريا تەرەپكە قېچىپ تەكلىماكان چۆلى بويىدىكى يېشىللىق تارىم ۋادىسىغا بارغان، يەنە بىر تارمىقى غەربتىكى چەرچەن دەرياسىنى بويلاپ، چەرچەندىن ئۆتۈپ، هازىرقى لوپ بازىرى تۇرۇشلۇق يەردە ماكان تۇتقان، يەرلىك دېهقانلەر بىلەن بىرلىشىپ بوز يەر ئاچقان ۋە لوپلۇقلار كەنتى دەپ نام ئېلىپ «لوپ» دېگەن يەر نامىنى شەكىللەندۈرگەن. كېيىنچە بىر قىسىم «لوپلۇق»لار ئەسلى يۇرتىنى سېغىنىپ ئۆز ماكانىغا قايتقان بولسىمۇ (1956-يىلى "شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى تەكشۈرۈش") لېكىن لوپ دېگەن نام هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. پەقەت خەنزۇچە يازما مەنبەلەردە "罗甫"، "洛布"، "洛普"، "洛甫"، "洛浦" قاتارلىق خەتلەر بىلەن يېزىلىپ كەلگەن.

لوپ ناهىيىسى تاغ ئالدىدىكى يانتۇ تۈزلەڭلىك جاي بولۇپ زېمىنى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قىيپاش ئۇزۇن سوزۇلغان. جەنۇبىي كوئىنلۇن تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئوتتۇرا بەلبېغىغا تۇتۇشىدۇ. بۇ يەردە ئاساسەن تىككىلىك تاغ بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 5466 مېتىر ئېگىز، يىل بويى قار دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ. هاۋاسى سوغۇق، ئالدىنقى تاغ رايونلىرىدا ئاچچىق تاغ، ئوتتۇراقىر، قۇمات تاغلىرى بار. ئۇ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرا هېساب بىلەن 3500 مېتىر ئېگىز. قار ئاز، هاۋاسى سوغۇق. بۇ يەر ئاچچىق دەرياسى، ئوتتۇراقىر دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ باشلىنىش مەنبەسى هېسابلىنىدۇ. ئاچچىق دەرياسىنىڭ ئاز تولا سۇغۇرۇش قىممىتىنى هېسابقا ئالمىغاندا قالغان دەريالارنىڭ هېچقانداق سۇغۇرۇش رولى يوق. پۈتۈن ناهىيىنىڭ ئاساسلىق سۈيى كوئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىكى چاڭچېمەن داۋىنىدىن باشلىنىدىغان يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن لوپ ناهىيىسىگە سۇ تەقسىم قىلىش مىقدارى تەخمىنەن 700 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى 35 پىرسەنت، ئالدىنقى تاغ رايونى ئوتلاق، ئورمانلىق ئۆسۈپ يېتىلىشى ياخشى بولۇپ، ئۇ يەرلەر لوپ ناهىيىسىنىڭ مۇهىم يازلىق يايلىقى هېسابلىنىدۇ. ياۋايى هايۋانلاردىن كىيىك، تۈلكە، ئۆلا، جەگرەن قاتارلىقلار ئاساسەن مۇشۇ بەلباغلاردا ياشايدۇ.

ئوتتۇرا قىسمى يېشىللىق رايون بولۇپ، يۇرۇڭقاش دەريا ئېقىنىنىڭ قىيپاش تۈزلەڭلىك

بەلبېغى ھېساپلىنىدۇ. ئېگىزلىكى 1300 ـ 1500 مېتىركېلىدۇ، زېمىنى تۈزلەڭ، ئوتتۇرىچە قىيپاشلىقى $\frac{1}{300}$ مېتىر، قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق ھاۋا. تۆت پەسىل روشەن پەرقلىنىدۇ. ئەتىياز، ياز پەسلى ئۇزۇن، قىش، كۈز پەسلى قىسقا، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا كىلىماتى 11.5°C، 7 ـ ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېرا تۇرا 24.5°C، 1 ـ ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 6.5°C ـ، يىللىق ئوتتۇرىچە يامغۇر مىقدارى 34.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2226.2 مىللىمېتىر، دېھقانچىلىق تېرىلغۇ رايونلىرى ئاساسەن قۇم خاراكتېرىدىكى زەيلەك نەم تۇپراق. تارىختا قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتى دەۋرىدىلا بۇ يەر جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى دېھقانچىلىق تەرەققىي تاپقان رايون ئىدى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ھازىرقى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 400 مىڭ مو، ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 70.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ئاساسەن پاختا، مايلىقدان، يەل يېمىش بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 29.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1985 ـ يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 156 مىليون 753 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 669 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرى كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق 995 جىڭ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليون 819 مىڭ جىڭ، مايلىقداننىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليون 383 مىڭ جىڭ، 1985 ـ يىللىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 73 مىليون 373 مىڭ 300 يۈەن، دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ھاۋا كىلىماتىدىكى ئاساسىي ئاپەت قۇرغاقچىلىق، مۆلدۈر، توپا يېغىش، ئىسسىق شامالدىن ئىبارەت.

شىمالىي قىسمى قۇملۇق چۆل بولۇپ، چۆلنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1300 مېتىر، بۇ يەر چۆل خاراكتېرلىق قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ. ئىسسىق قۇرغاقچىلىق، شامال كۆپ، يامغۇر ئاز، چۆل ئوتتۇرىلىرىدا پارچە ـ پۇرات تېرىلغۇ يەرلىرى ۋە تەبىئىي توغراق، يۇلغۇن، يانتاق، قومۇش قاتارلىق ئۆسۈملۈك بار، ياۋا توڭگۇز، ياۋا توشقان قاتارلىق ھايۋانلار ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاۋا، تۇپراق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكى بولغاچقا باغۋەنچىلىك يېتىشتۈرۈشكە قولايلىق. مېۋە تۈرلىرى ھەم كۆپ، ھەم ئېسىل بولۇپ، مېۋە ـ چېۋە يۇرتى دەپ داڭقى بار. ئاساسەن شاپتۇل، نەشپۈت، ئۈرۈك، ئالما، ئۈزۈم، ياڭاق ئەنجۈر ئۆستۈرىلىدۇ. پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساشقا ئەگىشىپ، ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىھاتە ئورمىنى، ماتېرىيال ئورمىنى، يېقىلغۇ ئورمىنى قاتارلىق سۈنئىي ئورمان زور تەرەققىي قىلدى. ئومۇمىي كۆلىمى 250 مىڭ مو، 1984 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە سالا ئېتىزلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ گېزىت يۈزىدە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەملىكەتلىك "3 شىمالىي رايون" ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى ۋەكىللىرى لوپ ناھىيىسىگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ يەرنىڭ سۇ ئىشلىرى بويىچە دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۇقىرى باھا بەردى.

پىلە ئۆجمەسى يېتىشتۈرۈش، پىلە بېقىش تارىخى ئۇزۇن. قەدىمكى ۋاختىدىلا "ئۆجمىزارلىق"، "مەشۇت يۇرتى" دېگەن نامى بار ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن شىنجاڭدىكى سەككىز چوڭ پىلىچىلىك ناھىيىسىنىڭ بىرسى بولۇپ، پىلە ئىشلەپچىقىرىش بويىچە پۈتۈن شىنجاڭدا 2-ئورۇندا تۇرىدۇ. پىلىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 156 توننا 900 كىلوگرام، ئوتتۇرىچە ھەر قۇتىسىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 24.9 جىڭ.

جەنۇبىي قىسمى ئالدىنقى تاغ رايون بولۇپ، دەريا ئېقىن رايونى ۋە شىمالدىكى چۆل بەلباغلىرىدا يايلاق ۋە چارۋىچىلىق نۇقتىلىرى جايلاشقان. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشتا ئاساسەن قوي، كالا، ئىشەك، ئات، تۆگە بېقىلىدۇ. ئۆدەك، توخۇ قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ كارخانا ۋە شەخسلەر تەرىپىدىن بېقىلىدۇ. 1985-يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە قوينىڭ قالدۇق سانى 290 مىڭ 500 تۇياق، چوڭ چارۋا 60 مىڭ 900 تۇياق، ناھىيە تەۋەسىدىكى كان مەھسۇلاتلىرى مول بولۇپ، ئاچچىق تاغدا ئاھاكتېشى، گەج، قىزىلقۇم، ئوتقا چىدامىلىق توپا، قىزىلىېغىز قاتارلىقلارنىڭ يەر ئاستىدا ساقلىنىش مىقدارى زور. ئېچىش ئوتقاي، كۆمۈر بىلەن تۆمۈرنىڭ مەلۇم ئورنى ۋە ساقلىنىش مىقدارى بار، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقارقى ئېقىن ۋادىلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ قوم تاسقاپ ئالتۇن يىغىۋېلىنىدىغان ئورۇن دېگەن نامى بار. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئېقىن ئورنى بولغان قۇماتتىن ئەزەلدىن تارتىپ ئىسىل، سۈتتەك قاشتېشى چىقىدۇ. دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۇچۇكبويا، چاكاندا، زىخ، زاراڭزا قاتارلىقلار چىقىدۇ.

لوپ ناھىيىسىنىڭ سانائەت، كان ۋە يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى دەسلەپكى قەدەمدە رىۋاج تاپتى. ھازىر سېمونت زاۋۇتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇتى، سۇ ئېلېكتىر زاۋۇتى، گىلەم كارخانىسى، پاختا زاۋۇتى، ئاشلىق، ماي پىششىقلاش زاۋۇتى، تۆمۈر، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش، يەمەك-ئىچمەك پىششىقلاش زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇت كان، پونكىتلار بار. سېمونتنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 7 مىڭ توننا ئەتراپىدا، توك چىقىرىش مىقدارى 3 مىليون 480 مىڭ كىلوۋات سائەت بولۇپ، 10 مىڭدىن 35 مىڭ كىلوۋات سائەتكىچە كېلىدىغان 163 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يۇقىرى بېسىملىق توك سىم يولى قۇرۇلدى. گىلەم ئىشلەپچىقىرىش ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، 30% ئائىلىلەر گىلەمچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يىلىغا 20 مىڭ كۇۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ياۋروپادىن ئامېرىكىغىچە، شەرقى جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىغىچە ئاپىرىپ سېتىلىدۇ. قول سانائەت ساھەسىدە توقۇلىدىغان شايى، ئەتلەس، بەقەسەم، يىپەك چەكمىنى، دەبىيارى مۇشۇ يەرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى قول سانائەت بۇيۇمىدۇر. ناھىيە بويىچە 1985-يىللىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 102 مىڭ 500 يۈەن، يېزا، بازار كارخانىلىرى (88) نىڭ 1985-يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 600 مىڭ يۈەن، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھەر خىل تىپتىكى تراكتور 341، ھەر خىل دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى (سۈرگۈچى) 450، ھەر خىل دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ماشىنىسى 344،

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچى 30 مىڭ 495 ئات كۈچىگە تەڭ.

ناھىيىدە قۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىن 14، كوللېكتىپ تور نوقتىلىرى 24، يەككە سودىگەرلەر 248 ئائىلە، دۆلەت بىلەن كوللېكتىپنىڭ 1985 - يىللىق سودا - سېتىق ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ساپ پايدىسى 194 مىڭ يۈەن، تەمىنات سودا بىرلەشمە كوپىراتىپىغا قاراشلىق ھەرقايسى شىركەت، زاۋۇت، پونكىتلارنىڭ 1985 - يىللىق تاۋار ئوبوروت ئومۇمىي سوممىسى 22 مىليون 188 مىڭ يۈەن، ساپ پايدىسى 401 مىڭ 500 يۈەن.

ناھىيىدە 12 ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىكى ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر 504 نەپەر، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 4769 نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپ 170 بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلىرى 1536 نەپەر، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 23 مىڭ 647 نەپەر، بىر پارتىيە مەكتەپ، يېزا ئىگىلىك ئۈچۈن تەربىيىلەش مەكتىپى ۋە مەدەنىيەت يۇرتى، كۈتۈپخانە، رادىئو ئۇزېلى، كىنوخانا، شىنخۇا كىتابخانىسى قاتارلىق مەدەنى - مائارىپ ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك كۈتۈپخانىدا 40 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) كىتاب ساقلانغان. يېزا، بازارلاردا قۇرۇلغان مەدەنىيەت پونكىتلىرى 9 بولۇپ، 30 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانغان، يېزا، بازارلاردىكى سىملىق رادىئو كېڭەيتىش پونكىتلىرى 9 بولۇپ، سىم يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1699 كىلومېتىر، رادىئو يۇرۇشلەشكەن ئائىلە 35 مىڭ 553، ناھىيىدە بىر دوختۇرخانا، بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قورولغان. يېزا، بازارلاردا 9 دوختۇرخانا بار، ئۇنىڭدىكى كېسەل كارۋىتى 404، ھەر خىل داۋالاش سايمانلىرى بىر قەدەر تولۇق. ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 1973 - يىلى ۋە 1982 - يىلى يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىشىنى تىزگىنلەش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. 1979 - يىلدىن بويان لوپ ناھىيىسى پەن - تەتقىقات جەھەتتە ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە 85 تۈرلۈك پەن - تەتقىقات نەتىجىسى موكاپاتىغا ئېرىشتى.

خوتەندىن نىيە ناھىيىسىگىچە بولغان تاشيول مۇشۇ ناھىيە ئىچىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇ شەرق بىلەن غەربتىكى قوشنا ناھىيىلەرنى ۋە مۇشۇ ناھىيە ئىچىدىكى ھەرقايسى يېزا، بازار كەنتلىرىدىكى تاشيول تورلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان غول يولدۇر. تاشيولنىڭ ھەرقايسى ئوچاستكىلىرىنى ناھىيىلىك تاشيول ئاسراش ئەترىتى ياسايدۇ ۋە رېمونت قىلىدۇ. ناھىيىلىك ماشىنا ئەترىتى ۋە يېزا - بازارلاردىكى ئومۇمنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ماشىنىسى 189 بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئاساسىي قاتناش - توشۇش ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

لوپنىڭ زېمىنى قەدىمكى زاماندا جەنۇبىي يىپەك يولىغا جايلاشقان مۇھىم جاي بولۇپ، قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. قەدىمدىن قالغان ئاسار ئەتىقە مىراسلىرىنىڭ ئورنى كەڭ، تارىخىي، مەدەنىي يادىكارلىقلار كۆپ. سامپۇلدىكى قەدىمكى قەبرىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئىككى قېتىم قېزىپ تەكشۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى

قوزغىدى. ئاقسۇپىل قەدىمكى شەھەر خارابىلىقى، باغدات مازىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي يادىكارلىقنى قوغداش ئورنى ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىي يادىكارلىقنى قوغداش ئورنىدىن يەنە راۋاق بۇتخانىسى بار.

# لوپ ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۆزگىرىشى

چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە لوپنىڭ شەرقى تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى يېشىلزارلىقىدىكى 36 شەھەرىستان دۆلەتلىرى ئىچىدىكى يۈيەى (ئۇزۇنتاتى) دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. ئۇنىڭ غەربى ئۇدۇن دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. ئۇ چاغدا ھونلار كۈچلۈك خانلىق سۈپىتىدە شىمالدا قۇدرەت تېپىپ، غەربىي يۇرتلارنى تىزگىنلەپ تۇراتتى. ھەرقايسى شەھەرلىك دۆلەتلەر ھونلارنىڭ قورغىنىدا قۇرغان «تۇڭ پۇ دۇ ۋى» (童仆都尉) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىڭ جۆەننىڭ 3-يىلى (مىلادىدىن بۇرۇن 59-يىلى) غەربى خەن سۇلالىسى ھونلارنىڭ غەربىدە تۇرۇشلۇق پادىشاھ شەنشىڭ شەننى ئۆزىگە تەسلىم بولۇشقا قىستىغاندىن كېيىن، قورغانلار بىر-بىرلەپ غەربى خەن ھۆكۈمىتىگە بىرلەشتۈرۈلدى ۋە قورغانلاردۇخۇ مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلارنى بىر تۇتاش باشقۇردى. خەن مىڭدى زامانىسىدىكى يۇڭ پىڭ نىڭ 4-يىلى (مىلادى 61-يىلى) ئۇدۇن دۆلىتى گۇما، چىرا، يۈيەمى (ئۇزۇنتاتى) دۆلەتلىرىنى بىرلەشتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن لوپتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر ئۇدۇن دۆلىتىگە تەۋە بولدى. تاڭ سۇلالىسىغىچە ئۇدۇن قورغىنىغا تەۋە بولۇپ، ھازىرقى ئاقسىپىل قەدىمكى شەھەر خارابىلىقى قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ مۇھىم ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، دىنى مەركىزى ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەن پىڭ نىڭ 4-يىلى (مىلادى 1001-يىلى) قارا خانىلار سۇلالىسى قوشۇلۇپ كېتىپ قورغانلاردىكى بۇددا دىنى مەركىزىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىندى. چاغاتايخان خانلىقى دەۋرىدە موڭغۇللار پادىشاھى ئالۇغۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە ئۇدۇن دۆلىتىگە قاراشلىق ئالتە شەھەرنىڭ بىرسى بولدى. ئۇنىڭ دائىرىسى ھازىرقى يۇرۇڭقاش ئىدى (سامپۇل، لوپ ئىككى كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇاڭشۈينىڭ 28-يىلى (مىلادى 1902-يىلى) «خوتەننىڭ شەرقىدىن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى 15 كەنتنى، كېرىيەنىڭ غەربىدىن يېڭىلەڭگەرنىڭ غەربىدىكى 23 كەنتنى لوپقا ئايرىپ بېرىپ، ناھىيە قۇرۇلدى»ۋە خوتەن بىۋاستە ۋىلايەتنىڭ قارمىقىدا بولدى. شۇ چاغدا لوپ سامپۇل مىڭ بەگلىكى، ئالتىلە مىڭ بەگلىكى، تەۋەككۈل مىڭ بەگلىكى دىگەن ئۈچ مىڭ بەگلىككە ئايرىلغان، «شىنجاڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى قۇرۇلما 1-»، ناھىيىدە بىردىن ناھىيىلىك شىڭتەي جىڭشەن (ھاكىم)، دىيەنسى (قانۇنچى) قويۇلغان، ناھىيىدە ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى، قاراۋۇللۇق كالۇن، چارۋا باج ئىدارىسى قۇرۇلغان.

1912-يىلدىن كېيىن پۈتۈن ناھىيىنى تۆت رايونغا ئايرىغان، يەنى: شەرقى رايون (ناھىيە

تۇرۇشلۇق بازار)، جەنۇبى رايون (هازىرقى سامپۇل ئەتىراپى)، غەربى رايون (هازىرقى چارباغ)، شىمالى رايون (هازىرقى دول، هاڭگىي ئەتراپى).

1920 ـ يىلى لوپ ناھىيە خوتەن دوتەيىنىڭ قارمىقىدا بولغان. 1921 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىش مەھكىمىسى قۇرۇلغان. 1928 ـ يىلى خوتەن دوتەيىنى خوتەن مەمۇرىي رايون قىلىپ ئۆزگەرتكەندە، لوپ ناھىيە يەنىلا ئۇنىڭغا قاراشلىقلارنىڭ بىرسى قىلىنغان. 1934 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە لوپ ناھىيىسى لوپ، يۇرۇڭقاش، سامپۇل، شى شاڭ (غەربى يېزا)، هاڭگىي، تەۋەككۇلدىن ئىبارەت 6 مەمۇرىي رايونغا بۆلۈندى. بىرىنچى رايون (لوپ بازار ئىچى)دا بەش كەنت، 2 ـ رايون (يۇرۇڭقاش)دا 12 كەنت، 3 ـ رايون نەنشاڭ (جەنۇبى يېزا يەنى سامپۇل)دا 10 كەنت، 4 ـ رايون شى شاڭ (غەربى يېزا يەنى چارباغ)دا ئالتە كەنت، 5 ـ رايون (هاڭگىي)دا بەش كەنت، 6 ـ رايون (تەۋەككول)دا ئالتە كەنت بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە جەمئىي 45 كەنت قۇرۇلدى. 1938 ـ يىلى يەنە قايتىدىن لوپ، نەنشاڭ (جەنۇبى يېزا)، شىشاڭ (غەربى يېزا)، يۇرۇڭقاش، هاڭگىي، تەۋەككول دىگەن ئالتە مەمۇرىي رايونغا ئايرىلدى. 1942 ـ يىلى ناھىيىدە كاتىپ، خەلق ئىشلار، مالىيە، مائارىپ، قۇرۇلۇش قاتارلىق بۆلۈملەر ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇنداقلا ئەسلىدىكى ئالتە مەمۇرىي رايوننى لوپ، دول، نەنشاڭ (جەنۇبى يېزا) هاڭگىي، شىشاڭ (غەربى يېزا)، يۇرۇڭقاش، جىيا، تەۋەككۇلدىن ئىبارەت سەككىز مەمۇرىي رايون، 4 بىۋاستە قاراشلىق يېزىغا ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا 116 كەنت قۇرۇلدى ۋە ھەرقايسى رايونلاردا دىگودەك رايونلۇق مەھكىمە قۇرۇلدى. 1943 ـ يىلى خوتەن 7 ـ مەمۇرىي نازارەت قىلىش ۋالى مەھكىمىسگە ئۆزگەرتىلدى. لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇقىرى بىلەن بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئۆزگەرمىدى. ناھىيىدە باج ئىدارىسى، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇشۇپ تەسىس قىلىندى. جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1944 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە يېزا، بازارلاردا بوجاڭ، جاجاڭ تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. پۈتۈن ناھىيە 4 جېن (بازار) 19 شاڭ (يېزا)غا ئايرىلدى، يەنى: ۋىنخۇاجېن (مەدىنىيەت بازار)، يۈيلۇڭ جېن (يۇرۇڭقاش بازار)، نەنشىن جېن (جەنۇبى گۈللىنىش بازىرى)، فۇشىن جېن (قايتا گۈللىنىش بازىرى) دىگەن 4 جېنغا ۋە گوڭنۇڭشاڭ (ئىشچى ـ دېھقانلار يېزىسى)، بېيخې شاڭ (شىمالى تىچلىق يېزىسى)، خېپىڭشاڭ (تىچلىق يېزىسى)، شىنيۈيشاڭ (يېڭى يېتىشتۈرۈش يېزىسى)، فۇمىنشاڭ (پۇقرالارنى بېيىتىش يېزىسى)، شىن فاشاڭ (يېڭىدىن راۋاجلاندۇرۇش يېزىسى)، شۇنخېشاڭ (مولايىم يېزا)، جوڭچېڭشاڭ (ساداقەت يېزىسى)، نۇڭچېڭشاڭ (ئىشچانلار يېزىسى)، فەنشىنشاڭ (گۈللەندۈرۈش يېزىسى)، شىشىڭشاڭ (غەربى گۈللىنىش يېزىسى) سۈيخېشاڭ (تىچلاندۇرۇش يېزىسى)، مىن فىڭشاڭ (خەلقنى باي قىلىش يېزىسى)، خۇامىن شاڭ (جۇڭگو پۇقرالىرى يېزىسى)، نۇڭ فىڭ شاڭ (دېھقانلارنى بېيىتىش يېزىسى)، شىنيىشاڭ (ئىشەنچ يېزىسى)، رىنيە شاڭ (ئىشىنىش يېزىسى) دۇڭيېشاڭ (شەرق سەنئىتى يېزىسى)، جىگوڭشاڭ (ئومۇمنى قوتقۇزۇش يېزىسى) دىگەن 19 شاڭ (يېزا)غا ئايرىلدى. يېزا ـ بازار ئاستىدا 267 بو قۇرۇلدى. بو ئاستىدا 2738 جا قۇرۇلدى. 1947 ـ يىلى يەنە بىرلەشتۈرۈلۈپ قورغان، سامپۇل، هاڭگىي، يۇرۇڭقاش

دېگەن تۆت بازار ۋە تەۋەككۇل، بۇيا، چارباغ، دول، ناۋا دېگەن بەش چوڭ يېزا قۇرۇلدى. كېيىن يەنە لوپ، يۇرۇڭقاش دېگەن ئىككى بازارغا ئۆزگەرتىلىپ، جىيا، بۇيا، بېزلىي، ناۋا، سامپۇل، گىجا، چالمىي، جىممىي، بامىي، ھاڭگىي، كونا ھاڭگىي، ياندۇرما، راخمانپۇر، تەۋەككۇل، قۇمات دېگەن 15 يېزا قۇرۇلدى. 1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا توققۇز مەمۇرى رايون (جەمئىي 42 يېزا)غا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى.

1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپ ناھىيىلىك كومىتېت قۇرۇلدى. 4 ـ ئايدا لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىگە تەۋە بولدى. لوپتىكى بۇرۇنقى تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىلىق تۈزۈم ئۆزگەرتىلىپ يەتتە رايون (جەمئىي 47 يېزا، 438 كەنت) قۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى لوپ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا شەھەر ئەتىراپى رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، لوپ جىن (بازار) قۇرۇلدى. پۈتۈن ناھىيە يەنە قورغان، يۇرۇڭقاش، سامپۇل، چارباغ، ھاڭگىي، دول، جىيادىن ئىبارەت يەتتە رايون (جەمئىي 44 كەنت)، بىر بىۋاستە قاراشلىق يېزا (چەندۆڭ يېزىسى)غا ئۆزگەرتىلدى. 1956 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قورغان رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ 7 ـ رايون (جىيا) 1 ـ رايونغا ئۆزگەرتىلدى. قالغانلىرىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. ئاستىدا 44 يېزا بىر بازار قۇرۇلدى. 1957 ـ يىلى يېزىنى ئاساس قىلىپ ئالىي كوپېراتسىيە قۇرۇلدى. 1958 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پۈتۈن ناھىيىدە 15 خەلق كوممۇناسى، ئىككى دېھقانچىلىق مەيدان قۇرۇلدى. ئۇلار:

شەرق شامىلى كوممۇنا ــ جىيا رايون 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ يېزا، جىيا بازار، سۇيادىن تەركىپ تاپقان.

سۈنئىي ھەمرا كوممۇنا ــ جىيا رايون 4 ـ، 5 ـ يېزا، تامئېغىل بىلەن سولۋۇنىڭ بىر قىسمىدىن تەركىپ تاپقان.

تىنچلىق كوممۇنا ــ يۇرۇڭقاش 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ يېزا، ئالتىلە كەنت، قۇتچى كەنت، بۇيا كەنتىدىن تەركىپ تاپقان.

قىزىليۇلتۇز كوممۇنا ــ يۇرۇڭقاش رايون 3 ـ، 4 ـ يېزىنىڭ بىر قىسمىدىن ۋە چالمىي كەنتىدىن تەركىپ تاپقان.

قىزىلبايراق كوممۇنا ــ سامپۇل رايون 1 ـ 2 ـ يېزىدىن تەركىپ تاپقان؛

بەخت كوممۇنا ــ سامپۇل رايون 3 ـ، 5 ـ يېزىدىن تەركىپ تاپقان؛

يېڭىھايات كوممۇنا ــ سامپۇل رايون 4 ـ يېزا، بېزلىي ۋە قاراقىر كەنتىدىن تەركىپ تاپقان.

نۇرلۇق كوممۇنا ــ چارباغ رايون 1 ـ، 5 ـ يېزا، جىممىي، چارباغ، ئايماق، گىجا، بامىي قاتارلىق كەنتلەردىن تەركىپ تاپقان؛

قەھرىمان كوممۇنا ــ چارباغ رايون 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ يېزىنىڭ بىر قىسمىدىن، گىجا، يۇقىرى بامىي، تۆۋەن گىجا قاتارلىق كەنتلەردىن تەركىپ تاپقان.

ئالتۇنيۇلتۇز كومموُنا ـــ ھاڭگىي رايون 1 ـ، 2 ـ يېزىدىن تەركىپ تاپقان؛
بەشيۇلتۇز كومموُنا ـــ ھاڭگىي رايون 3 ـ، 4 ـ يېزىدىن تەركىپ تاپقان.
غالىبىيەت كومموُنا ـــ دول رايون 1 ـ، 2 ـ يېزىدىن تەركىپ تاپقان؛
دۆلەتقۇرۇلشى كومموُنا ـــ دول رايون 3 ـ، 4 ـ يېزىدىن تەركىپ تاپقان؛
راكىتا كومموُنا ـــ دول رايون 5 ـ يېزا ۋە ھاڭگىي رايون 5 ـ يېزىدىن تەركىپ تاپقان؛
قىزىليۇلتۇز كومموُنا ـــ قورغان يېزا، دول رايون 6 ـ يېزا، ساماپۇل رايون 6 ـ يېزىدىن تەركىپ تاپقان.

1959 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئالتە كومموُناغا ئايرىلغان ۋە ئاستىدا 33 باشقۇرۇش رايون، 204 دادۈي① قۇرۇلغان. ئالتە كومموُنا:

قىزىليۇلتۇز كومموُنا ـــ ئەسلىدىكى لوپ قورغان يېزا؛
تاشقىن كومموُنا ـــ ئەسلىدىكى شەرق شاملى، قىزىليۇلتۇز، سۇنئىي ھەرا، تىچلىق كومموُنالىرىدىن تەركىپ تاپقان؛
قىزىلبايراق كومموُنا ـــ ئەسلىدىكى قىزىلبايراق، بەخت، يېڭىھايات، قىزىليۇلتۇز كومموُنالىرىدىن تەركىپ تاپقان؛
ئۇچقۇن كومموُنا ـــ ئەسلىدىكى نۇرلۇق، قەھرىمان كومموُنالىرىدىن تەركىپ تاپقان؛
يالقۇن كومموُنا ـــ ئەسلىدىكى ئالتۇنيۇلتۇز، بەشيۇلتۇز، راكىتا كومموُنالىرىدىن تەركىپ تاپقان؛
شەرقشاملى كومموُنا ـــ ئەسلىدىكى غالىبىيەت، دۆلەت قۇرۇلۇشى، راكىتا كومموُنالىرىدىن تەركىپ تاپقان؛
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلىدىكى ھەرقايسى رايونلۇق مەھكىمىلەر كومموُنا باشقۇرۇش كومىتېتقا، رايونلۇق كومىتېت بولسا كومموُنا پارتكومىغا ئۆزگەرتىلدى.

1960 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جىيا تاشقىن كومموُنادىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل ھالدا يېڭى قۇرۇلۇش كومموُناسى بولۇپ قۇرۇلدى، ناۋا بولسا قىزىلبايراق كومموُنادىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل ھالدا مەڭگۈ مولھوسۇل كومموُناسى بولۇپ قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ناھىيىدە سەككىز كومموُنا، بىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدان قۇرۇلدى.

1969 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق كومىتېت ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەر بىرتۇتاش ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى.

---

ئىزاھات ① دادۈي ـــ خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، چوڭ ئەترەت دېگەن مەنىدە. ئاتاپ ئادەتلىنىپ قالغاچقا ئۆز ئەينى ئېلىندى.

1973 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقى ئارقىلىق قىزىلبايىراق دېھقانچىلىق مەيدان ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەرققىزاردى كوممۇناسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ناھىيىدە توققۇز كوممۇنا قۇرۇلدى.

1978 ـ يىلى يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، كوممۇنالارنىڭ نامى بىردەك ئەسلىدىكى يەرلىك نامىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇلار:

| ئەسلىدىكى نامى | ئۆزگەرگەن نامى | قاراشلىق ئورۇن |
|---|---|---|
| قىزىلىيۇلتۇز كوممۇنا | لوپ كوممۇنا | 13 دادۈي 1 دېھقانچىلىق مەيدان |
| تاشقىن كوممۇنا | يۇرۇڭقاش كوممۇنا | 40 دادۈي 1 دېھقانچىلىق مەيدان |
| يېڭىقۇرۇلۇش كوممۇنا | جىيا كوممۇنا | 19 دادۈي 1 دېھقانچىلىق مەيدان |
| قىزىلبايىراق كوممۇنا | سامپۇل كوممۇنا | 22 دادۈي 1 دېھقانچىلىق مەيدان |
| ئۇچقۇن كوممۇنا | چاۋاغ كوممۇنا | 35 دادۈي 1 دېھقانچىلىق مەيدان |
| يالقۇن كوممۇنا | هاڭگىي كوممۇنا | 33 دادۈي 1 دېھقانچىلىق مەيدان |
| شەرقشاملى كوممۇنا | دول كوممۇنا | 29 دادۈي 2 دېھقانچىلىق مەيدان |
| شەرققىزاردى كوممۇنا | بەشتوغراق كوممۇنا | 8 دادۈي |
| مەڭگۇ مول هوسۇل كوممۇنا | ناۋا كوممۇنا | 9 دادۈي |

1981 ـ يىلى 12 ـ ئايدا لوپ ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى رەسمىي ماقۇللاندى ۋە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى، لوپ ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلدى.

1984 ـ يىلى 2 ـ قېتىملىق يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، يەرناملىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، بىرقىسىم يەرناملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق هاكىمىيەت بىلەن كوممۇنانى ئايرىپ، ھەرقايسى يېزا، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلدى. پۈتۈن ناھىيە مەمۇرى جەھەتتە ئومۇمەن سەككىز يېزا، ئىككى بازار، 190 كەنت كومىتېت، بەش ئاھالە كومىتېتقا ئايرىلدى. ئۇلار:

| ئەسلى نامى | ئۆزگەرگەن نامى | تورۇشلۇق ئورنى | قاراشلىق كەنت (ئاھالە) كومىتېت |
|---|---|---|---|
| لوپ كوممۇنا | لوپ بازىرى | يېڭىبازار | 17 كەنت كومىتېت، بەش ئاھالەكومىتېت |
| جىيا كوممۇنا | جىيا يېزىسى | تېرەكلىك | 13 كەنت كومىتېت |
| يۇرۇڭقاش كوممۇنا | يۇرۇڭقاش بازىرى | يۇڭبازار | 12 كەنت كومىتېت |
| يۇرۇڭقاش كوممۇنا | بۇيا يېزىسى | بۇيا مازار | 17 كەنت كومىتېت |
| ناۋا كوممۇنا | ناۋا يېزىسى | پادىچىمەھەللە | 11 كەنت كومىتېت |

| | | | |
|---|---|---|---|
| سامپۇل كوممۇنا | سامپۇل يېزىسى | شەنبەبازار | 22 كەنت كومىتېتى |
| چارباغ كوممۇنا | چارباغ يېزىسى | كۆلئېرىق | 32 كەنت كومىتېتى |
| ھاڭگىي كوممۇنا | ھاڭگىي يېزىسى | قۇمباغ | 36 كەنت كومىتېتى |
| دول كوممۇنا | دول يېزىسى | يولچىكۆل | 20 كەنت كومىتېتى |
| بەشتوغراق كوممۇنا | بەشتوغراق يېزىسى | چوڭيول | 10 كەنت كومىتېتى |

## لوپ ناھىيىسىنىڭ سۇ بايلىق مەنبەسى، سۇ قۇرۇلۇش ئومۇمىي ئەھۋالى

لوپ ناھىيىسىنىڭ دەريا-ئۆستەڭلىرى ئومۇمەن كونلۇن تېغىدىن باشلىنىپ، مۇز-قار ئېرىتمىلىرىدىن دەريا ئېقىنى شەكىللەنگەن. ئۇ چوڭقۇر ئىدىر-جىلغىلار ئارقىلىق چۆل باياۋانغا كىرىپ تاغ ئالدىدىكى يانتۇ تۈزلەڭلىكتىكى كەڭ دېھقانچىلىق تېرىلغۇ رايونلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ ۋە شىمالدىكى تەكلىماكان چۆلگە سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ يەردە ئاساسەن 6 دەريا ئېقىنى بار.

يۇرۇڭقاش دەرياسى: كونلۇن تاغ سىستېمىسىدىكى مۇزتاغنىڭ جەنۇبىدىكى چاڭچەمەن داۋىنىدىن باشلىنىدۇ. ئۇ لوپ ناھىيىسى بىلەن خوتەن ناھىيىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىل دەريا، شۇنداقلا لوپ ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق سۇغۇرۇش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ناھىيىدىن ئېقىپ ئۆتۈش ئۇزۇنلۇقى 190 كىلومېتىر، ئېقىپ ئۆتۈش زېمىن كۆلىمى 14 مىڭ 576 كۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكونتىغا 73.2 كۇب مېتىر، كەلكۈن مەزگىلىدە ئەڭ زور ئېقىن مىقدارى سېكونتىغا 1460 كۇب مېتىر، سۇسىز مەزگىلدىكى ئەڭ ئاز ئېقىن مىقدارى سېكونتىغا 2.3 كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 2 مىليارت 300 مىليوندىن 2 مىليارت 500 مىليون كۇب مېتىرغىچە كېلىدۇ. يىل بويى لوپ ناھىيىسىگە ئاقىدىغان سۇ مىقدارى 650 مىليون كۇب مېتىر، سوغۇرۇش كۆلىمى 490 مىڭ مو.

ئاچچىق دەرياسى: ئايىغىنىڭ سۈيى ئاچچىق بولغاچقا ئاچچىق دەرياسى دەپ نام ئالغان، بۇ دەريا ئوتتۇرا تاغ بەلباغلىرىدىن باشلىنىدۇ. مۇز-قار ئېرىتمىسىدىن ھاسىل بولغان، سۇ ئاز بولغاچقا پەسىل خاراكتېرلىق دەريا ئېقىنىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكونتىغا 0.44 كۇب مېتىر، يىللىق ئومۇمى ئېقىن مىقدارى سېكونتىغا 14 مىليون كۇب مېتىر، 6-ئاي كەلكۈن مەزگىلى بولۇپ، ئايلىق ئېقىن مىقدارى يۇقىرى بولغاندا 6 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، قالغان ئايلار ئاساسەن سۇسىز مەزگىلى بولۇپ، ئوتتۇرىچە ئايلىق ئېقىن مىقدارى 400 مىڭ كۇپمېتىر، سۇدىكى لاي لاتقىلار كۆپ بولغاچقا سۇ ئامبىرى ياساپ سۇ ساقلاشقا ئەپسىز. بۇ دەريا سامپۇل يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتىدىكى 32 كىلومېتىرلىق يېزا ئىگىلىك تېرىلغۇ رايونىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئېقىن رايونى ئىچىدە 2950 مو تېرىلغۇ يەر سۇغۇرىلىدۇ.

ساقى دەرياسى، قۇراملىق دەرياسى، ئوتتۇراقىر دەرياسى ۋە پاختىلىق دەرياسى ئومۇمەن كونلۇن تاغلىرىنىڭ ئالدىنقى تاغ بەلبېغىدىن باشلىنىدۇ. ھۆل يېغىن كۆپ بولمىغانلىقتىن پەسىل خاراكتېرلىك دەريا ھېسابلىنىدۇ. كەلكۈن مەزگىلى قىسقا، قۇرغاق مەزگىلى ئۇزۇن، يەنە كېلىپ، يېشىل بەلباغدىن كۆپ يىراقتا بولغاچقا سۇ چۆلگە ئېقىپ كىرىپ كېتىپ، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرۇشقا قىلچە پايدىسى تەگمەيدۇ. لېكىن يول بويىدىكى پەسىللىك يايلاق يېتىشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ناھىيىمىزنىڭ يەر ئاستى سۇ مەنبەسى مول، تەكشۈرۈش ئارقىلىق سۇنىڭ تۇرغۇن مىقدارى

56 ملىيارت كۇب مېتىر، تەڭشەش مىقدارى 221 مىليۇن كۇب مېتىر، ئېچىش مىقدارى 191
مىليۇن كۇب مېتىر، ئومۇمەن يۇشۇرنىشى ئۆزە، سۇنىڭ يەر ئاستى ئورنى ئوتتۇرا ھىساب بىلەن
5ـ3 مېتىر، بولۇپمۇ ناھىيىنىڭ شەرقى شىمال قىسمىدا يەر ئاستى سۇيىنىڭ ئوتتۇرىچە ئورنى
5ـ1 مېتىر بولۇپ، بۇندىن كېيىن يەر ئاستى سۇيىنى ئېچىشتا كۆڭۈلدىكىدەك سۇ مەنبەسى
قۇرۇلۇشى قىلغىلى بولۇدىغان جاي ھىساپلىنىدۇ، ناھىيە تەۋەسىدە 10 نەچچە جايدا بۇلاق
ئېچىلدى. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 80 مىليون كۇب مېتىر، ئەتىياز پەسلىدىكى بۇلاق سۇ
مىقدارى 21 مىليۇن كۇب مېتىر، كۈز پەسلىدىكى بۇلاق سۇ مىقدارى 22 مىليۇن 700 مىڭ
كۇب مېتىر، ھازىر ھاڭگىي، راخمانپۇر، جىيا، لوپتىكى بۇلاق سۇيىنى ئېچىپ پايدىلىنىۋاتىدۇ.
بۇنىڭ ناھىيىمىزنىڭ قىش، ئەتىياز پەسلىدىكى يېزا ئىگىلىك سۇغۇرۇش ئىشلىرىدا رولى ناھايىتى
چوڭ بولماقتا. يەر ئاستى سۇيىنى ئېچىپ پايدىلىنىشتا ناھىيىمىز 107 قۇدۇق قازدى. قۇدۇق-
نىڭ يەككە ئېقىش مىقدارى سېكونتىغا 0.02 كۇب مېتىر پىلانلانغان. سۇ چىقىرىش مىقدارى
8 مىليۇن 660 مىڭ كۇب مېتىر، لېكىن ئېلېكتىرمەنبەسى قىس، ھەم قىممەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە
قۇدۇقنى يۇرۇشلەشتۇرۇش تولۇق بولماي، لايىھەلەش ئىقتىدارىغا يېتەلمىگەن. ئەمەلى
سۇ چىقىرىش مىقدارى ئوتتۇرا ھىساب بىلەن 3 مىليۇن كۇب مېتىر بولماقتا.


لوپ ناھىيىدە 1964ـيىلى پۈتۈن ناھىيىنىڭ سۇغۇرۇش رايونىنى ئومۇملاشتۇرۇپ
پىلانلىغان ئىدى. 1965ـيىلى پۈتۈن ناھىيىنىڭ كونا سۇغۇرۇش رايونىنى زور كۆلەمدە ئۆز-
گەرتتى. بىرقانچە يىلدىن بويان ئۇنىڭغا ئومۇمەن 39 مىليۇن 647 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سالدى.
ئۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا بەرگەن مەبلىغى 4 مىليۇن 839 مىڭ يۈەن، كەلكۈندىن
مۇداپىئە كۆرۈش مەبلىغى 766 مىڭ 200 يۈەن، ئۆزى قوشقان مەبلەغ 28 مىليۇن 417 مىڭ
600 يۈەن، كەتكەن ئەمگەك كۈچى 28 مىليۇن كۈن، ئومۇمى پىلاندىكى قۇرۇلۇشنىڭ ئورۇن-
لىنىش مىقدارى 12 مىليون 825 مىڭ 100 كۇب مېتىر، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 2535.67 كىلومېتىر
ئۇزۇنلۇقتا 3280 ھەرخىل ئۆستەڭ ئۆزگەرتىپ ياسالدى ۋە ئاۋۇتۇلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە
باشقۇرغان باش غول ئۆستەڭ بىر بولۇپ، ئۇزۇنلىقى 6.5 كىلومېتىر، ئەڭ زور سۇ ئۆتۈش
مىقدارى سېكونتىغا 135 كۇب مېتىر، شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى غول ئۆستەڭگە بۆلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ
ئۇزۇنلىقى 41.38 كىلومېتىر، ھەرقايسى يېزا ـ بازارلارغا ئاقىدىغان غول ئۆستەڭ 20 بولۇپ، ئومۇمىي
ئۇزۇنلىقى 271.87 كىلومېتىر، تارماق ئۆستەڭ 80 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 250 كىلومېتىر،
ئوق ئېرىق 789، ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 859 كىلومېتىر، سولاغ ئېرىقى 2395 بولۇپ ئومۇمىي
ئۇزۇنلىقى 10143.35 كىلومېتىر، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 254 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تاش ياتقۇ
زولغان سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىڭى ياسالدى. سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ئۈستىڭى ھەرخىل ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلىقىنىڭ 7.89 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ.
شۇنداقلا 2 سۇ كىرگۈزۈش زاكۇ① ۋە بىر سۇ تەخسىم قىلىش باش زاكۇ ياسالدى. ھەرقايسى

ئىزاھات: ① زاكۇ دىگەن خەنزۇچە سۆز بولۇپ ئۇيغۇرچە سېمونت بىلەن قاتۇرۇلغان ئازما دىگەن
مەنىدە. ئۇيغۇرچە زاكۇ دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەنلىكتىن شۇ بويىچە ئېلىندى.

يېزا بازارلاردا 624 زاكۇ، 59 كۆۋرۈك، 90 سەكرەتمە، 13 تاناي ياسالدى. 197 تۇرلۇك ئوق ئۆستەڭنىڭ يۇرۇشلەشكەن قۇرۇلۇشى ئىشلىنىپ بولدى. 2 ئورۇندا سۇ ئامبىرى ئىشلىنىپ پۈتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قاراكۆل سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ سىغىمچانلىقى 22 مىليون كۇب مېتىر، ئومۇمىي سۇغۇ-رۇش كۆلىمى 39 مىڭ 500 مو، ئۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى سۇغۇرۇش كۆلىمىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ. سۇغۇرۇش رايونىنى ئۆزگەرتىپ ياساشقا ماسلاشقان ھالدا سۇ بايلىق مەنبەلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىلدى. ناھىيىمىزدە 6 ئورۇندا كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستان-سىسى ياسالدى. ئومۇمىي قۇراشتۇرۇلغان ماشىنىنىڭ سىغىمچانلىقى 1400 كىلوۋات بولۇپ، كەڭ يېزىلار ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە ئېنېرگىيە كۈچى بىلەن تەمىن ئەتتى.

لوپ ناھىيىسىنىڭ سۇ قۇرۇلۇش بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ پىلانلاشنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلىشى يېزا-بازارلاردىكى مۇكەممەلراق بولغان دېھقانچىلىق ئېرىق-ئۆستەڭ سىستېمىسىنى قۇرۇپ بەردى. ئۆتمۈش بىلەن سېلىشتۇرغاندا سۇنى ئېچىش ۋە سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى 40 پىرسەنت ئۆستۈرۈلدى. سۇغۇرۇش كۆلىمى 1949-يىلدىكى 300 مىڭ مودىن 1984-يىلدىكى 490 مىڭ موغا يەتتى. ناھىيىمىزنىڭ تارىخىدا بۇرۇندىن تارتىپ «كەلكۈن سۈيى بار تۇرۇپ يەرلەر قۇرۇپ كېتىش» ھادىسىسى ئاساسەن يوقۇتۇلدى.

# مەمۇرىي رايون ۋە تەبىئىي كەنتلەر نامى


لوپ بازار يەرنامىخەرىتىسى
1 : 50000
چولاقتىرەك
باشپىچەكچى
جىمى
چار
باغ
ئۆستەڭئۆچى
كۆكۆمەت
چوڭقۇر ئېرىق
چوجە مەھەللە
كوچا ئېرىق
يېزا
هاڭگى
راخمانيۇر
دول
تۆگمەنئايماق
تاپان
يوبدانمەھەللە
چاپانئايماق
مازارئېرىق
باشچاپال
جارمەھەللە
ھەزنتەئېرىق
غىنى
قوزغان
بايتالمەھەللە
قارنغۇ مەھەللە
سوقامەھەللە
قارادۆۋە
(بۇغرا كوچا)
كۆمبات
كۆكۈتچەمەھەللە
قاينچاپال
خاپانئېرىق
چاپاللەگكەر
دوغرا ئېرىق
ئاچا
قىيشەمەھەللە
ئېگىز ئېرىق
بوشقان
(چوجە مەھەللە)
كۆۋا مەھەللە
ئۆزمەلىكئېرىق
جايتىرەك
سەيشەنبە بازار
ئۇتتۇرا بوشقان
(كاۋامەھەللە)
يېڭىبازار
پەرەكوچا
لوپ بازار
قىرقاش
دۆۋەت (شىتمەھەللە)
كونا بازار
توغراقئالدى
لاتا كوچا
قومچاقباغ
خالۋاپ
جالانمەھەللە
دول تۆگمەنبىشى
دۆكسېرىق
تاختا كۆۋرۈك
قوغاچئېرىق
باچكۇ مەھەللە
دول خەلپە ئېرىق
قاراكۆل
خەلپە چۆشورگە
باشدول
ئاخۇنئېرىق
سامپۇل
سامپۇل
بايدىڭكۆل

# لوپ بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى



شىلدىرلاپ ئاققان سۇ، ئاپتاپ چۈشمەيدىغان يول.

لوپ بازىرى ـ لوپ ناھىيىسى تۇرۇشلۇق جاي، بازارنىڭ شىمالى ھاڭگىي يېزىسىنىڭ راخمانپۇر ئۆستىڭى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقى دول يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبى سامپۇل يېزىسى بىلەن، غەربى چارباغ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمى كۆلىمى 38.5 كۋادرات كىلومېتىر، 5 ئاھالە كومىتېتى، 17 كەنت كومىتېتى، 38 تەبىئىي كەنت قارايدۇ. 3337 ئائىلە، 13 مىڭ 56 نوپۇس بار، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 11 مىڭ 101 كىشى، خەنزۇ 1820 كىشى، خۇيزۇ 29 كىشى، قازاق 65 كىشى، مانجۇ بىر كىشى.

لوپ بازىرى لوپ كەنتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن لوپ دەپ ئاتالغان، تارىختا بۇ يەر قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىگە قاراشلىق يۇرۇڭقاش كەنتىدىكى ئىككى مەھەللىنىڭ بىرسى ئىدى. ناھىيە قۇرۇلغىچە بۇ يەر بىر كىچىك كەنت بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق 2 مەھەللىنىڭ بىرى دولپۇر دەپ ئاتىلاتتى. شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلار لوپ بىلەن دولپۇرنى قېتىپ دولپۇر دەپمۇ ئاتىشاتتى. ناھىيە قۇرۇلغان چاغدىمۇ بۇ يەر سامپۇل مىڭ بەگلىكىگە قارايتتى. ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن لوپ

ناھىيە نامى قىلىنغان. شۇڭا ئىزچىل لوپنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ كەلمەكتە.

1934 ـ يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە، پۈتۈن ناھىيە ئالتە مەمۇرى رايونغا بۆلۈندى، لوپ ناھىيە شەھەر ئىچى 1 ـ رايون بولدى. لوپ، قورغان، چاپال، راخمانپۇر، دول كەنتلىرى ئۇنىڭغا قاراشلىق قىلىندى.

1942 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە سەككىز مەمۇرى رايونغا ئۆزگەرتىلگەندە، لوپ شەھەر ئىچى يەنىلا 1 ـ رايون قىلىنىپ، 12 كەنت قاراشلىق بولدى.

1944 ـ يىلى بوجاڭ ـ جاجاڭ تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا لوپ شەھەر ئىچى بىر بازار ئىككى يېزىغا يەنى ۋىنخۇا جېن (مەدەنىيەت بازار)، خۇا مىنشاڭ (جۇڭگو پۇقرالىرى يېزىسى)، شىنىيشاڭ (ئىشىنىش يېزىسى)غا ئايرىلدى.

1947 ـ يىلى بىر بازار ئىككى يېزىنى لوپ بازار، راخمانپۇر يېزا دېگەنگە ئۆزگەرتتى.

1947 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پۈتۈن ناھىيە تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندە لوپ بازار بىلەن راخمانپۇر يېزىنى قوشۇپ ئەسلىدىكى قورغان بازارغا ئۆزگەرتىلدى.

1949 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە يەنى ئازاتلىق ھارپىسىغىچە قورغان بازارغا تەۋە بولدى.

1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن ناھىيە يەتتە رايونغا ئۆزگەرتىلدى. قورغان رايونى 1 ـ رايون بولدى ۋە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

1954 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 1 ـ رايوننى ئىككى رايونغا بۆلۈپ شەھەر ئەتراپى رايونى ئاۋۇتۇلدى.

1955 ـ يىلى شەھەر ئەتراپى رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، لوپ بازار قۇرۇلدى.

1956 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 1 ـ رايون (قورغان رايون) ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەتراپتىكى كەنتلەرنى قوشۇپ، قورغان كەنت ئاساس قىلىنغان ھالدا ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق قورغان يېزىسى قۇرۇلدى.

1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قورغان يېزا، سامپۇل 6 ـ يېزا (قىرقاش)، دول 6 ـ يېزا (بوشقان) لەردىن تەركىپ تاپقان لوپ قىزىليۇلتۇز كوممۇناسى قۇرۇلدى.

1959 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پۈتۈن ناھىيىدىكى 15 كوممۇنانى قىسقارتقاندا لوپ بازارنى تەسىس قىلىپ قورغان يېزا ئۆز ئالدىغا قىزىليۇلتۇز كوممۇنا بولۇپ قۇرۇلدى. رەھبەرلىك ئورگىنى كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى دەپ ئاتالدى.

1968 ـ يىلى كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى كوممۇنا ئىنقىلابى كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى.

1979 ـ يىلى لوپ كوممۇنا دەپ ئۆزگەرتىلدى.

1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىپ قۇرۇلغاندا، لوپ كوممۇنا لوپ بازار ۋە قورغان يېزا دەپ ئىككىگە ئايرىلدى ۋە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

1985 ـ يىلى 12 ـ ئايدا لوپ بازار بىلەن قورغان يېزا بىرلەشتۈرۈلۈپ، لوپ بازار (جېن) قۇرۇلدى ۋە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىندى.

لوپ بازارنىڭ ئەسلى شەھەر سېپىلى يوق ئىدى. تۆت ئەتراپى يېزىلار بىلەن تۇتىشىپ كېتەتتى. 1945 ـ يىلى لوپ شەھەر سېپىلى ياسالدى. سېپىل ئېگىزلىكى 4.75 مېتىر، تېگىنىڭ كەڭلىكى 3.5 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتىر، ئەتراپىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 3180 مېتىر ئىدى. پۈتۈن شەھەر ئىچى تۇخۇمدەك يۇمىلاق شەكىلگە چۈشۈرۈلگەن ئىدى. تۆت تەرىپىدە شەھەر دەرۋازىسى قويۇلغان، شەرقى دەرۋازىسى خۇيىنىگمىن (ئامانلىق دەرۋازىسى)، جەنۇبى دەرۋازىسى يۈيشۇمىن (تاغ مەنزىرىسى دەرۋازىسى)، غەربى دەرۋازىسى جېڭ بيەنمىن (چېگرا مۇداپىئە دەرۋازىسى)، شىمالى دەرۋازىسى شۈەنجىڭمىن (ھۆكۈمەت دەرۋازىسى) دەپ ئاتىلاتتى. شەھەر ئىچىدە تۆت دانە ئۆيداڭ ـ چوڭقۇر، ئەگرى ـ مايماق توپا يول (كوچا) بار ئىدى. شەھەر ئىچىدە پەقەتلا بىرقانچە ئائىلىلىك ناۋايخانا، ۋە پارچە ـ پۇرات دۇكان بار ئىدى. بىر ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 60 نەپەر ئوقۇغۇچىسى، ئوقۇتقۇچىلار بار ئىدى. ئازاتلىقنىڭ ھارپىسىغىچە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ساقچى ئىدارىسى، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قاتارلىق قىش ۋە ياغاچتىن ياسالغان تۆت ئورۇن قۇرۇلۇشىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغان كوچا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى پاكار ۋەدىك ئۆيلەر ئىدى. ھەرسەيشەنبە كۈنى بازار بولاتتى. شۇڭا لوپ بازىرىنى پۇقرا تىلىدا سەيشەنبە بازار دەپ ئاتىشاتتى.

لوپ بازىرى تاغ ئالدى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىكىگە كىرىدۇ. جەنۇبى تەرىپى ئېگىز، شىمالى تەرىپى پەس، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 1340 مېتىر ئېگىز. قىيپاشلىقى $\frac{1}{300}$ مېتىر، زېمىن تەۋەلىكىدىكى يەر ئاستى سۇ ئورنى ئېگىز، شورلۇق تۇپراق كۆپ، بازارنىڭ غەرب ۋە شىمال تەرىپىدە زور كۆلەملىك زەيلىك، سازلىق يەرلەر بار. ھاۋاسى قۇرغاق، شامال كۆپ چىقىدۇ. بۇ يەر تىپىك قۇرۇقلۇق چۆل خاراكتېرىدىكى ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتورا 11.5°C، تارىختىن بويانقى يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 34.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن.

لوپ بازىرى لوپ ناھىيىسىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، سودا، مەدەنىيەت مەركىزى ھېساپلىنىدۇ. ئازاتلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدىن بويان شەھەر ئىچى بارغانسىرى كېڭەيدى. ھازىرقى ناھىيە شەھەر ئىچى كۆلىمى ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. شەھەر ئىچى قۇرۇلۇشى رەتلىك، ئۆتمۈشتىكى كونا پاكار ئۆيلەردىن قىلچە ئەسەر قالمىدى. شەھەر ئىچىدىكى توققۇز كەڭ داغدام كوچا يوللار تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش يولغا ماي ياتقۇزۇلغان.

30 نەچچە يىلدىن بويان سودا ـ سانائەت تېز تەرەققى قىلدى. ھازىر گىلەم كارخانىسى، سېمونت زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ـ رېمونت قىلىش زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، يېمەك ـ ئىچمەك پىششىقلاش زاۋۇتى، سەيپۇڭچىلىق، ياغاچچىلىق قاتارلىق زاۋۇت ـ كارخانىلار قۇرۇلدى. بازار ئىچىدە سودا ئورۇنلىرى ھەممە يەرگە يېيىلغان.

ناھىيىلىك دوختۇرخانا، بازارلىق دوختۇرخانا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش پونكىتى، مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، كىنو ـ تىياتىرخانا، سەنئەت ئۆمىكى،

تەنتەربىيە مەيدانى، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قاتارلىق مەدەنىي، سەھىيە كەسپى ئورۇنلار مۇشۇ بازارغا جايلاشقان، 12 باشلانغۇچ مەكتەپ، 1716 نەپەر ئوقۇغۇچى، ئۈچ ئوتتۇرا مەكتەپ، 1866 نەپەر ئوقۇغۇچى بار، يەنە بىر پارتىيە مەكتەپ، بىر دېھقانچىلىق ماشىنسازلىق، دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى بار.

بازار ئەتراپى يېزىلىرى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 22 مىڭ 366 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، ئىقتىسادى زىرائەتلەردىن پاختا، مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك، قاتارلىقلار بار، 1985-يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 10 مىليون 90 مىڭ جىڭ، بىرلىك مەھسۇلاتى 743 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق 867 جىڭ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 240 مىڭ جىڭ، مايلىقدانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 215 مىڭ جىڭ، پىلە 9484.3 جىڭ، قوتاندىكى قالدۇق چارۋا 21 مىڭ 59 تۇياق.

يېقىنقى يىللاردىن بويان شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى يېزا قۇرۇلۇشى ناھايىتى تېز تەرەققى قىلدى. ھازىر بىر غول ئۆستەڭ، 13 تارماق ئۆستەڭ بار، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 21.7 كىلومېتىر، ئادەتتىكى سۇغۇرۇش ئېرىقلىرى 104 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 78.5 كىلومېتىر، ئاساسى ئورمان بەلباغ 13 پارچە، تاش يول 53 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 54 كىلومېتىر، ھازىر سالا ئېتىز، يول، ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە ئورمان بەلباغلىرى بىرگەۋدە قىلىنغان مەنزىرە شەكىللەندى. 1984-يىلى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

# ئۆلچەملىكناملار

**لوپ ناھىيىسى**

لوپ ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋال ماتېرىيالىغا قارالسۇن

**لوپ بازىرى**

لوپ بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋال ماتېرىيالىغا قارالسۇن

**بىرىنچى ئاھالە كومىتېتى**

ئورنى لوپ بازىرىنىڭ مەركىزىدىكى تۆت چاسا يول ئېغىزىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، بۇنىڭغا قاراشلىق رايوندا جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، ناھىيىلىك پارتكوم، 2-يىپنىك سانائەت ئىدارىسى، ناھىيىلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپ، 2-ئوتتۇرا مەكتەپ، 3-ئوتتۇرا مەكتەپ، پارتىيە مەكتىپى، نېفت شىركىتى، دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى، ئورۇقچىلىق شىركىتى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ناھىيىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قاتارلىق 16 ئورۇن بار. غەربىي جەنۇپتىن شەرققە قاراپ تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىرىنچى ئاھالە كومىتېت دەپ ئاتالدى.

**ئىككىنچى ئاھالە كومىتېتى**

ئورنى لوپ بازىرىنىڭ مەركىزىدىكى تۆت چاسا يول ئېغىزىنىڭ غەربىي شىمالىدا، بونىڭغا قاراشلىق رايوندا سودا ماگىزىنى، 2-يىپنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ بىناكارلىق كارخانىسى، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش-رېمونت قىلىش زاۋۇتى، سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى، پاختا زاۋۇتى، ناھىيىلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، يىمەك-ئىچمەكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قاتارلىق 15 ئورۇن بار، بۇلار رەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا تىزىلغانلىقى ئۈچۈن ئىككىنچى ئاھالە كومىتېت دەپ ئاتالدى.

**ئۈچىنچى ئاھالە كومىتېتى**

ئورنى لوپ بازىرىنىڭ مەركىزىدىكى تۆت چاسا يول ئېغىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، بۇنىڭغا قاراشلىق رايوندا ناھىيىلىك خەلق بانكىسى، تۈرلۈك ماللارنى توپ تارقىتىش شىركىتى، پارچە سېتىش شىركىتى، پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى، ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ، يەرلىك مەھسۇلات-لار شىركىتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ماشىنا ئەترىتى، كۇتۇپخانا قاتارلىق 10 ئورۇن بار، رېتى بويىچە ئۈچىنچى ئورۇنغا تىزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۈچىنچى ئاھالە كومىتېت دەپ ئاتالدى.

**تۆتىنچى ئاھالە كومىتېتى**

ئورنى لوپ بازىرىنىڭ مەركىزىدىكى تۆت چاسا يول ئېغىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، بۇنىڭغا قاراشلىق رايوندا پارچە سېتىش شىركىتىنىڭ تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، سودا ئىدارىسى، باج

ئىشلارئىدارىسى، تەمىنات سودا كوپېراتىپى، قورال-لىق بۆلۈم، سوت مەھكىمىسى، قورال-لىق ساقچى ئەترەت، كىنوخانا، ماددى ئەشيا پونكىتى، ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسى قاتارلىق 22 ئورۇن بار، بۇلار رېتى بويىچە تۆتىنچى ئورۇنغا تىزىلغانلىقى ئۈچۈن تۆتىنچى ئاھالە كومىتېت دەپ ئاتالدى.

### بەشىنچى ئاھالە كومىتېتى

ئورنى لوپ بازار مەركىزىنىڭ شەرققە قىيپاش شىمال تەرىپىدە، لوپ بازىرىدىكى بوشقان ئۆستىڭىنىڭ شەرقى، دول ئۆستىڭىنىڭ غەربىدىكى ئارىلىققا جايلاشقان. بۇ رايوندا ئاشلىق ئىدارىسى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا، تەپتىش مەھكىمىسى، يەرلىك كىسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش پونكىتى، يېمەك-ئىچمەك شىركىتى، يېزا ئىگىلىك بانكا، مال دوختۇرلۇق پونكىتى قاتارلىق 9 ئورۇن بار، رېتى بويىچە بەشىنچى ئورۇنغا تىزىلغانلىقى ئۈچۈن بەشىنچى ئاھالە كومىتېت دەپ ئاتالدى.

### خوتەن يولى

ئورنى لوپ بازار مەركىزىنىڭ غەربىدە، شەرق تەرىپى بازار مەركىزىدىكى تۆت چاسا يول ئېغىزىدىن باشلىنىپ، غەربتە شەھەر قورۇلۇشى تاشيولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 1.49 كىلومېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر، غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان، يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان، لوپ بازىرىدىكى تۆت چوڭ كوچىنىڭ بىرسى ھىساپلىنىدۇ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، ناھىيىلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ، ناھىيىلىك پارتكوم، 2-يىنىك سانائەت ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار مۇشۇ يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان. بۇ يەر ئازاتلىقنىڭ ئالدىدا يېڭىبازار دەپ ئاتىلاتتى، ئازاتلىقتىن كېيىنمۇ يېڭىبازار دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى خوتەن يولى دەپ نام بېرىلدى. بۇ يول لوپ ناھىيىسىدىن خوتەنگە قاتنىغىلى بولىدىغان ئوق لىنىيە بولغانلىقتىن شۇنداق نام بېرىلگەن.

### ھاڭگىي يولى

ئورنى لوپ بازار مەركىزىنىڭ شىمالىدا، جەنۇب تەرىپى بازار مەركىزىدىكى تۆت چاسا يول ئېغىزىدىن باشلىنىپ، شىمال تەرىپى ھاڭگىي يېزىسىنىڭ ئوق يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 1.55 كىلومېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر، جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ سوزۇلغان، يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان، لوپ بازىرىدىكى تۆت چوڭ كوچىنىڭ بىرسى ھىساپلىنىدۇ. سودا ماگىزىنى، چوڭ بازار، سۇ ئېلىكتىر ئىدارىسى، لوپ بازارلىق تەمىنات سودا ماگىزىنى، ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ 3-ماگىزىنى، يەرلىك مەھسۇلاتلار ماگىزىنى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ھەرقايسى ماگىزىنلىرى، شۇنىڭدەك يەككە تىجارەتچىلەر، رېمونتچىلار، ئاشپەزچىلىك دوكانلىرى، ساتىراچلار قاتارلىق مولازىمەت كەسىپلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى مۇشۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. يەنە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، تەنتەربىيە مەيدانى، كىنوخانىلارمۇ بار. بۇ كوچا لوپ بازىرىنىڭ سودا-سېتىق، مەدەنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت مەركىزى ھىساپلىنىدۇ. بۇ ناھىيە شەھەر مەركىزىدىن ھاڭگىي يېزىسىغا تۇتىشىدىغان ئوق يول بولغانلىقتىن بۇرۇندىن تارتىپ ھاڭگىي يولى

دەپ ئاتالغان.

## دول يولى

ئۇرنى لوپ بازار مەركىزىنىڭ شەرقىدە، غەرب تەرىپى بازار مەركىزىدىكى تۆت چاسا يول ئېغىزىدىن باشلىنىپ، شەرقتە دول ئۆستىڭىگە تۇتىشىدۇ. ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 1.35 كىلومېتىر، كەڭلىگى 24 مېتىر، شەرقتىن غەرىپكە قاراپ سوزۇلغان، يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان، لوپ بازىرىدىكى تۆت چوڭ كوچىنىڭ بىرسى ھېساپلىنىدۇ. خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكا، يېمەك-ئىچمەك شىركىتى، ناھىيلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ، باج ئىشلار ئىدارىسى، ناھىيلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپى قاتارلىق ئورۇنلار مۇشۇ يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان. بۇ يول ناھىيە شەھىرىدىن دول يېزىسىغا قاتنايدىغان ئوق يول بولغانلىقتىن 1984-يىلى دول يولى دەپ نام بېرىلگەن.

## مەدەنىيەت يولى

ئۇرنى لوپ بازار مەركىزىنىڭ جەنۇبىدا، شىمال تەرىپى بازار مەركىزىدىكى تۆت چاسا يول ئېغىزىدىن باشلىنىپ، جەنۇبى دول ئۆستىڭىگە تۇتىشىدۇ. ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 1.17 كىلومېتىر، كەڭلىگى 20 مېتىر، شىمالدىن شەرقى جەنۇپقا قاراپ سوزۇلغان، يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان، لوپ ناھىيە شەھىرىدىكى تۆت چوڭ كوچىنىڭ بىرسى ھېساپلىنىدۇ. ناھىيلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سەنئەت ئۆمىكى، كىنو-تىياتىرخانا، كۇتۇپخانا، ناھىيلىك بالىلار يەسلىسى، ناھىيلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ، 2-باشلانغۇچ مەكتەپ، پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلار مۇشۇ يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان، مەدەنى مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى مۇشۇ يول بويىغا جايلاشقانلىقتىن 1984-يىلى مەدەنىيەت يولى دەپ نام بېرىلگەن.

## سامپۇل يولى

ئۇرنى لوپ بازىرىنىڭ جەنۇبىدا، شەرق تەرىپى مەدەنىيەت يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلىنىپ، غەربى جەنۇبى شەھەر قورۇلۇشى يولىغا تۇتۇشىدۇ. شەرقتىن غەربى جەنۇپقا قاراپ سوزۇلغان. ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 750 مېتىر، كەڭلىگى 24 مېتىر، يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان. ناھىيىدىكى يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق قاتارلىق پەن-تېخنىكا تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئورمانچىلىق پونكىتى، تەبىئى ئورمانلارنى باشقۇرۇش پونكىتى، ھاۋا رايى پونكىتى، ئۇرۇقچىلىق شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار مۇشۇ يول بويىغا جايلاشقان. بۇ يول 1978-يىلى ياسالغان، لوپ ناھىيە شەھىرىدىن سامپۇل يېزىسىغا قاتنايدىغان ئوق يول بولغانلىقتىن 1984-يىلى سامپۇل يولى دەپ نام بېرىلگەن.

## يېڭىبازار يولى

ئۇرنى لوپ بازىرىنىڭ غەربىدە، شىمال تەرىپى ئىككىنچى ئائىلە كومىتېت بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ يول جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان. ئۇزۇنلۇقى 1.13 كىلومېتىر، كەڭلىگى 23 مېتىر، يول يۈزىگە شېغىل ياتقۇزۇلغان، ناھىيلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، بازارلىق خەلق دوختۇرخانىسى، بازارلىق ماشىنا تېرىقچىلىق ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلار مۇشۇ يول بويىغا جايلاشقان. 1983-يىلى ياسالغان، بۇ يول يېڭىبازارغا بارىدىغان ئوق يول بولغانلىقتىن 1984-يىلى يېڭىبازار يولى دەپ نام بېرىلگەن.

**بوشقان يولى**

ئۈرنى لوپ بازار مەركىزىنىڭ شەرقىدە، جەنۇب تەرىپى دول يولىنىڭ بېشىغا تۇتىشىدۇ شىمالى بوشقان كەنتىگە تۇتىشىدۇ. جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 950 مېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر، يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان، ئاشلىق ئىدارىسى، دوختۇرخانا، تەپتىش مەھكىمىسى، يەرلىك كىسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، قورالىلىق بۆلۈم، سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ئورۇنلار مۇشۇ يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان، بۇ يول ناھىيە شەھىرىدىن بوشقان كەنتىگە تۇتاشقانلىقتىن 1984-يىلى شۇنداق نام بېرىلگەن. 1966-يىلى ياسالغان.

**يېڭىبازار كەنت كومىتېتى** تۈرۈشلۈق ئۈرنى يېڭىبازاردا

ئۈرنى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۈرۈشلۈق جاينىڭ غەربىدىكى 500 مېتىر جايدا، زېمىنى تۈزلەڭ، يېرى زەي تۇپراق، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 273 ئائىلە، 929 نوپۇسى بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىم يېرى 1275 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، تۈرۈشلۈق كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، 1958-يىلى قىزىل يۇلتۇز كوممۇنا 3-دادۈي دەپ ئاتالغان، 1979-يىلى لوپ كوممۇنا يېڭىبازار دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1984-يىلى لوپ بازارلىق يېڭىبازار كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالدى.

**يېڭىبازار**

ئۈرنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۈرۈشلۈق جاينىڭ غەربىدىكى 500 مېتىر جايدا، 67 ئائىلە، 244 نوپۇس، 450 مو تېرىم يېرى بار، بۇ يەر يېقىنقى زاماندا شەكىللەنگەن بازار بولغانلىقتىن يېڭىبازار دەپ نام ئالغان، بازارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپى كارخانا ئورۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ كەنتكە مەركەزلەشكەن.

**لاتاكوچا**

ئۈرنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۈرۈشلۈق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 200 مېتىر جايدا، 59 ئائىلە، 220 نوپۇس، 449 مو تېرىم يېرى بار، «لاتا» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

**پەرەكوچا**

ئۈرنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۈرۈشلۈق جاينىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 800 مېتىر جايدا، 66 ئائىلە، 190 نوپۇس، 400 مو تېرىم يېرى بار، «پەرە»لەقەملىك كىشلەر مەركەزلىشىپ ئولتۇرغاچقا «پەرە كوچا» دەپ نام ئالغان.

**كونابازار كەنت كومىتېتى** تۈرۈشلۈق ئۈرنى تۈزلۈقېرىقتا

ئۈرنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۈرۈشلۈق جاينىڭ شەرقىدىكى 900مېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 200 ئائىلە، 743 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 780 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، بۇ كەنت لوپ بازىرىغا نىسبەتەن تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، تەخمىنەن 200 يىلدىن ئارتۇق، دەسلەپ بازار بولغان جاي بولغانلىقتىن

"كونابازار" دەپ نام ئالغان. 1958-يىلى قىزىلىيۇلتۇز كوممۇنا 4-دادۈي بولغان، 1978-يىلى لوپ كوممۇنا كونابازار دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى لوپ بازارلىق كونابازار كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالدى.

### تۇزلۇقئېرىق

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 900 مېتىر جايدا، 47 ئائىلە، 124 نوپۇس، 136 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتنىڭ ئېرىقى زەيلىك يەردىن ئېلىنغانلىقتىن «تۇزلۇقئېرىق» دەپ نام ئالغان.

### قومچاقباغ

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 800 مېتىر جايدا، 41 ئائىلە، 131 نوپۇس، 110 مو تېرىم يېرى بار، بۇ يەر ئەسلى زەيلىك جاڭگال بولۇپ، قومچاق كۆپ بولغانلىقتىن «قومچاقباغ» دەپ نام ئالغان.

### ئوتتۇرابوشقان كەنت كومىتېتى

*تۇرۇشلۇق ئورنى كاۋا مەھەللىدە*

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 1.8 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 257 ئائىلە، 953 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1438 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان پىلە ئۆجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1 باشلانغۇچ مەكتەپ بار، «بوشقان» دىگەن سۆزنى يەنە داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ كەنت بوشقان ئۆستىڭىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقانلىقتىن «ئوتتۇرا بوشقان» دەپ نام ئالغان. 1958-يىلى قىزىلىيۇلتۇز كوممۇنا 5-دادۈي بولغان، 1978-يىلى لوپ كوممۇنا بوشقان دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى لوپ بازارلىق ئوتتۇرا بوشقان كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالدى.

### كاۋامەھەللە

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 1.8 كىلومېتىر جايدا، 140 ئائىلە، 480 نوپۇس، 738 مو تېرىم يېرى بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. يۇرۇش-لەشكەن بىر قۇدۇق بار، «كاۋا»لەقەملىك كىشىلەر مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن كاۋا مەھەللىسى دەپ نام ئالغان.

### ئېگىزئېرىق

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 100 مېتىر-جايدا، 122 ئائىلە، 419 نوپۇس، 700 مو تېرىم يېرى بار، كەنتنىڭ ئېرىقى يەر يۈزىدىن ئېگىز بولغاچقا «ئېگىز ئېرىق» دەپ نام ئالغان.

### جايتېرەك باغۋەنچىلىك كەنت كومىتېتى

*تۇرۇشلۇق ئورنى جايتېرەكتە*

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، 170 ئائىلە، 705 نوپۇس، 909 مو تېرىم يېرى بار، باغۋەنچىلىك ئاساس، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش قوشۇمچە قىلىنىدۇ. ھازىر ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، ئۈرۈك قاتارلىق ھەر خىل

مېۋە كۆلىمى 600 مو بولۇپ، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بويان يەنە 180 مو كىشمىش ئۈزۈم يېتىشتۈرۈلدى. مېۋىلىك كۆچەتلەر ئارىسىغا ئاشلىق، مايلىقدان، كۆكتات-سەي، قوغۇن-تاۋۇزلارنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ، ئاشلىق تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋاتىدۇ. 1985-يىلدىكى ئاشلىق مەھسۇلاتى 220 مىڭ جىڭ، ھەرخىل سەي 350 مىڭ جىڭ، ھەرخىل مېۋە 80 مىڭ جىڭ. بۇ يەردە ئاساسلىقى باغۋەنچىلىك يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن جايتېرەك كەنت نامى بىلەن قوشۇلۇپ «جايتېرەك باغۋەنچىلىك كەنت كومىتېتى» دەپ نام ئالغان. 1979-يىلى چارا ئايمىقى، توغرا ئېرىق، جايتېرەك دىگەن مەھەللىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە شەھەر ئىچىدىكى باغچە دەپ ئاتاپ، يوقارقى ئورۇندىكى يەر-زېمىن ۋە ئاھالىنى بىرلەشتۈرۈپ، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىغا قاراشلىق باغچىنى قوشۇپ، لوپ بازىرىنىڭ باشقۇرىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1984-يىلى كەنت كومىتېتى قورغان.

**خەلپەچۇشۇرگە كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى قاپاقمەھەللىدە

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 224 ئائىلە، 991 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1422 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قۇشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1 باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. ناھىيە شەھىرىگە يېقىن بولغاچقا قاتناش قۇلايلىق. «خەلپە» دىگىنىمىز ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى ئىمتىياز نامى، «چۇشۇرگە» يەرلىك شىۋە تىلدا «چۆيكە» بولۇپ ئۆزگەرگەن، ئارتوق سۇنى چىقىرىۋېتىدىغان ئېرىق مەنىسىدە، تەخمىنەن 300 يىل بۇرۇن سۇلتاننىياز خەلپەم باشچىلىقىدا شۇ يەرلىك دېھقانلار بۇ يەردىن بىر ئېرىق ئېلىپ ئارتوق سۇنى ئېقىتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن خەلپە چۇشۇرگە دەپ نام ئالغان ۋە كەنت نامىغا ئايلانغان. 1958-يىلى شەرقشامىلى كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 1-دادۈي بولغان، 1979-يىلى دول كوممۇنا خەلپە چۇشۇرگە دادۈي دەپ ئاتالدى. 1984-يىلى لوپ بازىرىغا تەۋە خەلپە چۇشۇرگە كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالدى.

**قاپاقلىقمەھەللە**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا. 62 ئائىلە، 248 نوپۇس، 720 مو تېرىم يېرى بار، «قاپاق» لەقەملىك كىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**باشدول**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 1 كىلومېتىر جايدا، 47 ئائىلە، 230 نوپۇس، 693 مو تېرىلغۇ يەرى بار، ئەسلىدە بۇ يەر دول يېزىسىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئورنى بولۇپ، پۈتكۈل دول يېزىسىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن 1986-يىلى باشدول دەپ ئۆزگەرتىلدى.

**دول تۆگمەنبېشى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى دول تۆگمەنبېشى

ئورنى لوپ بازارلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا.

زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 177 ئائىلە، 701 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1292 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى شەرقشاملى كوممۇنا 1 ـ باشقۇرۇش رايون 2 ـ دادۈي بولغان، 1979 ـ يىلى دول كوممۇنا قوشقۇلاق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى لوپ بازارغا تەۋە قىلىنىپ دول تۈگمەنبېشى دەپ ئۆزگەرتىلدى ۋە كەنت كومىتېتى قۇرۇلدى.

## دول تۈگمەنبېشى

ئورنى لوپ بازارلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا، 119 ئائىلە، 495 نوپۇس، 856 مو تېرىم يېرى بار، تەخمىنەن 300 يىللاردىن بۇيان بۇ كەنتتە، دول تۈگمىنى دەپ ئاتالغان بىر داڭلىق تۈگمەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

## كامپائېرىق

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا، 58 ئائىلە، 206 نوپۇس، 442 مو تېرىم يېرى بار، «كامپا» دىگىنىمىز «كەپپە» دىن ئۆزگەرگەن. ئەسلى بۇ يەردە كىشىلەر سۇ باقىدىغان بىر كەپپە تىكلەپ ئولتۇرغانلىقتىن «كەپپە ئېرىق» دەپ نام ئالغان. كېيىن «كامپا» بولۇپ ئۆزگەرگەن.

## قىرقاش كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى كالپۇكمەھەللىدە

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 5 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 282 ئائىلە، 1066 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1024 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، سامپۇل، ناۋا تاشيول ئوق لىنىيىسى موشۇ كەنتنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

بۇ كەنتتە قىرقاش سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، قارا كۆل سۇ ئامبىرى ئۆستىڭى بار، چاپال ئۆستىڭى، بوشقان ئۆستىڭى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشچە، بۇرۇن مۇشو يەردە تەبىئىي شەكىللەنگەن ئېگىز بىر قاش بولۇپ بۇ يەر كەنت بولغاندىن كېيىن قىرقاش نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى قىزىليۇلتۇز كوممۇنا 1 ـ دادۈي بولغان، 1960 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇناغا تەۋە 7 ـ باشقۇرۇش رايون 1 ـ دادۈي بولغان، 1963 ـ يىلى قايتا يەنە قىزىليۇلتۇز كوممۇنا 1 ـ دادۈي بولغان، 1979 ـ يىلى لوپ كوممۇنا قىرقاش دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى لوپ بازارغا تەۋە قىرقاش كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

## كالپۇكمەھەللە

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 5 كىلومېتىر جايدا، 35 ئائىلە، 105 نوپۇس، 291 مو تېرىم يېرى بار، «كالپۇك» لەقەملىكلەر جەم بولۇپ ئولتۇرغان مەھەللە بولغاچقا شۇنىڭدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

**توغراقىئالدى**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.9 كىلومېتىر جايدا، 47 ئائىلە، 206 نوپۇس، 374 مو تېرىم يېرى بار، ئەسلىدە بۇ يەردە توغراقلىق چوڭ مازار بولۇپ، كەنت نامى توغراقىئالدى دەپ ئاتالغان.

**جالانمەھەللە**

ئورنى لوپ بازارلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 4.9 كىلومېتىر جايدا، 44 ئائىلە، 169 نوپۇس، 364 مو تېرىم يېرى بار، «جالان» دېگەن ئادەمنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان. «جالان» قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، ھوقۇق تۇتقۇچى، ئامغا ئىگەللىگۈچى، ئائىلە باشقۇرغۇچى دېگەن مەنىسى بار.

**دۆۋەت كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى شىيتمەھەللىدە

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 294 ئائىلە، 997 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1853 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، دۆلەت موداپىئە تاشيولى موشوكەنتتىن ئۆتىدۇ.

«دۆۋەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھازىر ئېنىق ئەمەس، لىكىن «تىبەت» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن دېگەن پەرەز بار.

1958 ـ يىلى قىزىليۇلتۇز كوممۇنا 2 ـ دادۈي بولغان، 1979 ـ يىلى لوپ كوممۇنا دۆۋەت دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى لوپ بازارلىق دۆۋەت كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

**شىيتمەھەللە**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا، 52 ئائىلە، 152 نوپۇس، 370 مو تېرىم يېرى بار، «شىيت» دېگەن سۆز ئۇرۇق، ئاۋاق مەنىسىدە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ لەقىمىدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

**باچكۇمەھەللە**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.7 كىلومېتىر جايدا، 46 ئائىلە، 218 نوپۇس، 360 مو تېرىم يېرى بار، باچكۇ لەقەملىكلەر جەم بولۇپ ئولتۇرغان مەھەللىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئاچا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ئاچا كەنتىدە

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 147 ئائىلە، 603 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1624 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى قىزىليۇلتۇز كوممۇنا 5 ـ دادۈي بولغان، 1979 ـ يىلى لوپ كوممۇنا ئاچا دادۈي دېيىلگەن. 1984 ـ يىلى لوپ بازارلىق ئاچا كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

### ئاچا

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا، 29 ئائىلە، 136 نوپۇس، 245 مو تېرىدىم يېرى بار. «ئاچا» دېگەن سۆز ئۆستەڭ ياكى يولنىڭ ئىككىگە ئايرىلىش نوقتىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كەنت ئەسلى بوشقان ئۆستىڭى بىلەن قارا دۆۋە ئۆستىڭىنىڭ ئايرىلىش ئېغىزى بولغاچقا «ئاچا» دەپ نام ئالغان.

### گۆگۈتچىمەھەللە

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايدا، 42 ئائىلە، 167 نوپۇس، 410 مو تېرىدىم يېرى بار، بۇ يەردە بۇرۇنقى زامانلاردا يەرلىك تاختا گۆگۈت ياسايدىغانلار كۆپ بولغاچقا «گۆگۈتچىمەھەللە» دەپ نام ئالغان.

### بوشقان كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى چۈجەمەھەللىدە

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 171 ئائىلە، 620 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىدىم يېرى 1431 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئادەتتىكى تاشيوللار ھەممە كەنتلەر بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن.

«بوشقان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس. 1958 ـ يىلى قىزىليۇلتۇز كوممۇنا 6 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى لوپ كوممۇنا بوشقان دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى لوپ بازارلىق بوشقان كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

### چۈجەمەھەللە

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. 28 ئائىلە، 120 نوپۇس، 255 مو تېرىدىم يېرى بار، «چۈجە» لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### شىكتەيمەھەللىسى

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.6 كىلومېتىر جايدا، 58 ئائىلە، 202 نوپۇس، 366 مو تېرىدىم يېرى بار. «شىكتەي» دېگەن خەنزۇچە سۆز بولۇپ، چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى بىر ئەمەل نامى، رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، شۇ زاماندا شىكتەي دېگەن بىر ئەمەلدار موشۇ كەنتتە ئولتۇرغانلىقتىن ھازىرغا قەدەر ئۇ كەنت نامى بولۇپ كەلمەكتە.

### قاغامەھەللە

ئورنى: لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4 كىلومېتىر جايدا، 52 ئائىلە، 166 نوپۇس، 375 مو تېرىلغۇ يېرى بار، «قاغا» لەقەملىك كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇرغان مەھەللىنى كۆرسىتىدۇ.

### قارادۆۋە كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى بۇغراكوچا

ئورنى: لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4.6 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 118 ئائىلە، 419 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلىم يەرى 1366 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1 باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئاددى تاشيوللار پۈتۈن كەنتكە تۇتۇشىدۇ. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەر قۇيۇق يۇلغۇنلۇق بولۇپ، قۇم دۆۋىلىرى يۇلغۇن ئىچىدە قارا كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن «قارا دۆۋە» دەپ ئاتالغان. بۇ يەر كەنت بولغاندىن كېيىن ئۇ كەنت نامى بولۇپ قالغان. 1958-يىلى قىزىلىيۇلتۇز كوممۇنا 7-دادۈي بولغان. 1979-يىلى لوپ كوممۇنا قارا دۆۋە دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى لوپ بازارلىق قارا دۆۋە كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

**بۇغراكوچا**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4.6 كىلومېتىر جايدا، 78 ئائىلە، 295 نوپۇس، 698 مو تېرىم يېرى بار، «بۇغرا» دېگەن ئەركەك تۆگىنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ لەقىمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇغرا لەقەملىك كىشىلەر بىر كوچا بولۇپ ئولتۇراقلاشقان.

**سوقامەھەللە**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 5 كىلومېتىر جايدا، 46 ئائىلە، 124 نوپۇس، 583 مو تېرىم يېرى بار، «سوقا» دېگەن گۈرۈچ ئاقارتىدىغان ياغاچ توخماق بولۇپ، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ لەقىمىنى كۆرسىتىدۇ. سوقا لەقەملىكلەر بىر مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلاشقان.

**گۈمبات كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى چوكقۇرمەھەللىدە

ئورنى لوپ بازارلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.6 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 150 ئائىلە، 516 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 1512 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1 باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئاددى تاشيوللار پۈتۈن كەنتكە تۇتاشقان. تەخمىنەن 350 يىل بولغان بىر مازار بار، «گۈمبات»نىڭ تىل ئايرىمىسى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس. 1958-يىلى قىزىلىيۇلتۇز كوممۇنا 8-دادۈي بولغان، 1979-يىلى لوپ كوممۇنا گۈمبات دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى لوپ بازارلىق گۈمبات كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

**چوكقۇرمەھەللە**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.6 كىلومېتىر جايدا، 32 ئائىلە، 142 نوپۇس، 295 مو تېرىم يېرى بار، بۇ كەنتنىڭ زېمىنى باشقا يەرگە قارىغاندا چوڭقۇرراق جايغا ئورۇنلاشقانلىقتىن «چوكقۇركوچا» دەپ نام ئالغان.

**تېيىشمەھەللە**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.1 كىلومېتىر

جايدا، 34 ئائىلە، 101 نوپۇس، 289 مو تېرىدىم يېرى بار، «تېپىش» جاھىل، كاژ مەنىسىدە بولۇپ، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ لەقىمىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى تېپىش لەقەملىكلەر جەم بولۇپ ئولتۇرغان مەھەللە.

### بايتال مەھەللە

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.7 كىلومېتىر جايىدا، 32 ئائىلە، 99 نوپۇس، 490 مو تېرىدىم يېرى بار، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ لەقىمىنى كۆرسىتىدۇ.

### قارىغۇ مەھەللە

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4.3 كىلومېتىر جايىدا، 51 ئائىلە، 168 نوپۇس، 438 مو تېرىدىم يېرى بار، «قارىغۇ» لەقەملىك كىشىلەر جەم بولۇپ ئولتۇرغان مەھەللىنى كۆرسىتىدۇ.

### قورغان كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى دۆڭئېرىق.

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 3.1 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، 204 ئائىلە، 868 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1726 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شوغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، بۇ يەرگە ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسى بىلەن پاختا زاۋۇتى جايلاشقان. يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن قۇدۇقتىن 12 سى بار.

«قورغان» دېگەن سۆز ـ مۇداپىئەلىنىش قەلئەسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قورغان»نىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يازما تەپسىلات ياكى بىرەر رىۋايەتلەر قالدۇرۇلمىغان.

1958 ـ يىلى قىزىلىيۇلتۇز كوممۇنا 9 ـ دادۈي بولغان، 1960 ـ يىلى يالقۇن كوممۇناغا تەۋە 1 ـ باش قوروش رايون 1 ـ دادۈي بولغان، 1963 ـ يىلى يەنە قايتا قىزىلىيۇلتۇز كوممۇنا 9 ـ دادۈي بولغان، 1979 ـ يىلى لوپ كوممۇنا قورغان دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى لوپ بازارلىق قورغان كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

### دۆڭئېرىق

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.1 كىلومېتىر جايىدا، 61 ئائىلە، 416 نوپۇس، 894 مو تېرىدىم يېرى بار، ئەسلىدىكى سۇغۇرۇش ئېرىقى دۆڭ جايغا ياسالغانلىقتىن دۆڭئېرىق دەپ ئاتالغان.

### توغرائېرىق

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 1 كىلومېتىر جايدا. 45 ئائىلە، 189 نوپۇس، 435 مو تېرىدىم يېرى بار. كەنتنى توغرىسىغا كېسىپ ئېلىنغان ئېرىق نامى بىلەن توغرا ئېرىق دەپ ئاتالغان.

### خېنى

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 3.9 كىلومېتىر جايدا،

45 ئائىلە، 210 نوپۇس، 572 مو تېرىم يېرى بار، «خېنىي» دېگەن سۆز ئەسلى «خان يېرى»دىن ئۆزگەرگەن. بۇرۇن بۇ يەر يەرلىك بەگلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، «خان يېرى» دەپ ئاتالغان، كېيىن «خېنى»غا ئۆزگەرگەن.

**ئاياغچاپال كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ھەزنتەمئېرىقتا

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 196 ئائىلە، 822 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1406 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتاشقان، 1958-يىلى قىزىليۇلتۇز كوممۇنا 10-دادۈي بولغان، 1960-يىلى يالقۇن كوممۇناغا تەۋە 1-باشقۇرۇش رايون 2-دادۈي بولغان، 1983-يىلى لوپ كوممۇنا ئاياق چال دادۈي دەپ خاتا ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى نامى تۈزىتىلىپ لوپ بازارلىق ئاياغچاپال كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

**ھەزنتەمئېرىق**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايدا، 46 ئائىلە، 156 نوپۇس، 380 مو تېرىم يېرى بار، «ھەزنتەم» دېگەن سۆز ئىسلام دىنىدىكى مۆتىۋەر كىشلەرنى ئىززەتلەپ ئېيتىلغان «ھەزرەت» سۆزىنى قوللانغانلىق بولۇپ، بۇ يەردىكى ئېرىقنى ھەزرەتنىڭ كىشلىرى ياسىغانلىقتىن ھەزنتەمئېرىق دەپ نام ئالغان.

**چارامەھەللە**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 3.6 كىلومېتىر جايدا، 44 ئائىلە، 159 نوپۇس، 600مو تېرىم يېرى بار، «چارا» لەقەملىك كىشلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**يوبدانمەھەللە**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا، 57 ئائىلە، 238 نوپۇس، 406 مو تېرىم يېرى بار، «يوبدان» دېگەن سۆز يەرلىك كىشىلەر ئارىسى ئۇندا ئەتكەن ئاش بولۇپ، يوبدان لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**باشچاپال كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى دۆڭئېرىقتا

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 179 ئائىلە، 719 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1652 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئاددى تاشيوللار پۈتۈن كەنتكە تۇتاشتۇرۇلغان، «چاپال» نىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، بۇ خېلى كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەنت بولغاچقا «باش»، «ئاياغ» سۆزلىرى بىلەن پەرىقلەندۈرۈپ، باش-

چاپال دەپ ئاتالغان.

1958-يىلى قىزىلىيۇلتۇز كومموُنا 11-دادۇي بولغان، 1960-يىلى يالقۇن كومموُناغا تەۋە 1-باشقۇرۇش رايون 3-دادۇي بولغان، 1963-يىلى يەنە قىزىلىيۇلتۇز كومموُنا 11-دادۇي دەپ ئاتالغان. 1979-يىلى لوپ كومموُنا باشچاپال دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى لوپ بازارلىق باشچاپال كەنت كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان.

**دۆڭئېرىق**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا، 44 ئائىلە، 181 نوپۇس، 325 مو تېرىم يېرى بار، بۇ يەردىكى ئېرىق ئەسلىدە دۆڭ يەردىن ياسالغانلىقتىن دۆڭئېرىق دەپ نام ئالغان.

**چاپاللەڭگەر كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى چاپاللەڭگەر

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 208 ئائىلە، 830 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىم يېرى 1650 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتاشتۇرۇلغان. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى قىزىلىيۇلتۇز كومموُنا 12-دادۇي بولغان، 1960-يىلى يالقۇن كومموُناغا تەۋە 1-باشقۇرۇش رايون 4-دادۇي بولغان. 1963-يىلى يەنە قىزىلىيۇلتۇز كومموُنا 12-دادۇي بولغان. 1979-يىلى لوپ كومموُنا چاپاللەڭگەر دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى لوپ بازارچاپاللەڭگەر كەنت كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

**چاپاللەڭگەر**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايدا، 153 ئائىلە، 650 نوپۇس، 1250 مو تېرىم يېرى بار، ئەڭ بۇرۇن بۇ يەردىن خوتەن-لوپ تاشيولى ياسالغاندىن كېيىن مۇشۇ يەردە بىر لەڭگەر قۇرۇلغان، كېيىن كەنت نامى «چاپاللەڭگىرى» دەپ ئاتالغان.

**مازارئېرىق**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 2.8 كىلومېتىر جايدا، 55 ئائىلە، 132 نوپۇس، 397 مو تېرىم يېرى بار، مازار ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ ئالغان ئېرىق نامى بىلەن مازارئېرىق دەپ ئاتالغان.

**تاپان كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى جاقامەھەللە

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 120 ئائىلە، 401 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 777 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «تاپان» لەقەملىكلەر جەم بولۇپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن

ئادەم لەقىمىدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان.


1958-يىلى يالقۇن كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 5-دادۈي دەپ ئاتالغان. 1963-يىلى قىزىليۇلتۇز كوممۇنا 13-دادۈي بولغان، 1979-يىلى ھاڭگىي كوممۇنا تاپان دادۈي بولغان. 1984-يىلى لوپ بازارغا تەۋە بولۇپ، تاپان كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالدى.

**جاقامەھەللە**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا، 45 ئائىلە، 154 نوپۇس، 205 مو تېرىم يېرى بار، «جاقا» لەقەملىك كىشىلەر جەم بولۇپ ئولتۇرغان مەھەللىنى كۆرسىتىدۇ.

**تۆگمەنئايمىقى**

ئورنى لوپ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 4.2 كىلومېتىر جايدا، 35 ئائىلە، 105 نوپۇس، 310مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەردە ئەڭ دەسلەپتە موھەممەت ئاخۇن ئىسىملىك ئادەم بىر سۇ تۆگمىنى چۆرىگەنلىكتىن «تۆگمەنئايمىقى»دەپ نام ئالغان.


1:50000
يورۇڭقاش بازىرىنىڭ خەرىتىسى
يورۇڭقاش بازار
يورۇڭقاش
دەرياسى
بارتوگەن
ئاچىيا
بوستانئۆم
باغمىقلا
قۇتچى
ئاغىرىچى
دازا بازار
كونا ئۆستەڭ
ئاقچىغ
بوياقچىغ
ئەگىز بوستان
شالاق
دەرياسى
چارباغ
باشكۆنزى

# يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى



ئىھاتە ئورمىنى.

يۇرۇڭقاش بازىرى لوپ ناھىيىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، تۈز ئارىلىقى 20.5 كىلومېتىر، ئورنى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدا، غەرب تەرىپى خوتەن شەھىرى بىلەن دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. شەرق، شىمال، جەنۇب 3 تەرىپى بويىيا يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 4 كىلومېتىر، جەنۇپتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى 11 كىلومېتىر، ئومۇمى كۆلىمى 28.6 كۋادرات كىلومېتىر، 12 كەنت كومىتېت، 78 تەبىئىي كەنت، 3138 ئائىلە، 12 مىڭ نوپۇس بار. 5 نەپەر خەنزۇ، 1 نەپەر خۇيزۇدىن باشقىلىرى ئۇيغۇر، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى يۈكبازاركەنتىدە.

يۇرۇڭقاش دىگەن نام يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ نامى بىلەن قويۇلغان، "يۇرۇڭقاش" دىگەن ئۇيغۇرچىلاشقان تۈركچە سۆز بولۇپ "قورىغار تەزكىرىسى"دە خەنزۇچە 玉龙哈什 دەپ يېزىلغان. "چىڭ دىڭ پادىشا ۋە قورىغار تەزكىرىسى" ھەم "شىنجاڭدىكى چوڭ ۋەقەلەرخاتىرىسى"، "چىڭ دىڭ ـ شىنجاڭ قىسقىچە تارىخى" "يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى" دىگەن كىتاپلارنىڭ ھەممىسىدە

خەنزۇچە玉陇哈什دەپ يېزىلغان. "قورىغار تەزكىرىسى".

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇلچە 玉陇杰赤 دەپ ئاتالغان بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى توغرىسىدا ئىككى خىل رىۋايەت بار:

بىرى "قورىغارنىڭ سۇ يول خاتىرىسى"دە: "يۈرۈڭقاش" مۇسۇلمانچە (ئۇيغۇرچە) سۆز بولۇپ، يۈرۈڭ دېگەن يۇرۇق، سۇزۇك دېگەن بولىدۇ. قاش دېگەن قاشتېشىغا قارىتىلغان" دەپ تەلىم بېرىلگەن. 11-ئەسىردىكى داڭلىق تۈركى تىللار ئالىمى ماخمۇت قەشقىرىنىڭ "تۈركى تىللار لوغىتى"دە: "يۈرۈڭقاش دەرياسىدىن سۈپ-سۈزۈك قاشتېشى چىقىدۇ. بۇ دەريا موشۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتكەنلىكتىن يۈرۈڭقاش دەپ نام بېرىلگەن" دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. يۈرۈڭ-قاش دېگەن "ئاق (سۈزۈك) قاشتېشى" دېگەن مەنىدە. «قەدىمكى تۈركى تىللىرى لوغىتى»(موسكۋا 1962-يىل نەشرى)دە ئۈرۈڭ-مەرۋايىت دېگەن مەنىدە، قاش — قاشتىشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

يەنە بىرى، يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدىكى رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: يۈرۈڭقاش ئەسلى "يۈرۈققاش" دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن، يەنى يۈرۈڭقاش دەرياسى خوتەننىڭ كۈن چىقىش (شەرق) تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن كۈن يۈرۈتۈپ تۇرغان دەريا قېشى دېگەن مەنىدە.

يۈرۈڭقاش بازىرى قەدىمكى دەۋردە ئۇدۇن دۆلىتىگە قاراشلىق ئالتە شەھەرنىڭ بىرىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە چاغاتاي خانلىقى ۋە موغۇلستان خانلىقىغا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەركەن خانلىقىغا تەۋە يەر ئىدى. «قورىغار تەزكىرىسى»دە «قورىغار خاقانى جۇجىخان يۈرۈڭقاش (玉陇杰赤) ① قاتارلىق شەھەرلەرنى قولغا ئالغان...... ئالوغۇنى پادىشاھلىققا بەلگىلىگەن دەپ يېزىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يۈرۈڭقاش ئالتە شەھەرنىڭ بىرى بولغان خوتەنگە تەۋە بولۇپ، يۈرۈڭقاش كەنت دەپ ئاتىلاتتى. "شىنجاڭدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى" دە "يۈرۈڭقاشقا شەھەر سېپىلى سوقۇلمىغان، ئۇ ئالتە شەھەرنىڭ بىرىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، شۇپۇر (ھازىرقى سامپۇل كەنت)، بويى (بۇيا) كەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ" دەپ ئىزاھلانغان. گۇاڭشۇينىڭ 8-يىلى (مىلادى 1882-يىلى) يۈرۈڭقاش كەنت خوتەن بىۋاستە ۋىلايەتكە تەۋە بولدى. گۇاڭشۇينىڭ 28-يىلى (مىلادى 1902-يىلى) لوپ ناھىيىسى قۇرۇلغاندا يۈرۈڭقاشنى خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ۋىلايەتتىن ئاجرىتىپ، لوپ ناھىيىسىگە قاراشلىق قىلدى. ئالتىلە مىڭمۇ ئۇنىڭغا تەۋە قىلىندى. شۇنىڭ زامانىسىدا ئالتىلە مىڭ تۇساللا مىڭغا ئۆزگەرتىلگەندە يۈرۈڭقاشمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇساللاغا تەۋە بولدى.

1934-يىلى يۈرۈڭقاشنى مەركەز قىلغان 2-رايون قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا 12 كەنت تەۋە

ئىزاھات: ① خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردىن قارىغاندا، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى، يول خاتىرىسى» دە: ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى جەنۇبى دەرياسى بويلىرىدا ئۆرگەنچ شەھىرى (乌尔根齐城) ۋە ئۇلۇڭگاچ (兀笼格赤) دېگەن ناملار بارلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇلۇڭگاچ دېگەن ئۆرگەنجنى كۆرسىتەمدۇ ياكى يۈرۈڭقاشنى كۆرسىتەمدۇ، بۇنى ھازىرچە مۇقىملاش تەس.

بولدى.

1938 ـ يىلى 4 ـ رايونغا ئۆزگەرتىلىپ، 14 كەنت تەۋە بولدى.

1942 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى ئالتە رايون سەككىز رايونغا ئۆزگەرتىلگەندە يۇرۇڭقاش 4 ـ رايوندىن 6 ـ رايونغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭغا 17 كەنت تەۋە قىلىندى.

1944 ـ يىلى بوجاڭ ـ جاجاڭ تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا 6 ـ رايون يۇرۇڭقاش بازار نوكچىڭشاڭ (ئىشچانلار يېزىسى) شىن فاشاڭ (يېڭىدىن رىۋاجلاندۇرۇش يېزىسى)، سۈي خېشاڭ (تىنچلاندۇرۇش يېزىسى)، فەنشىن شاڭ (گۈللەندۈرۈش يېزىسى) دېگەن بىر بازار تۆت يېزىغا ئۆزگەرتىلدى.

1947 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە ئىككى بازار 15 يېزىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا پۈتۈن ناھىيە تۆت بازار بەش چوڭ يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندە يۇرۇڭقاش يەنە بازار تۇرۇشلۇق جاي بولدى ۋە بازارلىق ھۆكۈمەت، باجخانا، ساقچى مەھكىمە قۇرۇلدى.

1949 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ئازاتلىقنىڭ ھارپىسىدىكى قۇرۇلمىنى ساقلاپ كەلدى.

1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن ناھىيە يەتتە رايونغا ئايرىلدى. يۇرۇڭقاش 2 ـ رايون بولدى. ئاستىدا يۇرۇڭقاش، قۇتچى، ئالتىلە، چالمىي، كونزىي، بۇيا، تامئېغىل، سولۋا، بۇياپشى قاتارلىق توققۇز يېزا قۇرۇلۇپ، 52 كەنت تەۋە قىلىندى. شۇ يىلى رايونلۇق، يېزىلىق، كەنتلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەسىس قىلىندى.

1954 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 7 ـ يېزا (تامئېغىل)، 8 ـ يېزا (سولۋا) دېگەن ئىككى يېزا 7 ـ رايونغا ئايرىپ بېرىلدى.

1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بۇ رايوندا تىنچلىق كوممۇنا، قىزىليۇلتۇز كوممۇنا دېگەن ئىككى كوممۇنا قۇرۇلدى. 1959 ـ يىلى بۇ ئىككى كوممۇنانى شەرقشاملى، سۇئىي ھەمرا دېگەن ئىككى كوممۇناغا قوشۇپ تاشقىن كوممۇنا قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىكوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

1962 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جىيا تاشقىن كوممۇنادىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل ھالدا يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا قۇرۇلدى. تاشقىن كوممۇناغا بەش باشقۇرۇش رايون 28 دادۈي ۋە كوممۇنا باشقۇرغان بىر دېھقانچىلىق مەيدان قاراشلىق بولدى.

1968 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئىنقىلابى كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەندە تاشقىن كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتىمو تاشقىن كوممۇنا ئىنقىلابى كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى.

1979 ـ يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇناغا ئۆزگەرتىلدى.

1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا بۇيا ئايرىلىپ چىقىپ بۇيا يېزا ۋە يۇرۇڭقاش بازارلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

يۇرۇڭقاش بازىرى دەريا بويىدىكى كەلكۈن ـ لاتقا تۈزلەڭلىككە كىرىدۇ. جەنۇپتىن شىمالغا قىيپاش، زېمىنى تەكشى، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1340 مېتىر. ھاۋاسى قۇرغاق، شامال كۆپ چىقىدۇ. تىپىك بولغان قۇرۇقلۇق چۆل خاراكتېردىكى ھاۋا ئىقلىمىغا

كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.5°C، 7-ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.5°C، 1-ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 6°C-، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 32.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن. زېمىنى قۇم تۇپراق. تېرىلغۇ يېرى 21 مىڭ 992 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، ئىقتىسادى زىرائەتلەردىن پاختا، مايلىقدان تېرىلىدۇ. پىلە ئۈجمىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن. 1985-يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 12 مىليون 10 مىڭ جىڭ، ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 904 جىڭ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق 1069 جىڭ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 280 مىڭ جىڭ، مايلىقدانىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 136 مىڭ جىڭ، پىلە 5089 جىڭ، 1985-يىلى قوتاندىكى قالدۇق چارۋا 45 مىڭ تۇياق.

يۇرۇڭقاش بازار قەدىمكى بازارلاردىن بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن، ناھىيە بويىچە ئىككىنچى ئورۇندىكى بازار ھېسابلىنىدۇ. تارىختىن بويان خوتەننىڭ شەرقىدىكى ئۈچ ناھىيىسىنىڭ سودا تۈگۈنى بولۇپ كەلدى. قول سانائىتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. قەدىمدىن تارتىپ "گىلەم" ۋە «ئەتلەس يۇرتى» بولۇپ، گىلەم ئىشلەپچىقىرىش تارىخى ئۇزۇن، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە داڭقى بار. ئازاتلىقتىن كېيىن شىنجاڭ بويىچە ئەڭ زور گىلەم كارخانىسى مۇشۇ بازاردا قۇرۇلغان. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بويان شەخسى ئائىلىلەردە گىلەم توقۇش ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئۇ دېھقانلارنىڭ مۇھىم قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش كىرىم مەنبەسىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش ئىشلىرىدىمۇ داڭقى بار، يېقىنقى يىللاردىن بويان يەنە پاختا چىقىرىش، ئاشلىق، ماي پىششىقلاش، ياغاچچىلىق، سەيپۇڭچىلىق قاتارلىق زاۋۇت-كارخانىلار قۇرۇلدى.

پىلانلاش ئارقىسىدا يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ سالا ئېتىز، ئورمان بەلباغ، ئۆستەڭ، تاشيوللار بىر گەۋدە قىلىنغان ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى ئاللىقاچان يېڭى مەنزىرىگە كىردى. بازار بىلەن يېزا، يېزا بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى تاشيوللار تەرەپ-تەرەپكە تۇتىشىدۇ، مالىيە دۆلەت مۇداپىئە تاشيولى مۇشۇ بازارنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ يول خوتەننى شەرقتىكى ئۈچ ناھىيە بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈن جاي ھېسابلىنىدۇ.

بازاردا 11 باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بار، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1414 نەپەر، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى خىزمەتچىلىرى 106 نەپەر، يەنە دوختۇرخانا، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۇزېلى، كىنوخانا، مالدوختۇرلۇق پونكىتى، پوچتىخانا، باجخانا قاتارلىق ئورۇنلار بار. ئۇندىن باشقا ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك پىلە ئۈجمىچىلىك تەتقىقات پونكىتى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، ۋىلايەتلىك تېخنىكا مەكتىپى، ۋىلايەتلىك تاشقى سودا گىلەم كارخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار مۇشۇ بازارغا جايلاشقان.

# ئۆلچەملىك ناملار

### يۇرۇڭقاش بازار

يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ماتېرىيالىغا قاراڭ.

### يۇڭبازار

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 100 مېتىر جايدا، 117 ئائىلە، 447 نوپۇس، 907 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ قوي يۇڭى ئېلىپ ساتىدىغان سودا مەركىزى بولغانلىقتىن «يۇڭبازىرى» دەپ نام ئالغان. يۇڭبازىرى تەۋەسىدە يۇرۇڭقاش بازارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپى كارخانىلار ۋە مەدەنى مائارىپ ئورۇنلىرى بولۇپ، شۇ بازارغا نىسپەتەن سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنى پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزى ھېساپلىنىدۇ.

### ئالتىلە كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى خالدامەھەللىدە

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 261 ئائىلە، 961 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2018 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. «ئالتىلە» «ئالتە ئىلە»دىن ئۆزگەرگەن. «ئىلە» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بەلگۈ» دېگەن مەنىدە. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەن ئادەملەر يەر ئېچىپ تېرىغىلى بولىدىغان ئالتە پارچە يەرگە «بەلگۈ»قىلغان، بۇنىڭ بىلەن «ئالتە ئىلە» دەپ ئاتىغان. زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن «ئالتىلە» بولۇپ قالغان. 1958 ـ يىلى تاشقىن كوممۇنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 1 ـ دادۈي بولغان. 1978 ـ يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا ئالتىلە دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى يۇرۇڭقاش بازىرىغا تەۋە قىلىنىپ ئالتىلە كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### خالدامەھەللە

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا، 177 ئائىلە، 661 نوپۇس، 1603 مو تېرىم يېرى بار. «خالدا» دېگەن يۈزىدە قارا مەڭ بار كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ لەقىمىگە قارىتىلغان.

### تېمىرباغ

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 1.7 كىلومېتىر جايدا. 84 ئائىلە، 300 نوپۇس، 400 مو تېرىم يېرى بار. «تېمىر» ئالتۇن تاسقايدىغان يەرنى

كۆرستىدۇ. بۇ يەر ئەسلى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئېقىن ئورنى بولۇپ، كىشىلەر كۆپۈنچە مۇشۇ جايغا كېلىپ ئالتۇن تاسقىغان، شۇنىڭ بىلەن «تېتىرباغ» دەپ نام ئالغان.

**ھالۇبويى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ھالۇبويى كەنتىدە

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 4.2 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 238 ئائىلە، 877 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2061 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۇجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئاددىي تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 2-باشقۇرۇش رايون 2-دادۇي بولغان. 1978-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا ھالوۋوي دادۇي دەپ ئاتالغان. 1983-يىلى ھالۇ بويى دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى يۇرۇڭقاش بازارغا تەۋە قىلىنىپ ھالۇبويى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ھالۇبويى**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 4.2 كىلومېتىر جايدا. 40 ئائىلە، 331 نوپۇس، 765 مو تېرىم يېرى بار. «ھالۇ» يەرلىك شېۋە تىل بولۇپ، ھويلا دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە بۇرۇن ئۆتكەن بەگ غوجىلارنىڭ يارامىلىق ھۆيلا ئارامىلىرى بولغانلىقتىن كىشىلەر ھالۇبويى دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭ بىلەن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

**ياغمەھەللە**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 3.6 كىلومېتىر جايدا، 44 ئائىلە، 165 نوپۇس، 227 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتىكى ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى ياغ تارتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن لەقىمى ياغ دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن «ياغمەھەللە» دەپ نام ئالغان.

**داۋابازار كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى داۋابازىرىدا

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 200 مېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 316 ئائىلە، 1080 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1882 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۇجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 4-باشقۇرۇش رايون 1-دادۇي بولغان. 1978-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا بازار 1-دادۇي دەپ ئاتالغان. 1983-يىلى ئەسلىدىكى «داۋا بازار» دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، 1984-يىلى يۇرۇڭقاش بازىرىغا تەۋە داۋا بازىرى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**داۋابازار**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 200 مېتىر جايدا. 243 ئائىلە، 820 نوپۇس، 1565 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر ئەسلىدە يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ داۋا سېتىش مەركىزى بولغانلىقتىن «داۋا بازار» دەپ نام ئالغان. «داۋا» چەكمەن

بويايدىغان بوياق ماتېرىيالى بولۇپ يۇلغۇننىڭ يوپۇرمىقىدىن تەييارلىنىدۇ.

**چاكۇمەھەللە**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 800 مېتىر جايدا، 73 ئائىلە، 260 نوپۇس، 317 مو تېرىم يېرى بار. چاكۇ دېگەن سۆز بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ لەقىمىگە قارىتىلغان بولۇپ، كېيىن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

**يۇڭبازار كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى يۇڭبازىرىدا

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 600 مېتىرجايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 213 ئائىلە، 816 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1073 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1958 ـ يىلى تاشقىن كوممۇنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 2 ـ دادۈي بولغان، 1978 ـ يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا بازار 2 ـ دادۈي دەپ ئاتالغان. 1983 ـ يىلى يۇڭبازار دادۈي دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1984 ـ يىلى يۇرۇڭقاش بازىرىغا تەۋە قىلىنغان ۋە يۇڭبازار كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**قېيىشمەھەللە**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 1.1 كىلومېتىر جايدا. 36 ئائىلە، 169 نوپۇس، 171 مو تېرىم يېرى بار، «قېيىش» دېگەن سۆز زورمو-زور زىددىيەتلىشىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ لەقىمىگە قارىتىلغان.

**ئېگىزئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى قىرىمچىمەھەللە

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 315 ئائىلە. 1150 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىم يېرى 2435 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، مېۋە-چېۋە كۆپ چىقىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتاشقان. ئەسلى ئېرىقى ئېلىنغان يەرنىڭ زېمىنى ئېگىز بولغانلىقتىن ئېگىزئېرىق دەپ نام ئالغان. 1958 ـ يىلى تاشقىن كوممۇنا 4 ـ باشقۇرۇش رايوننىڭ 3 ـ دادۈيى بولغان. 1978 ـ يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا ئېگىز ئېرىق دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى يۇرۇڭقاش بازىرىغا تەۋە قىلىنىپ ئېگىز ئېرىق كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

**قىرىمچىمەھەللە**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا. 39 ئائىلە، 130 نوپۇس، 386 مو تېرىم يېرى بار، «قىرىمچى» دېگەن ئۆتكەننىڭ ئەستىرىنى ياسىغۇچى ئادەمگە قارىتىلغان، بۇكەنتتىكى ئادەملەر بۇرۇندىن تارتىپ قىرىم ئېتىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسى كەسپى قىلغانلىقتىن قىرىمچىمەھەللە دەپ نام ئالغان.

**پاچاقمەھەللە**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا، 41 ئائىلە، 130 نوپۇس، 326 مو تېرىم يېرى بار، «پاچاق» كىشىلەرنىڭ لەقىمىگە قارىتىلغان بولۇپ، كەنت نامىغا ئۆزگەرگەن.

**قىرىغئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى پىلىكمەھەللە

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 258 ئائىلە، 936 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىم يېرى 1654 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شوغۇللىنىدۇ، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ، «قىرىغئېرىق» دىگەن سۆز سۇ تەس چىقىدىغان ئېرىق دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەسلى بۇ يەرنىڭ زېمىنى ئېگىزگە جايلاشقان، ئېرىقلىرىدىغا سۇ سۇ تەس چىقىدىغان بولغانلىقتىن قىرىغ ئېرىق دەپ نام ئالغان. 1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 4-باشقۇرۇش رايون 4-دادۈي بولغان، 1979-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا قىرىغئېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى يۇرۇڭقاش بازارغا تەۋە قىلىنىپ، قىرىغئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان:

**پىلىكمەھەللە**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا، 34 ئائىلە، 121 نوپۇس، 125 مو تېرىم يېرى بار. «پىلىك» چىراقنىڭ پىلىكى بولۇپ، بۇ يەردە پىلىك لەقەملىك كىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**ياغچىمەھەللە**

ئورنى: يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 1.6 كىلومېتىر جايدا. 34 ئائىلە، 125 نوپۇس، 270 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتىكى ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كەسپى ياغ تارتىش بولغانلىقتىن ياغچىمەھەللە دەپ نام ئالغان.

**كونا ئۆستەڭ**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا. 40 ئائىلە، 165 نوپۇس، 256 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر كونا ئالتىلە ئۆستىڭىنىڭ ئورنى بولغانلىقتىن كونا ئۆستەڭ دەپ نام ئالغان.

**باشمىقلا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى باشمىقلا

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 155 ئائىلە، 588 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1507 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1985-يىلى تاشقىن كوممۇنا 4-باشقۇرۇش

رايون 5 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا باشمىقلا دادۇي دەپ ئاتالغان، 1984 ـ يىلى يۇرۇڭقاش بازارغا تەۋە بولۇپ، باشمىقلا كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

**باشمىقلا**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. 155 ئائىلە، 588 نوپۇس، 1507 مو تېرىم يېرى بار. «مىقلا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**ناغرىچى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ناغرىچىدا

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 1.7 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 195 ئائىلە، 783 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1289 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان پىلە ئۆجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى تاشقىن كوممۇنا 5 ـ باشقۇرۇش رايون 1 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا ناغرىچى دادۇي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى يۇرۇڭقاش بازارغا تەۋە ناغرىچى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ناغرىچى**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 1.7 كىلومېتىر جايدا. 155 ئائىلە، 631 نوپۇس، 1000 مو تېرىم يېرى بار. «ناغرىچى» دېگەن ناغرا ـ دۇمباق چالغۇچى كىشى دېگەن مەنىدە، بۇرۇنقى زاماندا مۇشۇ كەنتتە ناغرا دۇمباق چېلىشقا ئۇستا كىشىلەر ئولتۇراقلاشقانلىقتىن ناغرىچى دەپ نام ئالغان.

**قۇمئېرىق**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا، 40 ئائىلە، 152 نوپۇس، 289 مو تېرىم يېرى بار. قۇملۇقتىن ئېلىنغان ئېرىق نامى بىلەن قۇمئېرىق دەپ ئاتالغان.

**قۇتچى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى قۇتچى كەنتىدە

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى شىمالىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 353 ئائىلە، 1433 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2995 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958 ـ يىلى تاشقىن كوممۇنا 5 ـ باشقۇرۇش رايون 2 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا قۇچچى دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى قۇتچى دادۇي دەپ تۈزۈتۈلگەن. 1984 ـ يىلى يۇرۇڭقاش بازارغا تەۋە قىلىنىپ، ئەسلىدىكى 5 ـ باشقۇرۇش رايون ئىگەرچى 4 ـ دادۇي بىلەن قوشۇپ قۇتچى كەنت كومىتېتى قۇرغان.

**قۇتچى**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا. 240 ئائىلە، 939 نوپۇس، 1192 مو تېرىم يېرى بار. «قۇتچى» دىگەن سۆز پىلە قۇرۇتى باققۇچى دىگەن مەنىدە، بۇ كەنت مۇشۇ جايغا نىسپەتەن ئەڭ بۇرۇن پىلە قۇرتى بېقىپ نامى چىققانلىقتىن «قۇتچى» دەپ ئاتالغان. خوتەن ۋىلايەتلىك تاشقى سودا گىلەم كارخانىسى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، پىلە ئۆزۈمچىلىك تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار مۇشۇ كەنتتە.

**ئىگەرچى**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.4 كىلومېتىر جايدا، 131 ئائىلە، 494 نوپۇس، 971 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ كەنتتىكى كىشىلەر ئىگەر ياساپ سېتىپ تۇرمۇش كۆچۈرگەنلىكتىن «ئىگەرچى» دەپ نام ئالغان.

**چۇشۇرگە ئېرىق**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.4 كىلومېتىر جايدا، 40 ئائىلە، 113 نوپۇس، 224 مو تېرىم يېرى بار. «چۇشۇرگە ئېرىق » يەرلىك شىۋە تىلىدا چۇيكە ئېرىق دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن. بۇ كەلكۈن سۇ مەزگىلىدە ئۆستەڭدىكى ئارتۇق سۇنى ئېقىتىۋېتىدىغان ئېرىق مەنىسىدە.

**قۇتچىلەڭگەر كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى كانايمەھەللە

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.8 كىلومېتىر جايدا، جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، تۆت تەبىئىي كەنت، 343 ئائىلە، 1389 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2500 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ يەر بۇرۇندىن تارتىپ، مۇھىم قاتناش يولى بولغانلىقتىن لەڭگەر شەكىللەنگەن ۋە كەنت نامى بىلەن قوشۇلۇپ قۇتچى لەڭگىرى دەپ ئاتالغان. 1958 ـ يىلى تاشقىن كوممۇنا 5 ـ باش تۇرۇش رايون 5 ـ داداۋي بولغان. 1979 ـ يىلى قۇچچى لەڭگەر داداۋي دەپ ئاتالغان. 1983 ـ يىلى «قۇتچى لەڭگەر داداۋي» دەپ ئۆزگەرتۈلگەن. 1984 ـ يىلى يۇرۇڭقاش بازارغا تەۋە قۇتچىلەڭگەركەنت كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلدى.

**كانايمەھەللە**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.8 كىلومېتىر جايدا. 28 ئائىلە، 147 نوپۇس، 250 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كاناي لەقەملىك كىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**شايىچىمەھەللە**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 3.3 كىلومېتىر جايدا، 29 ئائىلە، 95 نوپۇس، 194 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى شايى بولغانلىقتىن شايىچىمەھەللە دەپ نام ئالغان.

### ئاقچىغ

ئۇرنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 1.9 كىلومېتىر جايىدا، 161 ئائىلە، 694 نوپۇس، 1419 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر كەنت بولۇشتىن بۇرۇن تۇتاش كەتكەن چىغلىق جاڭگال بولۇپ، قۇرۇپ كەتكەن چىغلار ئاپ-ئاق كۆرۈنگەنلىكتىن «ئاقچىغ» دەپ نام ئالغان.

### سېرىق

ئۇرنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 1.9 كىلومېتىر جايىدا، 34 ئائىلە، 109 نوپۇس، 324 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەردە سېرىق لەقەملىك كىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### ئاياغمىقىلا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى ئاياغمىقىلا

ئۇرنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 4.8 كىلومېتىر جايىدا، زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 131 ئائىلە، 513 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1794 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 5-باشقۇرۇش رايون 5-دادۈي بولغان. 1978-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا ئاياقمىقىلا دادۈي دەپ ئاتالغان، 1984-يىلى يۇرۇڭقاش بازىرىغا تەۋە ئاياغمىقىلا كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

### ئاياغمىقىلا

ئۇرنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 4.8 كىلومېتىر جايىدا، 131 ئائىلە، 531 نوپۇس، 1794 مو تېرىم يېرى بار، بۇ يەر پۈتۈن مىقىلا كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

### ئاچما كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى ئاچما كەنت

ئۇرنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 5 كىلومېتىر جايىدا، جەنۇب، شىمال، غەرب ئۈچ تەرىپى چۆلگە تۇتىشىدۇ. زېمىنى تەكشى، بەش تەبىئىي كەنت 143 ئائىلە، 608 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 4245 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى بازار بىلەن كەنتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1960-يىلى يېڭىدىن ئېچىلغان. 1979-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا ئاچما دادۈي دەپ ئاتالغان، 1984-يىلى يۇرۇڭقاش بازىرىغا تەۋە ئاچما كەنت كومىتېتى قىلىپ قۇرۇلدى.

### ئاچما

ئۇرنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 5 كىلومېتىر جايىدا، 30 ئائىلە، 145 نوپۇس بار، 1960-يىلى ئادەم يۆتكەپ ئەكىرىپ يەر ئېچىپ كەنت قىلغان-

لىقتىن ئاچما دەپ نام بېرىلگەن.

**بوستانقۇم**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 6 كىلومېتىر جايدا، چۆلگە تۇتۇشىدۇ. 44 ئائىلە، 160 نوپۇس بار. بۇ يەر ئەسلى قۇملۇق چۆل بولۇپ، 1960 ـ يىلى ئادەم يۆتكەپ ئەكىرىپ ئېچىپ بوستانقۇم دەپ نام بېرىلگەن.

**باغۋەن**


ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 6.4 كىلومېتىر جايدا، چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. 49 ئائىلە، 204 نوپۇس بار. بۇ يەرگە ئادەم يۆتكەپ كىرگەندە نامدار باغۋەن قولى بىلەن مېۋىلىك دەرەخلەر يېتىشكەنلىكتىن 1984 ـ يىلى باغۋەن دەپ نام بېرىلگەن.

**شاخدۆڭ**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 20 كىلومېتىر جايدا، تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، 20 ئائىلە، 99 نوپۇس بار. بىر يۇرۇش-لەشكەن قۇدۇق بولۇپ، سوغۇرۇش ئىشلىرى ۋە كىشىلەر ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا 40 مو كېلىدىغان مېۋىلىك باغ بار. بۇ يەردە ئەسلى يۇلغۇن ۋە توغراق كۆپ بولغانلىقتىن «شاخدۆڭ» دەپ نام ئالغان.


**چىغانلىق**

ئورنى يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 14 كىلومېتىر جايدا، تەكلىماكان چۆلى ئوتتۇرىسىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان. 39 ئائىلە، 159 نوپۇس بار. بۇ يەر كەنت بولۇشتىن بۇرۇن بىر ياپ چىغان ئۆسكەن جاي بولغاچقا «چىغانلىق» دەپ نام ئالغان.



جىيا يېزا يەرنامى خەرىتىسى
1:50000
يېڭىمەھەللە
لەڭگەر
ئاۋغاز
ئاچما
چۆل
تۆۋەن
ياغاتمەھەللە
داڭقانمەھەللە
دۆڭئېرىق
كوچا
ھېلىماتام
(تىكەنمەھەللە)
چوشۇرگەنمەھەللە
ئارقامەھەللە
ئاياغ كۆلئېرىق
يامۇكمەھەللە
دۆيالەڭگەر
دولانمەھەللە
ئاقمەھەللە
(سالجامەھەللە)
جىلغا ئېرىق
(دۆمباقمەھەللە)
چاڭگە بويى
ئازنە بازار
(چوْپئېرىق)
تېرەكلىك
جۆگۈمەھەللە
جىيا يېزا
يېڭىئاۋات
مەدرىسبويى
(قېيشمەھەللە)
كاللەتۆگمەن
(خوندەكمەھەللە)
قۇملۇق
يېزا
يامونئازما
يېڭىئاۋات
يۇرۇڭقاش بازار
دولقۇن
شەكلىك
يارتۆگمەن
ئاچما

# جىيا يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى



ئېرىق ئورمان بەلبېغى.

جىيا يېزىسى لوپ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 27 كىلومېتىر جايغا جايلاشقان. جەنۇبى يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ قوتچىلەڭگىرى ۋە سىيقىلا كەنتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى تەكلىماكان چۆلىگە تۇتىشىدۇ. شەرقى شىمال تەرىپى بويىيا يېزىسىنىڭ يېڭىئاۋات دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن، غەربى تەرىپى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇپتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلىقى 17 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى 4 كىلومىتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 69 كۋادرات كىلومېتىر، ھازىر 13 كەنت كومىتېتى، 40 تەبىئىي كەنت، 3082 ئائىلە، 12 مىڭ 812 نوپۇس بار، ھەممىسى ئۇيغۇر. يېزىلىق ھۆكۈمەتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى تېرەكلىك كەنتىدە.

جىيا "قورىغارنىڭ سۇ ئەھۋالى خاتىرىسى"، "شىنجاڭ تەزكىرىلىرى" دە "纪雅" دېگەن خەتلەر بىلەن يېزىلغان، ئۇيغۇرچە تارىخى مەنبەلەر تېخى تېپىلمىدى. جىيا دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە "جىرا" دىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. يەنى كەلكۈن سۇ يامراپ چېقىپ ئۆتكەن قىيپاش تۈزلەڭلىك دېگەن مەنىدە. زىمىن ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا بۇ يەر ئەسلىدىن تارتىپ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ لۆڭگە جايلاشقان بولغاچقا جەنۇبى ئېگىز، شىمالغا

سۇزۇلغانسىرى پەس بولۇپ، دائىم سۇ يالاپ ماڭغاچقا تۈزلەڭلىككە ئايلانغان. تىل ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا جىيا بىلەن يۇرۇڭقاشنىڭ تىل شۇۋىسىدە "يى" ھەرپى بىلەن "رى" ھەرپى ئۆز-ئارا ئالمىشىدۇ. "جىرا" دىن "جىيا"غا ئۆزگەرگەن دەپ پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جىيا خوتەنگە بىۋاستە قاراشلىق كالۇن (ھەربىي بىكەت)نىڭ بىرى ئىدى. گۇاڭشۈينىڭ 28-يىلى (مىلادى 1902-يىلى) لوپ ناھىيە قارمىقىدىكى ئۈچ مىڭ بەگلىكنىڭ بىرى بولغان ئالتىلە مىڭ بەگلىكىگە تەۋە بولدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۇەنتۇڭنىڭ 1-يىلى ئالتىلە مىڭ بەگلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۇسالا مىڭ بەگلىكى قۇرۇلغاندا شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇسالا مىڭ بەگلىكىگە تەۋە قىلىندى.

1934-يىلى يۇرۇڭقاش 2-رايوننىڭ 1-كەنتى بولدى. 1938-يىلى يۇرۇڭقاش 2-رايوندىن 4-رايونغا ئۆزگەرگەندە، جىيانىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىمۇ بىللە ئۆزگەردى. 1942-يىلى پۈتۈن ناھىيە ئالتە رايوندىن سەككىز رايونغا ئۆزگەرتىلگەندە يۇرۇڭقاش 6-رايون قىلىندى. جىيا ئايرىلىپ 7-رايون بولدى. 1944-يىلى پۈتۈن ناھىيىدە بوجاڭ-جاجاڭ تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا 7-رايون گۇڭنۇڭشاڭ (ئىشچى-دېھقانلار يېزىسى) دەپ ئاتالدى. 1947-يىلى 2-ئايدا يەنە جىيا يېزا دەپ ئايرىلدى. 1947-يىلى 12-ئايدا پۈتۈن ناھىيە تۆت جېن (بازار) بەش چوڭ يېزىغا ئايرىلغاندا جىيا يېزىسى يۇرۇڭقاش جېن (بازار) غا تەۋە قىلىندى.

1950-يىلى 4-ئايدا لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن ناھىيە يەتتە رايونغا ئايرىلغاندا، جىيا 7-رايون بولدى. 1954-يىلى 3-ئايدا 2-رايون (يۇرۇڭقاش) دىكى 7-ۋە 8-يېزا (تامئېغىل بىلەن سولۋا) ئىككى يېزىنى 7-رايونغا (جىيا رايونغا) ئايرىپ بەردى. شۇچاغدا جىيا رايوندا ئالتە يېزا 31 كەنت بار ئىدى. 1956-يىلى 12-ئايدا قورغان 1-رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، جىيا 7-رايوندىن 1-رايونغا ئۆزگەرتىلدى. 1958-يىلى 11-ئايدا 1-رايوندا شەرقشامىلى، سۇنئىي ھەمرا دېگەن ئىككى كوممۇنا قۇرۇلدى. 1959-يىلى 2-ئايدا ھەممىسى 2-رايون (يۇرۇڭقاش)قا قوشۇۋېتىلىپ، تىچلىق، قىزىلئېيۇلتۇز كوممۇنالىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، تاشقىن كوممۇنا قۇرۇلدى. 1961-يىلى 2-ئايدا جىيا يۇرۇڭقاشتىن ئايرىلىپ چىقىپ، يېڭىقۇرۇلۇش كوممۇناسى قۇرۇلدى. 1968-يىلى يېڭىقۇرۇلۇش كوممۇنا ئىنقىلابىي كومىتېت دەپ ئاتالدى. 1979-يىلى جىيا كوممۇنا دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1983-يىلى يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق جىيانىڭ خەنزۇچە 吉牙 دەپ يېزىلىشى 吉亚 غا ئۆزگەرتىلدى. 1984-يىلى 12-ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا جىيا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

جىيا يېزىسىنىڭ زېمىنى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئېقىن ۋادىسىغا جايلاشقان. زېمىنىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس قىيپاش تۈزلەڭلىك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1300 مېتىر، ھاۋاسى قۇرغاق، بوران كۆپ چىقىدۇ. تىپىك بولغان قۇرۇقلۇق قۇم خاراكتېرىدىكى ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5°C، 7-ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 24.5°C، 1-ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن

تۆۋەن 6.5°C ـ ، يىلىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 34 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن، قۇم تۇپراق، 25 مىڭ 238 مو تېرىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىقدان، قوشۇمچە پۇرچاق، پىلە ئۇجمىچىلىك، چارۋىچىلىق، يەل يىمىش ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شوغۇللىنىدۇ. 1985 ـ يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9 مىليون 561 مىڭ 671 جىڭ، ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 616 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق 746 جىڭ، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 312 مىڭ جىڭ، مايلىقدان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 102 مىڭ جىڭ. پىلە 10 مىڭ 142 جىڭ، قوتاندىكى قالدۇق چارۋا 24 مىڭ 874 تۇياق.

جىيا يېزىسىنىڭ سۇ مەنبەسى مول، يۇرۇڭقاش دەرياسى مۇشۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. جىيا ئۆستەڭى ناھىيىلىك باش زاكۇنىڭ غەربى ئوق ئۆستىڭىدىكى 2 ـ زاكۇدىن باشلىنىپ كەنتكە قاراپ ئاقىدۇ. كەنتلەردىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەر ۋە باغ ـ ئورمانزارلار مۇشۇنىڭ بىلەن سۇغۇرىلىدۇ. يىللىق سۇ تەقسىم بولۇش مىقدارى 40 مىليون كۇب، ھەرخىل سۇغۇرۇش ئۆستەڭلىرىنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 590 كىلومېتىر، جىيانىڭ بۇلاق سۈيى مول، قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدىكى قۇرغاقچىلىق مەزگىللىرىدە ئۆز تەۋەسىدىكى سۇغۇرۇش ئىشلىرىغا تولۇقلىما سۇ سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى دەريا سۈيى بىلەن قوشقاندا 27 مىڭ 575 مو غا يېتىدۇ.

يېزا باشقۇرۇۋاتقان كارخانىلاردا گىلەمچىلىك، خۇمدانچىلىق، پىلە بېقىش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۈچ ماشىنا، 23 ھەر خىل تىراكتور بار. جىيا يېزىسىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى قول بىلەن توقۇلىدىغان ئەتلەس بولۇپ، قەدىمكى زاماندىكى نۇسخىسى، بويىچە، رەڭگى كۆركەم، سۈپىتى ياخشى، تارىخى ئۇزۇن ھەم پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق. پۈتۈن يېزا بويىچە ھازىر 1280 ئائىلە ئەتلەس توقۇش بىلەن شوغۇللىنىدۇ. يىل بويى 3700 توپتىن ئارتۇق ھەرخىل ئەتلەس، شايى توقۇيالايدۇ. بۇ ئەتلەسلەر پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ھەتتا ئەرەپ دۆلەتلىرى رايونلىرىدا سېتىلىدۇ.

جىيا يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چوڭ ـ كىچىك قۇمات قەدىمكى زاماندا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقى ئېقىن ئورنى ئىدى. تارىخ ۋە گېئولوگىيە ئىلمى ساھەسىدىكىلەر ئۇنى "قۇمات يۇرۇڭقاش دەريا رايونى" دەپ ئاتايدۇ. ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندى تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىش ئارقىلىق "بۇ يەر قەدىمكى ئۇدۇننىڭ مەدەنىيەت، سىياسى مەركىزى، قەدىمكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ ئورنىدىكى ئاسار ئەتىقىلەر جەنۇبتىن شىمالغا 10 نەچچە چاقىرىم سوزۇلغان" بۇ داڭلىق خارابىلىقتا راۋاق خارابىلىقى، ئاقسىپىل شەھەر خارابىلىقى بار، "تاڭ دەۋرىدىكى قورىغار خاتىرىسى" دە خاتىرىلەنگەن چوڭ جالان ‹大伽兰› جەنمۇ بۇتخانىسى 梵摩寺 (جۇيمۇ بۇتخانىسى) خارابىلىقى قاتارلىقلارمۇ بار، چوڭ ـ كىچىك قۇماتتىن قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ. بۇنىڭ قەدىمدىن تارتىپ دۇنياغا دېڭى بار. "شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى" دە ئىزاھلانغان گوستانا دۆلىتى (ئۇدۇن دۆلىتى) دىن ئاق قاشتېشى، كۆك قاشتېشى چىقىدۇ. بۇ يەر ھازىر لوپتىكى چوڭ ـ كىچىك قۇمات دېيىلىدۇ" دەپ قارىغان. 1929 ـ يىلى پىرافىسور

خۇاڭ ۋېنبي بۇ يەر ھەققىدە «بۇ يەردىن كىشىلەر ئەڭ ئېسىل قاشتېشى كولايدۇ. قاشتېشىنى كىشىلەر قوي يېغىغا ئوخشۇتۇپ خۇددى قوينىڭ دۈمبىسىدەك سۈزۈك دېيىشىدۇ» دەپ يازغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى مىڭ ئائىلىدىن ئارتۇق ئىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە ئەمەلدار بەلگىلەپ پادىشاغا ھەدىيە قىلىدىغان قاشتېشى، ئالتۇن يىغاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جاچىڭ يىللىرى مەزگىلىدە شىنجاڭ چىڭ خاندانلىقىغا ھەدىيە قىلىدىغان ئېسىل قاشتېشىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ چوڭ-كىچىك قۇماتتىن چىقاتتى. ۋەھالەنكى، ھازىرقى قۇمات ناھايىتى كىچىك بىر يەرنامى سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، ئۇنىڭ شىمالى تەرىپىدىن ھازىرمۇ ئۇششاق كوزا سۇنۇقلىرى تېپىلىدۇ.

جىيا يېزىسىنىڭ يېزا ئاساسى قۇرۇلۇشى دەسلەپكى قەدەمدە لايىھەلىنىپ، ياخشى سالا ئېتىز، يول، ئېرىق-ئۆستەڭلەر بىر-بىرىگە تۇتىشىپ، ئورمان بىلەن قاپلانغان بىر ياخشى مەنزىرە شەكىللەنگەن. مەدەنى-مائارىپ، داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 19 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچىلەر 107 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1660 نەپەرگە يەتتى. دوختۇرخانا، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۆزىلى، كىنوخانا، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئاشلىق پونكىتى قۇرۇلدى. تەمىنلەش سودا كوپراتىپى، سودا تورلىرى ئاھالىلار رايونلىرىغا كېڭەيدى. ئىقتىسادى گۈللەنگەن، ئىلىم-سېتىم ئاۋاتلاشقان گۈزەل مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

# ئۆلچەملىك ناملار

**جىيا يېزىسى**

جىيا يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋال ماتېرىيالىغا قاراڭسۇن.

**تېرەكاملىك كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلوق ئورنى تېرەكلىكتە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 0.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 147 ئائىلە، 578 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1538 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتۇشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1961-يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا 3-باشتۇرۇش رايون 2-دادۈي ئىدى. 1983-يىلى تېرەكلىك دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 11-ئايدا تېرەكلىك كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تېرەكاملىك**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 0.5 كىلومېتىر جايدا. دەريا بويىدىكى تۈزلەڭلىك، 46 ئائىلە، 184 نوپۇس، 468 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئەتلەس، گىلەم. يېزىلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، كەسپى كارخانا ئورۇنلار موشۇ كەنتتە. بۇكەنتتە بۇرۇن قاتار كەتكەن تېرەك ئورمىنى ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن "تېرەكلىك" دەپ نام ئالغان.

**جۇگۇمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىدىكى 0.9 كىلومېتىر جايدا. 39 ئائىلە، 130 نوپۇس، 414 مو تېرىم يېرى بار. «جۇگۇ» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا "يالۋۇرۇش" "ئىلتىماس قىلىش" "تەلەپ قىلىش" مەنىسى بار. جۇگۇ لەقەملىكلەر مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنى كۆرسىتىدۇ.

**تايلاقمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىدىكى 0.6 كىلومېتىر جايدا. 45 ئائىلە، 134 نوپۇس، 465 مو تېرىم يېرى بار. «تايلاق» دېگەن سۆز تۆگىنىڭ تايلىقى (بالىسى)نى كۆرسىتىدو. تايلاق لەقەملىكلەر مەركەزلىشىپ بىر مەھەللە بولۇپ ئولتۇرغاچقا تايلاقمەھەللە دەپ نام ئالغان.

**جىلغا بويى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى ئويدانلىق-چوڭقۇر، 17 ئائىلە، 130 نوپۇس، 191 مو تېرىم يېرى بار. «جىلغا» سۇ ئېقىپ چۈشۈشتىن ھاسىل بولغان يەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەر يۇرۇڭقاش دەريا بويىغا جايلاشقان بولۇپ بىرقانچە ئېرىقنىڭ ئايىغى، سىزما سۇ ئېقىپ چۈشكەن يەر بولغاچقا "جىلغا بويى" دەپ ئاتالغان.

**تاۋىغاز كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى تاۋىغاز كەنتىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 8 كىلومېتىر جايىدا. يەر تۈزلىكى دەريا بويىدىكى تۈزلەڭلىك، زېمىنى تەكشى. ئۈچ تەبىئىي كەنت، 120 ئائىلە، 517 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 907 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ.

1958-يىلى تاشقىن كوممۇناغا تەۋە بولغان، 1961-يىلى يېڭى قورۇلۇش كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 1-دادۈي بولغان. 1978-يىلى جىيا كوممۇنا تاۋىغاز دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1984-يىلى تاۋىغاز كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تاۋىغاز**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 8 كىلومېتىر جايىدا. 23 ئائىلە، 125 نوپۇس، 250 مو تېرىم يېرى بار. «تاۋىغاز» نىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى ھەققىدە: داباس دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن قىياس بار. داباسنىڭ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قۇم دۆۋىلىرى دېگەن مەنىسى بار.

**ئاچما**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 8.3 كىلومېتىر جايىدا، جىيا ئۆستىڭىنىڭ ئاياغ ئۇچىدا. 23 ئائىلە، 59 نوپۇس، 200 مو تېرىم يېرى بار. كىشىلەر بۇ يەرنى يېڭىدىن ئېچىپ كەنت قىلغانلىقتىن ئاچما دەپ نام ئالغان.

**لەڭگەر**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 8.7 كىلومېتىر جايىدا. 34 ئائىلە، 140 نوپۇس، 270 مو تېرىم يېرى بار. "ئىمام ئاسىم" مازىرىغا تاۋاپ قىلىدىغان كىشىلەر مۇشۇ جايدا قونۇپ ئۆتكەچكە لەڭگەر دەپ نام ئالغان.

**سۇيائۇجىمالىك كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى پويەر كەنتىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 7.2 كىلومېتىر جايىدا. شىمال تەرىپى چۆللۈككە تۇتىشىدۇ. دەريا بويىدىكى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىك، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 150 ئائىلە، 611 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1497 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى

مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيول‒لار پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. «سۇيا» دېگەن سۆز «سۇ بويى» دىن ئۆزگەرگەن. (سۇ بويى ←سوۋويى ←سۇي ←سۇيا). بۇ يەر كەنت بولغاندىن كېيىن بىر پارچە خاس ئۇجمىلىك ئورمان يېتىشتۈرۈلگەنلىكتىن شۇنداق نام ئالغان.

1961 ‒ يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا 1 ‒ باشقۇرۇش رايون 1 ‒ دادۈي بولغان. 1983 ‒ يىلى سۇيا ئۇجمىلىك دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 ‒ يىلى 11 ‒ ئايدا ئەسلىدىكى ئۈتۈنچىبىرىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سۇيا ئۇجمىلىك كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

پويەر

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 7.2 كىلومېتىر جايدا. 68 ئائىلە، 277 نوپۇس، 442 مو تېرىم يەرى بار. پو يەر "ھېچنەرسە ئۈنمەيدىغان يەر" دېگەن مەنىدە، بۇرۇن بۇ يەردە ئادەم ئاز، يەر كۆپ بولۇپ، ھېچنەرسە ئۈندۈرەلمەي تاشلىۋەتكەنلىكتىن "پويەر" دەپ نام ئالغان.

تۆۋەن

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 6.5 كىلومېتىر جايدا. 68 ئائىلە، 292 نوپۇس، 584 مو تېرىم يەرى بار. بۇ يەر ئەسلى ئۆستەڭنىڭ ئايىغى بولغاچقا "تۆۋەن" دەپ نام ئالغان.

يېڭىمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 7.8 كىلومېتىر جايدا. 25 ئائىلە، 95 نوپۇس، 471 مو تېرىم يەرى بار. 1967 ‒ يىلى ئادەم يۆتكەپ ئەكىرىپ بوز يەر ئېچىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغاچقا "يېڭىمەھەللە" دەپ ئاتالغان.

كوچا كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى كوچا كەنتىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 5.7 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۇچ تەبىئىي كەنت. 202 ئائىلە، 825 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىم يەرى 1698 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىقدان. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. ئاددى تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ.

1961 ‒ يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا 1 ‒ باشقۇرۇش رايون 2 ‒ دادۈي بولغان. 1979 ‒ يىلى سۇيا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ‒ يىلى جىيا كوممۇنا كوچا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ‒ يىلى جىيا يېزىلىق كوچا كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

كوچا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 5.7 كىلومېتىر جايدا. 108 ئائىلە، 649 نوپۇس، 760 مو تېرىم يەرى بار. "كوچا" كەنتىدىكى ئاھالىلار رەت بويىچە كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە يېقىن ماكانلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا «كوچا» دەپ نام ئالغان.

داققىچەكلىك

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 6 كىلومېتىر جايدا. 60 ئائىلە، 252 نوپۇس، 833 مو تېرىم يېرى بار. [illegible] [illegible] ... كىشىلەرنىڭ [illegible] كەنت نامى كېلىپ چىققان.

دۆڭئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 5.3 كىلومېتىر جايدا. 40 ئائىلە، 178 نوپۇس، 370 مو تېرىم يېرى بار. "دۆڭئېرىق" ئەسلىدە ئېگىز يەردىن ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق نام ئالغان.

ئاياغ كۆلئېرىق كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى ئاياغ كۆلئېرىق كەنتىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 4.9 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى ئەلكىشى ئەممەس، بىر تەبىئىي كەنت، 194 ئائىلە، 797 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1195 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىقدان، تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1961-يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان. 1978-يىلى ئاياغ كۆلئېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى جىسيا يېزا ئاياغ كۆلئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

ئاياغ كۆلئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 4.9 كىلومېتىر جايدا. 194 ئائىلە، 797 نوپۇس، 1197 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلىدە بۇ يەركەنتنىڭ ئايىغى بولۇپ، شۇ كەنتتىكى كۆلئېرىق نامى بىلەن قوشۇلۇپ «ئاياغ كۆلئېرىق» دەپ نام ئالغان.

سۇيالەڭگەر كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى سۇيا لەڭگەر

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 4.1 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى ئەلكىشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 189 ئائىلە، 797 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1600 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، يېمە ئۆجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1961-يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 4-دادۈي بولغان. 1979-يىلى سۇيا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى ئەسلىدىكى 1-باشقۇرۇش رايون 6-7-دادۈيلەر بىلەن قوشۇلۇپ سۇيالەڭگەر كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

سۇيالەڭگەر

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 4.1 كىلومېتىر جايدا. 44 ئائىلە، 140 نوپۇس، 340 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتە يەل يېمىش كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئەسلىدە ئىمام ئاسىم مازىرىغا تاۋاپ قىلغۇچى كىشىلەر مۇشۇ سۇيا كەنتىدە قونۇپ ئۆتكەچكە «سۇيا-

لەڭگەر» دەپ نام ئالغان.

**يامۇكمەھەللە**

ئۇرنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 4.1 كىلومېتىر جايىدا. 38 ئائىلە، 183 نوپۇس، 320 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلىدە بۇ يەرگە «يامۇك» لەقەملىك كىشىلەر مەركەزلە-شىپ بىر مەھەللە بولغاچقا يامۇكمەھەللە دەپ نام ئالغان.

**ئارقامەھەللە**

ئۇرنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 4.2 كىلومېتىر جايىدا. 26 ئائىلە، 98 نوپۇس، 460 مو تېرىم يېرى بار. بۇ ئەسلى كەنتنىڭ ئايىغىدىكى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «ئارقا مەھەللە» دەپ ئاتالغان.

**هېلماتام كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى تىكەمەھەللە

ئۇرنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 4.8 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى ئېگىز ـ پەس بولۇپ، قۇم دۆۋىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۈچ تەبىئىي كەنت، 110 ئائىلە، 642 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1192 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىقدان. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ.

بۇ كەنت ئەسلى مۇشۇ كەنتتىكى «هېلماتام» ناملىق مازارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1969 ـ يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كومموٗنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 8 ـ دادۇي بولغان. 1978 ـ يىلى هېلماتام دادۇي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى جىيا يېزا هېلماتام كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تىكەمەھەللە**

ئۇرنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 4.8 كىلومېتىر جايىدا. 32 ئائىلە، 124 نوپۇس، 350 مو تېرىم يېرى بار. «تىكە» لەقەملىك كىشىلەر ئاۋال مۇشۇ كەنتنى بەرپا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**ياغاقمەھەللە**

ئۇرنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 5.6 كىلومېتىر جايىدا. 23 ئائىلە، 94 نوپۇس، 278 مو تېرىم يېرى بار. "ياغاق" لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**جىلغائېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى دۇمباقمەھەللە

ئۇرنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.1 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى دەريا بويىدىكى تۈزلەڭلىك، بىر تەبىئىي كەنت، 92 ئائىلە، 400 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1018 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەل ـ يېمىش كۆپ چىقىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكـ-تەپ بار. ئاددى تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. بۇ يەر دەريا بويىغا جايلاشقان بولغاچقا دەريا بويىدىكى قىيپاش يەرگە بىرقانچە ئېرىقنىڭ ئايىغى قوشۇلۇپ سۇ ئاققانلىقتىن «جىلغا ئېرىق» دەپ نام ئالغان. بۇ كەنت 1961 ـ يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنانىڭ 2 ـ باشقۇرۇش

رايون 9-، 10-دادۇي بولغان. 1978-يىلى ئىككى دادۇي بىرلىشىپ «جىلغادادۇي» دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى جىيا يېزا جىلغا ئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### دۇمباقمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.1 كىلومېتىر جايىدا. 28 ئائىلە، 118 نوپۇس، 217 مو تېرىم يېرى بار. «دۇمباق» لەقەملىك كىشىلەر دەسلەپتە كەنت بىنا قىلغاچقا كىشىلەرنىڭ لەقىمى كەنت نامىغا ئايلانغان.

### ئاقمەھەللە كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى ئاقمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 170ئائىلە، 717 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2166 مو. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. يەل-يېمىش كۆپ چىقىدۇ. بۇرۇن بۇ مەھەللە كىشىلىرى ئىچىدە ئاق تېرە كىسەلگە گىرىپتار بولغانلار كۆپرەك بولۇپ ئاقمەھەللە دەپ نام ئالغان.

1961-يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا 2-باشقۇرۇش رايون 6-دادۇي بولغان. 1978-يىلى ئاقمەھەللە دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 9-10-دادۇينى بىرلەشتۈرۈپ ئاقمەھەللە كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### سالجامەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايىدا. 30 ئائىلە، 130 نوپۇس، 310 مو تېرىم يېرى بار. يەل-يېمىش كۆپ چىقىدۇ. ئەسلى «سالجا» لەقەملىك كىشىلەر ماكانلىشىپ كەنت بولغاچقا «سالجامەھەللە» دەپ نام ئالغان.

### دولانمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.6 كىلومېتىر جايىدا. 98 ئائىلە، 120 نوپۇس، 231 مو تېرىم يېرى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە 200 يىل بۇرۇن قەشقەردىن «دولان» لەقەملىك بىر كىشى مۇشۇ يەرگە كېلىپ ماكانلاشقاچقا شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن «دولان-مەھەللە» دەپ ئاتالغان. دولان قەدىمكى زاماندا موغۇللار تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

### ئازنەبازار كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى چۆپچېرىق مەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 0.9 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 185 ئائىلە، 692 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1255 مو. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاددىي تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. بۇ يەر جىيا يېزىسى بويىچە تارىختىن بۇيان «جۈمە» كۈنلۈكتە قىزىيدىغان بازار بولغاچقا «ئازنە بازار» دەپ نام ئالغان.

1961-يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كومۇنا 9-دادۇي بولغان. 1978-يىلى «بازار دادۇي» دەپ

ئۆزگەرتىلگەن، 1984 ـ يىلى ئازنە بازار كەنت كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان.

**چۆپئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 0.9 كىلومېتىر جايدا. 58 ئائىلە، 219 نوپۇس، 475 مو تېرىم يېرى بار. «چۆپ» ئوت ـ چۆپ مەنىسىدە، بۇ كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، چۆپ لەقەملىك كىشىلەر ياسىغان ئېرىق نامى بىلەن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**يېڭىئاۋات**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا. 29 ئائىلە، 90 نوپۇس، 294 مو تېرىم يېرى بار. 1960 ـ يىلى ئادەم يۆتكەپ يېڭىدىن كەنت بولغان. شۇڭا يېڭىئاۋات دەپ نام ئالغان.

**مەدرىسبويى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى قېيىشمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 0.9 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 196 ئائىلە، 763 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1698 مو . ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىقدان. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر چوڭ مەدرىس بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تالىپلىرى يېتىشتۈرۈلەتتى. شۇڭا مەدرىسبويى دەپ نام ئالغان.

1961 ـ يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا 10 ـ دادۈي بولغان، 1978 ـ يىلى بەختىيار دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى جىيا يېزا مەدرىسبويى دىگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**قېيىشمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 0.9 كىلومېتىر جايدا. 66 ئائىلە، 190 نوپۇس، 410 مو تېرىم يېرى بار. «قېيىش» دىگەن «زورمۇ زور زىددىيەتلىشىش» مەنىسىدە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ لەقىمى كەنت نامىغا ئايلانغان.

**كالتەتۈگمەن كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى خوندەكمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 1.1 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 140 ئائىلە، 539 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1103 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىقدان، قوشۇمچە پىلە ئۆجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. ئەسلىدە بۇ يەردە سۇ تۈگمىنى چۆرگەن ئادەم پاكار بولغاچقا ئۇنىڭ لەقىمى بىلەن «كالتە تۈگمەن» دەپ نام ئالغان ۋە كەنت نامىغا ئايلانغان.

1961 ـ يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا 11 ـ دادۈي بولغان، 1978 ـ يىلى كالتەتۈگمەن دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى «كالتەتۈگمەن» كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**خوندەكمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 1.1 كىلومېتىر جايدا. 38 ئائىلە،

140 نوپۇس، 380 مو تېرىم يېرى بار. «خوندەك» بالدۇر پىشىدىغان ئۆرۈك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ لەقىمى كەنت نامىغا ئايلانغان.

تۇرۇشلۇق ئورنى قۇياگمەھەللىدە

**يارتۈگمەن كەنت كومىتېتى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 186 ئائىلە، 760 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1253 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆز-مىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ.


«يار تۈگمەن» نىڭ مەنىسى-سۇ يار ئېلىپ كەتكەن جايدا چۆرگەن تۈگمەن دېگەن مەنىدە. 1961-يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا 12-دادۈي بولغان. 1978-يىلى يارتۈگمەن دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى يارتۈگمەن كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**قۇياگمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايدا. 90 ئائىلە، 370 نوپۇس، 546 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئەتلەس، «قۇياك» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كەنت نامىغا ئايلانغان.

**يېڭىئاۋات**

ئورنى: يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.9 كىلومېتىر جايدا. 24 ئائىلە، 95 نوپۇس، 227 مو تېرىم يېرى بار. 1960-يىلى ئادەم يۆتكەپ يەر ئېچىپ كەنت قىلغاچقا يېڭىئاۋات دەپ نام ئالغان.



بويا يېزا يەر نامى خەرىتىسى
1:50000
قۇمات
ئاياغشاخلىق
شاخلىق
لايقا
ئۆچكىرىكى چارباغ
داكىچمەھەللە
ئۆچلۆققۇم
سۆگەتئېرىق
تامئېغىل
تاشقىرىقى چارباغ
سولۇا
(داشولۇا)
ئۆرغۇيچمەھەللە
ئۆچلۆققۇم
(چۆلۈكمەھەللە)
ياچاقمەھەللە
قالغاچمەھەللە
ئامچىلا
(قىيلاگمەھەللە)
قارابىس
تارايچمەھەللە
چارباغ
قوجاقئېرىق
(گاراگمەھەللە)
قاراقاش مەھەللە
قازانچمەھەللە
ئېگىز ئېرىق
(قىرىمچمەھەللە)
بۇرۇڭقاش
بويا مازار
(زەگەرمەھەللە)
ئېگىز بوستان
(كونچمەھەللە)
كەنت ئېرىق
بويا يېزا
خەلپە ئېرىق
قوچاق
بامىي
ئوچۇغئېرىق
يوگبازار
شالاق
قېيشمەھەللە
ئاياغكونزي
(چاركوچا)
بوياتايرش
ئوتنۇراكونزي
(ئۆرۈۋكوچا)
ياغچمەھەللە
تېتىر باغ
پۈلچكوچا
ئالتىلە
(خالدا مەھەللە)
ئاياغچالمي
(كاللەكمەھەللە)
ئاقمەھەللە
ئۈستەڭبويى
باشكونزي
ياغمەھەللە
مالۇبويى
دۆگزارەت
كەنتئېرىق
بازار
مونجاقمەھەللە
قالغاچمەھەللە
چالمي
(دۆگمەھەللە)
ئۇلەكبوي
قۆزەتمەھەللە
يېزا
ئوتچى
(خەلپە مەھەللە)
يارلىق
ئويلەگگەر
ماتاگمەھەللە
ياركەنت
ساگا
كانچئېرىق
كوتمەھەللە
چارباغ يېزا
جەگرەتمەھەللە
تېتىر
قېيشمەھەللە
ناۋا
يېزا
سامپۇل
1:1000000

# بۇيا يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى



ئۈژمىزارلىق.

بۇيا يېزىسى لوپ ناھىيە شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ناھىيە شەھىرى بىلەن تۈز ئارىلىقى 20 كىلومېتىر، شەرقى چارباغ يېزىسى بىلەن قوشنا، جەنۇبى ناۋا يېزىسىنىڭ تۆۋەن قاراقىر كەنتىگە تۇتىشىدۇ. غەربى يۇرۇڭقاش بازىرى بىلەن تۇتاش، شىمالى تەكلىماكان چۆلىگە تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 3 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 60 كۋادرات كىلومېتىر، 17 كەنت كومىتېت، 41 تەبىئىي كەنت، 4490 ئائىلە، 11900 نوپۇس بار، ھەممىسى ئۇيغۇر. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق ئورۇن كۆنچىمەھەللىدە. «بۇيا» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى ھەققىدە ئۈچ خىل رىۋايەت بار.

بىرى: «بۇيا» دېگەن«بويى» دىن ئۆزگەرگەن دېيىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەر قەدىمكى زاماندا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئېقىن ئورنى بولۇپ، دەسلەپتە كىشىلەر مۇشۇ دەريا بويىغا

كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان ۋە بۇ يەر «دەريا بويى» دەپ ئاتالغان. مازار شەكىللەنگەندىن كېيىن «بويى بازار» دەپ نام قويۇلغان.

2 ـ رىۋايەتتە «بۇيا» دېگەن «ھىد بۇي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېيىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، 900 يىل بۇرۇنقى ئىسلام دىنى مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان ئىمام مۇھەممەت نەقىي بىلەن ئىمام مۇھەممەت تەقىي دېگەن دادا ـ بالا ئىككىسى ئۇرۇشتا شېھىت بولۇپ، مۇشۇ مازارغا كۆمۈلگەن. 100 يىللاردىن كېيىن قەشقەرلىك يۈسۈپ قادىرخان بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇ ئىككى بۇزرۇكۋارنىڭ قەبرىسىنى تاپالماي شۇ مازارغا «بۇي كىپەك» كۆيدۈرگەن ۋە ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ ئىككى بۇزرۇكۋارنىڭ قەبرىسى تېپىلغان. شۇندىن بۇيان بۇ مازارنىڭ نامى «بۇي مازار» دەپ ئاتالغان. 3 ـ رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇرۇندىن تارتىپ بۇ مازاردا بۇيا كۆپ ئۆسىدۇ. شۇڭا «بۇيا مازار» دەپ ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ مازاردا بۇيا ۋە قومۇش ئەڭ كۆپ ئۆسىدۇ.

بۇيا مازارنىڭ تەخمىنەن 800 يىللىق تارىخى بار دېگەن پەرەز بار. بۇ يۇرۇڭقاش، بۇيا قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلارنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، قەبرە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆلىمى 80 مو كېلىدۇ. مازاردا ئىككى قەبرە قاتۇرۇلغان ئۆي، بىر مەسچىت، ئىككى قىرائەتخانا ياسالغان. قورۇلۇش كۆلىمى 500 كىۋادرات مېتىر، ئىسلام دىنى تەقۋادارلىرى دائىم بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ يانىدۇ.

بۇيا يېزا يۇرۇڭقاشنىڭ تەۋەلىكى بىلەن بىللە بۇرۇن خوتەنگە تەۋە ئىدى. لوپ ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن لوپقا قاراشلىق ئاتىلە مىڭ بەگلىكىگە تەۋە قىلىندى.

1934 ـ يىلى 2 ـ رايون (يۇرۇڭقاش)غا تەۋە بولغان. 1938 ـ يىلى يۇرۇڭقاش 4 ـ رايونغا ئۆزگەرتىلگەندە بۇيا ئۆز تەۋەلىكى بويىچە ئۆزگەرگەن. 1942 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە سەككىز رايونغا ئايرىلىپ، يۇرۇڭقاش 6 ـ رايون بولغاندا بۇيا تەۋەلىكى شۇنىڭغا بىللە ئۆزگەرگەن. 1944 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىدە بوجاڭ ـ جاجاڭ تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا بۇيا فەنشىن شاڭ (گۈللىنىش يېزىسى) دەپ ئاتالغان. 1947 ـ يىلى فەنشىن شاڭ (گۈللىنىش يېزىسى) يەنە بۇيا يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1947 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پۈتۈن ناھىيە تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىغا ئايرىلغاندا بۇيا شۇنىڭ بىرى بولغان. 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پۈتۈن ناھىيە يېڭىدىن يەتتە رايونغا ئايرىلغاندا بۇيا 2 ـ رايون (يۇرۇڭقاشقا تەۋە) 4 ـ يېزا دەپ ئاتالغان. 1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يۇرۇڭقاشتا ئىككى كوممۇنا قۇرۇلغاندا بۇيا تىنچلىق كوممۇناغا تەۋە بولغان. 1959 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 1 ـ، 2 ـ رايون (جىيا، يۇرۇڭقاش)نى بىرلەشتۈرۈپ تاشقىن كوممۇنا قۇرۇلغاندا، بۇيا مۇشۇ كوممۇنانىڭ 2 ـ باشقۇرۇش رايونى بولغان. 1979 ـ يىلى بۇيا باشقۇرۇش رايونى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بۇيانىڭ خەنزۇچە 布亚 دەپ يېزىلىشى 布牙 قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا بۇيا يۇرۇڭقاشتىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا بۇيا يېزا دەپ ئاتالدى ۋە بۇيا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

بۇيا يېزا يۇرۇڭقاش دەريا ئېقىن بويىدىكى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. يەر شەكلى جەھەتتە جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1400

مىتېر، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق. شامال كۆپ چىقىدۇ. تېپىك بولغان قۇرۇقلۇق چۆل خاراكتېرلىق ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.5°C، 7-ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.5°C، 1-ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 6°C-، تارىخى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 32.5 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن. قۇم تۇپراق. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 42 مىڭ 357 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىقدان، قوشۇمچە پۇرچاق، پىلە ئۈجمىچىلىك، يەل-يېمىش تېرىلىدۇ، چارۋا بېقىلىدۇ. 1985-يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 18 مىليون 93 مىڭ جىڭ، ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 740 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق 1005 جىڭ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 430 مىڭ جىڭ. مايلىقداننىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 310 مىڭ جىڭ، پىلىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8862.6 جىڭ، قوتاندىكى قالدۇق چارۋا 29 مىڭ 58 تۇياق.

بويا يېزا لوپ ناھىيىسىنىڭ مۇھىم دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. سۇ مەنبەسى يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن كېلىدۇ. ھەر يىلى دەريادىن تەخمىنەن 64 مىليون 50 مىڭ كۇب سۇ ئېقىپ كىرىپ، پۈتۈن يېزىنىڭ تېرىلغۇ يەر، ئۈجمىزار، باغ، ئورمانزارلىرى سۇغۇرىلىدۇ. يېزا ئاساسى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپ، سالا ئېتىز، ئورمان بەلباغ، ئېرىق-ئۆستەڭ، تاشيوللار بىر گەۋدە قىلىنغان ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

يېزا بازار كارخانىلىرى جەھەتتە ھازىر قىش خۇمدان، ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش زاۋۇتى (ئۇن، ياغ) قاتارلىق زاۋۇتلار بار. ئىككى ماشىنا، 20 ھەر خىل تىراكتور بار.

ھازىر 19 باشلانغۇچ مەكتەپ، 3565 نەپەر ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى بار. كەنت دەرىجىلىك ساقلىقنى ساقلاش ئورۇنلىرى 24، يەنە مەدەنىيەت پونكىتلىرىمۇ بار. سودا تەمىنات تورلىرى ھەرقايسى ئاھالىلار رايونىغا يېيىلغان.

# ئۆلچەملىك ناملار

**بۇيا يېزىسى**

بۇيا يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋال ماتېرىيالىغا قاراڭ

**كۆنچىمەھەللە**

ئورنى يېزىسلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 200 مېتىر جايدا. 91 ئائىلە، 190 نوپۇس، 669 مو تېرىلغۇ يېرى بار. بۇ مەھەللىدىكى ئادەملەر بۇرۇندىن تارتىپ كالا، قوي تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ كۆن ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن كۆنچىمەھەللە دەپ نام ئالغان.

بۇيا يېزىلىق پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپى كارخانا ئورۇنلىرى مۇشۇ كەنتكە جايلاشقان بولۇپ، بۇيا يېزىسىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت مەركىزى ھېساپلىنىدۇ.

**بۇيامازار كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى زەگەرمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرققە قىيپاش شىمالىدىكى 750 مېتىر جايدا، بۇيا ئۆستىڭىنىڭ شەرقىدە، زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 292 ئائىلە، 1007 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2723 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللار پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. بۇ كەنتتە 80 مو كۆلەملىك بىر چوڭ مازار بولۇپ، بۇرۇن بۇيا ناھايىتى كۆپ ئۆسىدىغان بولغاچقا «بۇيا مازار» دەپ نام ئالغان ۋە كەنت نامىغا ئايلانغان.

1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 1-دادۈي بولغان، 1979-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا بۇيا مازار دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى بۇيا ئايرىم يېزا قىلىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇيا يېزا بۇيا مازار كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

**زەگەرمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 750 مېتىر جايدا، 43 ئائىلە، 140 نوپۇس، 285 مو تېرىلغۇ يېرى بار. «زەگەر مەھەللە» ئەسلى زەگەرچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**كەنتئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 300 مېتىر جايدا، 29 ئائىلە، 88 نوپۇس، 272 مو تېرىلغۇ يېرى بار. بۇ ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن كەنت بولۇپ، ئېرىق نامى بىلەن «كەنتئېرىق» دەپ ئاتالغان.

### قازانچىمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايدا، 40 ئائىلە، 132 نوپۇس، 254 مو تېرىم يېرى بار. بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى بۇرۇندىن تارتىپ قازان ئېتىپ سېتىش بىلەن داڭقى چىققانلىقتىن «قازانچىمەھەللە» دەپ ئاتالغان.

### تېتىر كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئۇرنى تېتىر كەنتىدە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 8.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 375 ئائىلە، 1485 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 3975 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 1-دادۈي بولغان. 1979-يىلى يۇرۇكقاش كوممۇنا تېتىر دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى بۇيا يېزىسى ئايرىم يېزا بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى يايلىغان دادۈي بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بۇيا يېزا تېتىر كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

### تېتىر

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 8.5 كىلومېتىر جايدا، 215 ئائىلە، 898 نوپۇس، 1232 مو تېرىم يېرى بار. «تېتىر» دېگەن سۆز ئالتۇن تاسقايدىغان جاي دېگەن مەنىدە، قەدىمكى زاماندا بۇ يەر يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئېقىن ئۇرنى بولغانلىقتىن كىشىلەر ھەمىشە مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئالتۇن تاسقىغان. يېقىنقى زامانلاردىن بويان كىشىلەر بۇ يەرنى كەنت قىلغاندىن كېيىن تېتىر دېگەن سۆز كەنت نامىغا ئايلانغان.

### جەگرەنمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 8.6 كىلومېتىر جايدا. 39 ئائىلە، 164 نوپۇس، 569 مو تېرىم يېرى بار. «جەگرەن» لەقەملىك كىشىلەر بىر مەھەللە بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### قېيىشمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 9.4 كىلومېتىر جايدا، 53 ئائىلە، 196 نوپۇس، 635 مو تېرىم يېرى بار. "قېيىش" لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### كانچىئېرىق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئۇرنى كانچىئېرىق

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 6.6 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 392 ئائىلە، 1551 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 4194 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان، 1979-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا كانچىئېرىق دادۈي دەپ ئاتالغان،

1984 ـ يىلى بۇيا يېزىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇيا يېزىغا تەۋە كانچىئېرىق كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

**كانچەئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 6.6 كىلومېتىر جايدا، 172 ئائىلە، 713 نوپۇس، 1767 مو تېرىم يېرى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئەڭ بۇرۇن كېرىيەدىن ئالتۇن كولاش ئۈچۈن كەلگەن كانچىلار يەرلىك دېھقانلارغا ياردەملىشىپ ئېرىق چېپىشىپ بەرگەنلىكتىن «كانچىئېرىق» دەپ نام ئالغان.

**كوتمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 6.9 كىلومېتىر جايدا، 49 ئائىلە، 173 نوپۇس، 530 مو تېرىم يېرى بار. «كوت» دېگەن سۆز كىشىلەرنىڭ لەقىمىگە قارىتىلغان. كوت لەقەملىك كىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**چالمي كەنت كومىتېتى**
تۇرۇشلۇق ئورنى دۆڭمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 5.5 كىلومېتىر جايدا، كونىزي ئۆستىڭىنىڭ شەرقىدە، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 162 ئائىلە، 502 نوپۇس، 1382 مو تېرىم يېرى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتاشقان. ۋىلايەتلىك پىلە ئۈژمىچىلىك پونكىتىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپى مۇشۇ كەنتتە. بۇيا كۆمۈركان تاشيولى مۇشۇ كەنتتىن ئۆتىدۇ.

«چالمي» دېگەن سۆز «چالما يەر»دىن ئۆزگەرگەن. قەدىمكى زاماندا بۇ يەر يۇرۇڭقاش دەريا ئېقىن ئورنى بولۇپ، مۇندىن تەخمىنەن 500 يىل ئىلگىرى دەريا ئېقىنى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن بۇ يەر توپ ـ توز سىغىز توپراق يەرگە ئايلانغان. تەخمىنەن 300 يىلدىن بۇيان كىشىلەر بۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغاندا سىغىز چالما قېتىۋېلىپ، تېرىقچىلىق قىلىش تەس بولغاچقا «چالما يەر» دەپ ئاتاشقان. كېيىن «چالمي» غا ئۆزگەرگەن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. 1958 ـ يىلى تاشقىن كوممۇنا 1 ـ باشقۇرۇش رايون 5 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا چالميا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى «چالمي» دەپ تۈزىتىلگەن. 1984 ـ يىلى بۇيا يېزىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇيا يېزىغا تەۋە چالمي كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالدى.

**دۆڭمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 5.5 كىلومېتىر جايدا، 42 ئائىلە، 164 نوپۇس، 397 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتنىڭ زېمىنى ئېگىز بولغانلىقتىن دۆڭمەھەللە دەپ نام ئالغان.

**قۇۋۋەتمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 5.9 كىلومېتىر جايدا. 36 ئائىلە،

152 نوپۇس، 439 مو تېرىم يېرى بار. "قۇۋۇەت" دېگەن سۆزكىشلەرنىڭ لەقىمىگە قارىتىلغان. لەقەمدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

## دۆڭزارەت كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلوق ئورنى دۆڭزارەت

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 4.8 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، بەش تەبىئىي كەنت، 315 ئائىلە، 1178 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2825 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلوق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. ئاددى تاشيوللار پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ، 1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 2-باشقۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان. 1979-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا دۆڭزارەت دادۈي دەپ ئاتالغان، 1984-يىلى بويا يېزىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى كەنتئېرىق دادۈي بىلەن بىرلەشتۈرۈپ دۆڭزارەت كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### دۆڭزارەت

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 4.5 كىلومېتىر جايدا، 40 ئائىلە، 170 نوپۇس، 334 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەردە تەخمىنەن ئۈچ مېتىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشقان بىر چوڭ مازار بولغانلىقتىن دۆڭزارەت دەپ نام ئالغان.

### مونجاقمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 4.9 كىلومېتىر جايدا. 38 ئائىلە، 138 نوپۇس، 298 مو تېرىم يېرى بار. "مونجاق" لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### كەنتئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 4.7 كىلومېتىر جايدا. 34 ئائىلە، 129 نوپۇس، 295 مو تېرىم يېرى بار. بۇيەر كېيىنراق كەنت بولغان ۋە ئېرىقى قايتا يېڭىلاپ ياسالغانلىقتىن كەنتئېرىق دەپ ئاتالغان.

### قالىغاچمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 5.4 كىلومېتىر جايدا. 41 ئائىلە، 140 نوپۇس، 615 مو تېرىم يېرى بار. "قالىغاچ" لەقەملىك كىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### ئىلەكبويى

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 5.7 كىلومېتىر جايدا. 35 ئائىلە، 130 نوپۇس، 530 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن ھاڭگىي ئۆستەڭ بويىدا بىر سىزما ئېرىق بولۇپ، دائىم بۇ يەردە سۇ توختاپ قالغانلىقتىن "ئىلەكبويى" دەپ نام ئالغان.

## باشكونزي كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلوق ئورنى باشكونزي

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 3.8 كىلومېتىر جايدا، كونزي ئۆستىڭىنىڭ شەرقىدە، زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 180 ئائىلە، 697 نوپۇس بار.

دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىم يېرى 1085 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 - يىلى تاشقىن كوممۇنا 2 - باشقۇرۇش رايون 4 - دادۈي بولغان. 1979 - يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا باش كونزىيا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1983 - يىلى باشكونزىي دەپ تۈزىتىلگەن. 1984 - يىلى بۇيا يېزا باشكونزىي كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

**باشكونزىي**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 3.8 كىلومېتىر جايدا. 180 ئائىلە، 697 نوپۇس، 1085 مو تېرىم يېرى بار. "كونزىي" دىگەن سۆز "كونازەي" (كونازەيلىك يەر) دىن ئۆزگەرگەن. بۇ يەر ھاڭگىي ئۆستىڭى بويىدىكى كونا زەيلىك يەرگە جايلاشقانلىقتىن "كونازەي" دەپ ئاتالغان، كېيىن "كونزىي" بولۇپ قالغان، بۇ خېلى كەڭ زېمىنغا ئىگە بىر پۈتۈن يېزا بولۇپ، بۇ كەنت باش تەرەپكە جايلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تۇرۇشلۇق ئورنى كالاكمەھەللە

**ئاياغچالمى كەنت كومىتېتى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.8 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 180 ئائىلە، 691 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1618 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. 1958 - يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا 2 - باشقۇرۇش رايون 6 - دادۈي بولغان. 1979 - يىلى باش ئالتىلە دادۈي دەپ ئاتالغان. 1983 - يىلى يەرناملىرىنى تەكشۈرۈشتە ئاياغچالمى دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى بۇيا يېزا ئاياغچالمى كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

**كالاكمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.8 كىلومېتىر جايدا. 39 ئائىلە، 140 نوپۇس، 368 مو تېرىم يېرى بار. "كاللەك" لەقەملىك كىشىلەر مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئاقمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 3.1 كىلومېتىر جايدا. 43 ئائىلە، 198 نوپۇس، 425 مو تېرىم يېرى بار، "ئاق" لەقەملىك كىشلەر مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۆستەڭبويى**

ئورنى: يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 3.7 كىلومېتىر جايدا. 49 ئائىلە، 190 نوپۇس، 375 مو تېرىم يېرى بار. بۇ ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان كەنت بولغانلىقتىن 1986 - يىلى ئۆستەڭبويى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

**بۇياتايرىش كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى بۇياتايرىش

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 242 ئائىلە، 567 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1052 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان پىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتۇشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 2-دادۈي بولغان. 1979-يىلى يۇرۇقاش كوممۇنا بۇيا دادۈي دەپ ئاتالغان، 1983-يىلى يەر نامىلىرىنى تەكشۈرۈشتە بۇيا ئايرىش دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى بۇيا يېزا بۇيا ئايرىش كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

**بۇياتايرىش**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايدا، 203 ئائىلە، 366 نوپۇس، 834 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلى مۇشۇ كەنتتە بۇيا ئۆستەڭى ۋە لوپ- سامپۇل تاشيولى ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، بۇيا ئايرىش دەپ نام قويۇلغان.

**ئاياغكونزي كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى چاركوچا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 211 ئائىلە، 809 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1930 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمە- چىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ يەر پۈتۈن كونزيكەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئاياغ كونزي دەپ ئاتالغان. 1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان. 1979-يىلى يۇرۇقاش كوممۇنا ئاياغ كونزىيا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى يەر نامىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئاياغكونزي دادۈي دەپ ئۆزگەرتكەن. 1984-يىلى بۇيا يېزا ئاياغكونزي كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

**چاركوچا**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايدا، 32 ئائىلە، 133 نوپۇس، 527 مو تېرىم يېرى بار. كىشىلەرنىڭ لەقەمىدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

**شالاق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.25 كىلومېتىر جايدا. 42 ئائىلە، 183 نوپۇس، 585 مو تېرىم يېرى بار. كىشىلەرنىڭ لەقەمىدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان. «شالاق»-ئالدىراڭغۇ دېگەن مەنىدە

**ئېگىزبوستان كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ئېگىزبوستان

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 0.75 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 192 ئائىلە، 778نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2583 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىق دان، يىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتاشقان. ناھىيىلىك كۆچەتخانا مۇشۇ كەنتتە.

1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 4-دادۈي بولغان. 1979-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا ئېگىز بوستان دادۈي دەپ ئاتالغان، 1984-يىلى بۇيا يېزا ئېگىز بوستان كەنت كومىتېتى قىلىپ قۇرۇلغان.

**ئېگىز بوستان**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 0.75 كىلومېتىر جايدا، 192 ئائىلە، 778 نوپۇس، 2583 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەرنىڭ زېمىنى ئېگىزراق بولۇپ، بۇرۇندىن تارتىپ بىر تۈپ يوغان تېرەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، تېرەك تۈۋىگە كىشىلەر يىغىلىپ، نەغمە-ناۋا قىزىتقانلىقتىن ئېگىز بوستان دەپ نام ئالغان.

**تامچىلا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى قىيلاڭمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 1.65 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى. 3 تەبىئىي كەنت. 173 ئائىلە، 707 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1546 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىق دان، يىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاددى تاشيولىرى پۈتۈن كەنتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. «تامچىلا» تام سالغۇچى كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇرۇندىن تارتىپ بۇ كەنتنىڭ كىشىلىرى تام سېلىشقا ئۇستا بولغاچقا، تامچىلا دەپ نام ئالغان. 1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 5-دادۈي بولغان. 1979-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا تامچىلا دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى بۇيا يېزا تامچىلا كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالدى.

**قىيلاڭمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 1.65 كىلومېتىر جايدا، 37 ئائىلە، 148 نوپۇس، 463 مو تېرىم يېرى بار. قىيلاڭ لەقەملىك كىشىلەر مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنى كۆرسىتىدۇ.

**قارابىسمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 1.55 كىلومېتىر جايدا. 37 ئائىلە، 153 نوپۇس، 531 مو تېرىم يېرى بار. قارابىس لەقەملىك كىشىلەر مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنى كۆرسىتىدۇ.

**قالمغاچمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.92 كىلومېتىر جايدا. 38 ئائىلە، 146 نوپۇس، 552 مو تېرىم يېرى بار. كىشىلەرنىڭ لەقىمى كەنت نامىغا ئايلانغان.

## تۇرۇشلۇق ئورنى تامئېغىل كەنتتە
## تامئېغىل كەنت كومىتېتى

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.25 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 219 ئائىلە، 1005 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2116 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. گىلەم بۇ كەنتنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېساپلىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتاشقان. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى جىيا رايون شەرق شامىلى كوممۇناغا تەۋە بولغان، 1960-يىلى تاشقىن كوممۇنا 6-باشقۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان. 1961-يىلى جىيا يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇناغا تەۋە قىلىنىپ، 4-باشقۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان. 1969-يىلى قايتىدىن تاشقىن كوممۇناغا تەۋە قىلىنىپ، 4-باشقۇرۇش رايونىنىڭ 3-دادۈيى بولغان. 1979-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا تامئېغىل دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى بۇيا يېزىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇيا يېزا تامئېغىل كەنت كومىتېتى قىلىپ قۇرۇلغان.

### تامئېغىل

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.25 كىلومېتىر جايدا. 113 ئائىلە، 505 نوپۇس، 609 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر ئەسلى جاڭگاللىق بولۇپ، كىشىلەر چارۋا مال بېقىش جەريانىدا بۇ يەرگە تام سوقۇپ ئېغىل ئەتكەن. شۇنىڭ بىلەن «تامئېغىل» دەپ نام ئالغان.

### سۆگەتئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، 108 ئائىلە، 500 نوپۇس. 1216 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلىدە بۇ يەردىكى سۇلاغ ئېرىقنىڭ بېشىدا بىر تۈپ يوغان سۆگەت دەرىخى بولغاچقا سۆگەتئېرىق دەپ نام ئالغان.

## تۇرۇشلۇق ئورنى چۇلۇكمەھەللە
## ئۈچاۇقۇم كەنت كومىتېتى

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا، ئىككى تەبىئىي كەنت، 115 ئائىلە، 590 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 823 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ.

1958-يىلى جىيا رايون شەرق شامىلى كوممۇناغا تەۋە بولغان. 1960-يىلى تاشقىن كوممۇناغا تەۋە 6-باشقۇرۇش رايون 4-دادۈي بولغان. 1961-يىلى قايتا يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا 4-باشقۇرۇش رايون 4-دادۈي بولغان. 1969-يىلى تاشقىن كوممۇناغا ئايرىلىپ 6-باشقۇرۇش رايون 5-دادۈي بولغان. 1979-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا ئۈچلۇقۇم دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى بۇيا يېزىغا تەۋە ئۈچلۇقۇم كەنت كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان.

### چۇلۇكمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.1 كىلومېتىر جايدا، 34 ئائىلە، 166 نوپۇس، 321 مو تېرىم يېرى بار. «چۇلۇك» دېگەن سۆز تېرىلغۇ ئۆيىنى كۆندۈرۈش ئۈچۈن بۇرنىنى تېشىپ ئۆتكۈزۈلگەن ياغاچ ھالقا بولۇپ، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ

لەقىمىگە قارىتىلغان.

### ئۇچلۇققۇم

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. 81 ئائىلە، 424 نوپۇس، 502 مو تېرىم يېرى بار. قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەردە بىر ئېگىز ئۇچلۇققۇم دۆۋىسى ۋە قۇم دۆۋىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر قەدىمكى قەبرە بولغاچقا ئۇچلۇققۇم دەپ ئاتالغان.

### ئوتتۇراكونزي كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى ئۆرۈكقوچا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 91 ئائىلە، 353 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1063 مو، ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يەر پۈتۈن كونزي كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقاچقا «ئوتتۇراكونزي» دەپ نام ئالغان.

1978-يىلى يېڭىدىن قۇرۇلۇپ، تاشقىن كوممۇنا 2-باشقۇرۇش رايون 6-دادۈي بولغان. 1979-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا يېڭى كونزىيا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى يەرنام-لىرىنى ئومۇمييۈزلۈك تەكشۈرۈشتە «ئوتتۇرا كونزي» دەپ تۈزۈتۈلگەن. 1984-يىلى بۇيا يېزا ئوتتۇرا كونزي كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

### ئۆرۈكقوچا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا، 36 ئائىلە، 129 نوپۇس، 390 مو تېرىم يېرى بار. ئۆرۈك لەقەملىك كىشىلەر بىر كوچىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقاچقا ئۆرۈك كوچىسى دەپ ئاتالغان.

### پۇلچىكوچا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 2.45 كىلومېتىر جايدا، 32 ئائىلە، 115 نوپۇس، 360 مو تېرىم يېرى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇرۇنقى زاماندا مۇشۇ كەنتتىن بىر كىشى يالغان پۇل ياساپ جازالانغان، شۇڭا «پۇلچىكوچا» دەپ نام ئالغان.

### ئىچكىرىكى چارباغ كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى ئىچكىرىكى چارباغ

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 260 ئائىلە، 999 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 3799 مو، ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددىي تاشيوللىرى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى جىيا رايون شەرق شاملى كوممۇناغا تەۋە بولغان، 1960-يىلى تاشقىن كوممۇناغا تەۋە 7-باشقۇرۇش رايون 2-دادۈي بولغان. 1961-يىلى يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا 5-باشقۇرۇ-رۇش رايون 2-دادۈي بولغان. 1969-يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇنا 7-باشقۇرۇش رايون 2-دادۈي

بولغان. 1979-يىلى يۇرۇقچاش كوممۇنا چارباغ دادۈيى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى يەر نامىلىرىنى تەكشۈرۈشتە ئىچكىرىكى چارباغ دادۈيى دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى بۇيا يېزىغا تەۋە ئىچكىرىكى چارباغ كەنت كومىتېتى قىلىپ قۇرۇلغان.

### ئىچكىرىدىكى چارباغ

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايىدا. 170 ئائىلە، 665 نوپۇس، 2644 مو تېرىلغۇ يېرى بار. بۇ يەر پۈتۈن چارباغ كەنتىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن ئىچكىرىكى چارباغ دەپ ئاتالغان.

### تاشقىردىكى چارباغ

ئورنى: يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2 كىلومېتىر جايىدا. 92 ئائىلە، 355 نوپۇس، 1158 مو تېرىدىم يېرى بار. بۇ يەر پۈتۈن چارباغ كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن تاشقىرىقى چارباغ دەپ ئاتالغان.

### تۇرۇشلۇق ئورنى باشسولۋا
### سولۋا كەنت كومىتېتى

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 232 ئائىلە، 957 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2173 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. «سولۋا» دېگەن سۆز «سۇ لۋى»دىن ئۆزگەرگەن، بۇ يەر قەدىمدىن تارتىپ تەبىئىي سۇ كۆلمەكلىرىگە يېقىن بولغانلىقتىن «سۇلۋى» دەپ نام ئالغان. كېيىن سولۋابولۇپ ئۆزگەرگەن. 1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 7-باشقۇرۇش رايون 4-دادۈيى بولغان. 1979-يىلى يۇرۇقچاش كوممۇنا سولۋا دادۈيى دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى بۇيا يېزا سولۋا كەنت كومىتېتى قىلىپ قۇرۇلغان.

### باشسولۋا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايىدا. 47 ئائىلە، 125 نوپۇس، 716 مو تېرىدىم يېرى بار. بۇ يەر پۈتۈن سولۋا كەنتىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقاچقا باشسولۋادەپ نام ئالغان.

### دارايچىمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 1.8 كىلومېتىر جايىدا. 36 ئائىلە، 125 نوپۇس، 432 مو تېرىلىم يېرى بار. مەھەللە نامى كىشىلەرنىڭ لەقىمى بىلەن قويۇلغان.

### داكىچىمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايىدا. 34 ئائىلە، 118 نوپۇس، 546 مو تېرىدىم يېرى بار. بۇ كەنتىنىڭ ئادەملىرى بۇرۇندىن تارتىپ داكا توقۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاچقا داكىچىمەھەللە دەپ نام ئالغان.

**قۇرغۇيچىمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. 30 ئائىلە، 185 نوپۇس، 504 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ كەنتتىكى كىشىلەر قۇرغۇي ئويناپ داڭقى چىققانلىقتىن قۇرغۇيچىمەھەللە دەپ نام ئالغان.

**شاخلىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى شاخلىقتا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.6 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 290 ئائىلە، 1382 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 4590 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئاددى تاشيوللىرى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى تاشقىن كوممۇنا 7-باشقۇرۇش رايون 1-دادۈي بولغان. 1979-يىلى يورۇقتاش كوممۇنا شاخلىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1984-يىلى بۇيا يېزا شاخلىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلدى.

**شاخلىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.6 كىلومېتىر جايدا. 145 ئائىلە، 691 نوپۇس، 2569 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر ئەسلى توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق جاڭگال بولۇپ، دەرەخ شاخلىرى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن «شاخلىق» دەپ نام ئالغان.

**ئاياغشاخلىق**


ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4.6 كىلومېتىر جايدا، شىمال تەرىپى چۆلگە تۇتىشىدۇ. 30 ئائىلە، 128 نوپۇس، 553 مو تېرىم يېرى بار. بۇ شاخلىق كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقاچقا ئاياغشاخلىق دەپ نام ئالغان.

**لايقا**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.1 كىلومېتىر جايدا. 37 ئائىلە، 136 نوپۇس، 511 مو تېرىم يېرى بار. "لايقا" دېگەن سۆز "لاي ئاقار"دىن ئۆزگەرگەن. باش تەرەپتىن كەلگەن لاي سۇلار بۇ يەرگە يىغىلىپ، لاي ئاقىدىغان سىزما سۇ ھاسىل قىلغانلىقتىن لاي ئاقار دەپ نام ئالغان. كېيىن لايقا بولۇپ ئۆزگەرگەن.

**قۇمات**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4.4 كىلومېتىر جايدا. شىمال تەرىپى چۆلگە تۇتىشىدۇ. 26 ئائىلە، 85 نوپۇس، 413 مو تېرىم يېرى بار. «قۇمات» دېگەن سۆز «قۇم ئارت»دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ «قۇم داۋان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. "ئارت" دېگەن قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا "تاغ" "داۋان" دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە بۇرۇندىن تارتىپ قۇم دۆۋىلىرى كۆپ بولغاچقا قۇمات دەپ نام ئالغان. شىمالىدىكى يېقىن جايدا كۇزا سۇنۇقلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.



ناۋا يېزا يەرنامى خەرىتىسى
1:50000
ناۋا
باغ
چار
يېزا
ساپۇل
1:50000

# ناۋا يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى



ئاپتاپ چۈشمەيدىغان يوللار.

ناۋا يېزىسى ناھىيە شەھىرى ئىچىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 11.6 كىلومېتىر جايدا. جەنۇب تەرىپى سامپۇل يېزىسى بىلەن دۆل ئۈستىكى ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ. غەرب تەرىپى بويا يېزىسىنىڭ چالمىي كەنت ۋە چارباغ يېزىسىنىڭ باشگىجا كەنت بىلەن تۇتۇشىدۇ. شىمالى چارباغ يېزىسىنىڭ ئاياغگىجا كەنت بىلەن تۇتۇشىدۇ. ناۋا يېزىسى-دول ئۈستىكى بىلەن راخمان-پۇر ئۈستىكى ئارىلىقىدىكى تار ئۇزۇنچاق جايغا جايلاشقان. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 16 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 2 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 32 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 11 كەنت كومىتېتى، 33 تەبىئىي كەنت، 2092 ئائىلە، 7868 نوپۇس بار، ھەممىسى ئۇيغۇر. ناۋا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاي پادىچى مەھەللىدە.

«ناۋا» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا 3 خىل رىۋايەت بار، بىرى: ناۋا دېگەن ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. يەنى مۇندىن 250 يىل بۇرۇن

قارىقاشلىق موللاناۋا خەلپە دېگەن دىنى زات بۇ يەرگە كېلىپ مەدرىس ئېچىپ، دىنى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يۇقىرى ئابرويغا ئېرىشىپ، شۇ كىشىنىڭ نامىدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە «ناۋا» دېگەن زاڭزۇچە سۆز بولۇپ، «ئاقتاش» مەنىسى بار. بۇ يەر قەدىمكى جەنۇبىي يىپەك يولى ئىدى، كېيىنكى زاماندا ساپۇل بويلىرىدا ئۇيغۇرلار بىلەن زاڭزۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر ئەسىر كەسكىن ئۇرۇشمۇ بولغان ئىدى. شۇ چاغلاردا خېلى بىر قىسىم جايلارغا زاڭزۇچە نام بېرىلگەن. ناۋا قەدىمدىن تارتىپ ساپۇلغا تەۋە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىن ئورنى ئىدى. ناۋىنىڭ يېزىلىرىدا ھازىرمۇ كۆپلەپ ئاقتاش ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا زاڭزۇلۇقلار بۇ يەرنى «ناۋا» (ئاقتاش) دەپ ئاتىغان دەپ قارايدۇ. ئۈچىنچى خىل رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە «ناۋا» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە «لاۋا»دىن ئۆزگەرگەن، چۈنكى دول ئۆستەڭگى ناۋا، ساپۇل يېزىلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، بۇرۇن مۇشۇ ئۆستەڭ بويلىرى قارا لاۋا بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرنى لاۋىلىق دېگەن، كېيىن "ناۋا" بولۇپ قالغان دەپ قارايدۇ. ئەمما ئۇيغۇرچە تارىخى مەنبەلەردە ناۋا دېگەن نام توغرۇلۇق ھېچ قانداق يازما خاتىرىلەر تېپىلمىدى پەرىزىمىزچە، ئۇ قەدىمكى ساق تىلى.

1984-يىلدىن بۇرۇن «ناۋا» دېگەن يەر نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ھەرخىل بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن: 那瓦, 拉瓦, 那哇, 拉哇 قاتارلىقلار. 1984-يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ رەسمىي تەستىقلىتىپ، ناۋانىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى 纳瓦 غا ئۆزگەرتىلدى.

ناھىيە قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ناۋا كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق 23 كەنتنىڭ بىرى ئىدى. ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈچ مىڭ بەگلىكنىڭ بىرسى بولغان ساپۇل مىڭبېگى باشقۇرۇشىدا بولدى.

1934-يىلى ناۋا (خەنزۇچە 拉瓦 دەپ يېزىلغان) نەنشاڭ (جەنۇبىي يېزا) ساپۇل 3-رايوننىڭ بىر كەنتى ئىدى. 1938-يىلى نەنشاڭ 3-رايونى 2-رايونغا ئۆزگەرتكەندە ناۋا بىللە ئۆزگەردى. 1942-يىلى پۈتۈن ناھىيە سەككىز رايونغا ئۆزگەرتىلگەندە ساپۇل 3-رايونغا ئۆزگەرتىلدى. ناۋا كەنتىمۇ بىللە ئۆزگەردى. 1944-يىلى بوجاڭ-جاجاڭ تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن ناۋا (خەنزۇچە 拉瓦) شۈنخى شاڭ (مولايىم يېزا) دەپ ئاتالدى. 1947-يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى يېزا بازارلار ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغاندا يەنە ناۋا يېزا (خەنزۇچە 那瓦 دەپ يېزىلدى)غا ئۆزگەرتىلدى. 1947-يىلى 12-ئايدا پۈتۈن ناھىيە تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىغا ئايرىلغاندا ناۋا يېزىسى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر يېزا بولدى.

1950-يىلى 4-ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن ناھىيە يەتتە رايونغا ئايرىلغاندا ناۋا 3-رايون (ساپۇل) 6-يېزىغا تەۋە بولدى. 1958-يىلى خەلق كوممۇناسى قۇرۇلغاندا ناۋا يېزىسى بەخت كوممۇناغا تەۋە بولدى. 1959-يىلى 2-ئايدا بەخت، قىزىلبايراق، يېڭى ھايات دېگەن 3 كوممۇنانى بىرلەشتۈرۈپ قىزىلبايراق كوممۇنا قۇرۇلدى. ناۋا مۇشۇ كوممۇنانىڭ 6-باشقۇرۇش رايونى بولدى. 1963-يىلى 9-ئايدا ناۋا قىزىلبايراق كوممۇنادىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەڭگو مول ھوسۇل كوممۇناسى بولۇپ قۇرۇلدى ۋە كوممۇنا باشقۇرۇش

كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ باشقۇرۇش رايون، 14 دادۈي 67 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى① ئۇنىڭغا تەۋە قىلىندى. 1969 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەڭگۈ مول ھوسۇل كوممۇنا ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى. 1979 ـ يىلى ناۋا كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا ناۋا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى ۋە ناۋانىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى 纳瓦 غا ئۆزگەرتىلدى.

ناۋا يېزىسىنىڭ زېمىنى تەكشى، يەرتۈزىلىشى جەھەتتە غەربىي جەنۇبىي ئېگىز، شەرقىي شىمالى پەس، يانتوقىيپاش، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1370 مېتىر، ھاۋاسى قۇرغاق، چاڭ ـ تۇزاڭلىق، شامال كۆپ چىقىدۇ. تىپىك قۇرۇقلۇق چۆل خاراكتېرلىق ھاۋا كىلىماتىغا كىردۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتورىسى 11.5°C، 7 ـ ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.5°C، 1 ـ ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 6.5°C ـ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 34 مىللىمېتىر، يىللاردىن بويانقى ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن. قۇم تۇپراق. 22 مىڭ 26 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىقدان، قوشۇمچە پۇرچاق، يەل ـ يېمىش تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. چارۋىچىلىق، پىلە ئۆجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1985 ـ يىلدىكى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8 مىليون 411 مىڭ 922 جىڭ، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 576 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق 1069 جىڭ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 252 مىڭ 900 جىڭ، مايلىقدان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 303 مىڭ 600 جىڭ، 1985 ـ يىلى قۇتاندىكى چارۋا 16 مىڭ 741 تۇياق.

ناۋا يېزىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، سۈيى قولايلىق. لوپ ناھىيىسىنىڭ باش ئۆستىڭىنىڭ شەرقىي غول ئۆستىڭى ناۋا يېزىسىنىڭ غەربىدىكى باش قاراقىر ۋە تۆۋەن قاراقىرقا-تارلىق ئۈچ كەنتتىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ناۋا يېزىغا يىل بويى تەقسىم قىلىنىدىغان سۇ 33 مىليون 600 مىڭ كۇب، پۈتۈن يېزىدىكى ھەرخىل ئېرىق ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 212 كىلومېتىر.

ناۋا يېزىنىڭ يېزا ئاساسىي قۇرۇلۇشى دەسلەپكى قەدەمدە قېلىپلاشتۇرۇلدى. سالا ئېتىز، يول، ئورمان بەلباغ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىنغان ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ھەرساھە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەدەنىي ـ مائارىپ، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلدى. يېزىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 10 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. 1323 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى بار. يەنە بىر دوختۇرخانا، 13 كەنت دەرىجىلىك ساقلىقنى ساقلاش پونكىتلىرى بار. مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۇزېلى، كىنوخانا، مالدوختۇرلۇق پونكىتى، ئاشلىق پونكىتى، پوچتا ـ تېلېگراف، باج پونكىتى قۇرۇلدى. تەمىنلەش سودا تورلىرى ھەممە ئاھالىلار نوقتىلىرىغىچە قۇرۇلدى. 150 كىلوۋاتلىق بىر كىچىك تېپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

ئىزاھات ① دۈي خەنزۇچە سۆز بولۇپ "ئەترەت" دېگەن مەنىدە.

# ئۆلچەملىك ناملار

### ناۋا يېزا

ناۋا يېزىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋال ماتېرىيالىغا قاراڭ.

### پادىچىمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 0.5 كىلومېتىرجايدا. زېمىنى تەكشى. 48 ئائىلە، 134 نوپۇس، 340 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتىكى كىشىلەر بۇرۇن باشقىلەرنىڭ چارۋىلىرىنى تاغدا ۋاكالىتەن بېقىپ تۇرمۇش كۆچۈرگەچكە شۇنداق نام ئالغان. بۇ كەنتتە يېزا دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي، كارخانىلار، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئورۇنلىرى بار، ناۋا يېزىسىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت مەركىزى ھېساپلىنىدۇ.

### ئاچادۆك كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى چۇجە مەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. تەۋەسىدە يارلىق كۆپ، تۆت تەبىئىي كەنت، 110 ئائىلە، 446 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1722مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيول ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇرۇن ئۆستەڭ موشۇ يەردە ئىككى ئاچىغا بۆلۈنەتتى ۋە ئۆستەڭ ئازمىسىنىڭ ئورنى ئېگىز ئىدى، شوڭا كىشىلەر ئاچا دۆڭ دەپ ئاتىغان. كېيىن كەنت نامى بولۇپ ئاتالغان.

1963 ـ يىلى مەڭگۈ مول ھوسۇل كوممۇنا 1 ـ دادۈي دەپ ئاتالغان. 1983 ـ يىلى ناۋا كوممۇنا ئاچادۆڭ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### چۇجەمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. 26 ئائىلە، 110 نوپۇس، 419 مو تېردم يەرى بار. "چۇجە"لەقەملىكلەر بىر مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلاشقان.

### تېرىقئايمىقى

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 4.5 كىلومېتىر جايدا. 29 ئائىلە، 118 نوپۇس، 380 مو تېرىم يەرى بار. "تېرىق" كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، بىر ئۇرۇقداشلىق قان سىستېمىسىدىكىلەر بىر مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلاشقان.

### تۆگمەنبېشى

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 5 كىلومېتىر جايدا. 36 ئائىلە، 140 نوپۇس، 576 مو تېردم يەرى بار. ئەسلىدە بۇ يەردە بىر تۆگمەن بولۇپ، كەنت شەكىل-

لەنگەندىن كېيىن تۆگمەنبېشى دەپ نام ئالغان.

**ئاچما**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 2.8 كىلومېتىر جايدا. 19 ئائىلە، 75 نوپۇس، 347 مو تېرىم يەرى بار. يېڭى ئاچقان كەنت بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**ئەمەشلەڭگەر كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى نوربويىدا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 2.7 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 98 ئائىلە، 268 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1198 مو تېرىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. تاشيولى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

"ئەمەش"-ئەمەتشا دېگەن ئادەم ئىسمىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان. بۇرۇن ئەمەتشا ئىسىملىك بىر كىشى بۇ يەردە بىركىچىك لەڭگەر سالغان. كەنت قۇرۇلغاندىن كېين ئاتاش جەريانىدا ئۆزگۈرۈپ ئەمەشلەڭگەر بولۇپ قالغان.

1963-يىلى مەڭگۈ مول ھوسۇل كوممۇنا 2-دادۈي بولغان. 1979-يىلى ناۋا كوممۇنا 3-دادۈي بولغان. 1984-يىلى ئەسلىدىكى 3-دادۈي بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەشلەڭگەر كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**نوربويى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.7 كىلومېتىر جايدا. 64 ئائىلە، 175 نوپۇس، 361 مو تېرىم يەرى بار. بۇرۇن بۇ يەرنىڭ ئېرىقىغا بىر چوڭ نور قويۇلغان بولۇپ، كەنت قۇرۇلغاندىن كېيىن نوربويى دەپ نام ئالغان.

**تەڭلە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. 34 ئائىلە، 93 نوپۇس، 302 مو تېرىم يەرى بار. بۇ كىشىلەرنىڭ لەقمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان. «تەڭلە» بۇرۇنقى زاماندا ياغاچتىن ياسالغان داس مەنىدە.

**گاپا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى بوياقمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالغا قىياش شەرقىدىكى 1 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى. ئۈچ تەبىئىي كەنت، 228 ئائىلە، 767 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2103 مو تېرىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيول ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. "گاپا"نىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى ئېنىق ئەمەس.

1963-يىلى مەڭگۈ مول ھوسۇل كوممۇنا 4-دادۈي بولغان. 1979-يىلى ناۋا كوممۇنا گاپا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى گاپا كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**بوياقمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 1 كىلومېتىر جايدا. 31 ئائىلە،

109 نوپۇس، 1090 مو تېرىم يەرى بار. بۇكەنتكە ئەڭ بۇرۇن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بوياقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**قاشاڭمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا. 31 ئائىلە، 117 نوپۇس، 350 مو تېرىم يەرى بار. قاشاڭ ئەسلىدە كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى بولغان.

**ھۆپەپمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا. 31 ئائىلە، 117 نوپۇس، 370 مو تېرىم يەرى بار. ھۆپەپ لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

تۇرۇشلۇق ئورنى خالۋاپمەھەللىدە

**ناۋا كەنت كومىتېتى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 0.9 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت. 222 ئائىلە، 774 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1820 مو تېرىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شوغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيول ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. ("ناۋا" دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىغا قارالسۇن.)

1963 ـ يىلى مەڭگو مول ھوسۇل كوممۇنا 5 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ناۋا كوممۇنا ناۋا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**خالۋاپمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 0.9 كىلومېتىر جايدا. 34 ئائىلە، 114 نوپۇس، 1249مو تېرىم يەرى بار. "خالۋاپ"گىلەم توقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ كەسپى نامى، بۇ كەنتتە بۇرۇندىن تارتىپ گىلەم توقۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر كۆپرەك بولغاچقا "خالۋاپمەھەللە"دەپ ئاتالغان.

**چىغلىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايدا. 42 ئائىلە، 139 نوپۇس، 313 مو تېرىم يەرى بار. ئىلگىرى بۇ يەردە چىغ كۆپ ئۆسكەچكە "چىغلىق"دەپ نام ئالغان.

**سوكسوكمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا. 23 ئائىلە، 79 نوپۇس، 300 مو تېرىم يەرى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇرۇن بۇ يەردە سۇ قىسىنچىلىقى بولۇپ، كىشىلەر يىل بويى سۇ ئۈچۈن يۇقىرى تۆۋەن سوكۇلداپ يۈرىدىكەن، باشقا كەنتنىڭ ئادەملىرى بۇلارغا "سوكسوك"دەپ لەقەم قويغان. كېيىن بۇ كەنت نامىغا ئايلانغان.

**دولبويى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا.

46 ئائىلە، 154 نوپۇس، 346 مو تېرىدىم يەرى بار، بۇ كەنت دول ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقانلىقتىن شۇنداق نام ئالغان.

**باشگاپا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى بۇرجەكمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 0.8 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى تەكشى، بەش تەبىئىي كەنت، 247 ئائىلە، 914 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2030 مو تېرىدىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيول ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. «گاپا»نىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، بۇ كەنت پۈتۈن گاپا كەنتىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن باشگاپا دەپ ئاتالغان.

1963 ـ يىلى مەڭگو مول ھوسۇل كوممۇنا 6 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى ناۋا كوممۇنا باش گاپا دادۇي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى ناۋا يېزا باشگاپا كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**بۇرجەكمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 0.8 كىلومېتىر جايىدا. 27 ئائىلە، 102 نوپۇس، 270 مو تېرىدىم يەرى بار. «بۇرجەك» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى قىلىپ قوللىنىلغان.

**سوغاقمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 0.6 كىلومېتىر جايىدا. 36 ئائىلە، 136 نوپۇس، 300 مو تېرىدىم يەرى بار. «سوغاق» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

**كۆكمەھەللە**

ئورنى: يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايىدا. 25 ئائىلە، 75 نوپۇس، 250 مو تېرىدىم يەرى بار. «كۆك»كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى قىلىپ قوللىنىلغان.

**چاپاقمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 1 كىلومېتىر جايىدا. 27 ئائىلە، 104 نوپۇس، 250 مو تېرىدىم يەرى بار. كەنت نامى كىشىلەرنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

**گاپامەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايىدا، 32 ئائىلە، 109 نوپۇس، 310 مو تېرىدىم يەرى بار. بۇ يەرگاپاكەنتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئورنى بولغاچقا گاپامەھەللە دەپ ئاتالغان.

**ناۋا كاخانا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى پارامەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 0.5 كىلومېتىر جايىدا. يەرى ناۋا ئۆستىڭىنىڭ جەنۇبىدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 144 ئائىلە، 477 نوپۇس بار.

دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1334 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. «كاخانا»دېگەن ئىسلام دىنىدا دىنى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جاينى كۆرسىتىدۇ.

1963 ـ يىلى مەڭگو مول هوسۇل كوممۇنا 7 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ناۋا كوممۇنا ناۋا كاخانا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ناھىيە تەۋەسىدە "كاخانا"دىن ئىككىسى بولغاچقا 1984 ـ يىلى يېزا نامىنى قوشۇپ ناۋا كاخانا كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**پارامەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 0.5 كىلومېتىر جايدا. 30 ئائىلە، 114 نوپۇس، 337 مو تېرىم يېرى بار. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇرۇن بىر كىشى دەۋا قىلىپ، ئەمەلدارلارغا پارا بەرگەن. كىشىلەر بۇنىڭغا «پارا»لەقەم قويغان، كېيىن بۇ كەنت نامى قىلىپ قوللىنىلغان.

**كۇشاتمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا. 32 ئائىلە، 101 نوپۇس، 260 مو تېرىم يەرى بار. «كۇشات» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

**كالتەمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايدا. 35 ئائىلە، 115 نوپۇس، 283 مو تېرىم يەرى بار. «كالتە» دېگەن پاكار، قىسقا مەنىدە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ لەقىمىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ لەقىمىدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

**ناۋا قۇمباغ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى خىتايئېرىقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 2.2 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 149 ئائىلە، 557 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1983 مو تېرىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇكەنتنىڭ تۇپرىقى قۇملۇق بولغاچقا قۇمباغ دەپ نام ئالغان. ناھىيە تەۋەسىدە «قۇمباغ»دىن ئىككىسى بولغاچقا 1984 ـ يىلى يېزا نامى قوشۇپ ئاتالغان. تاشيول ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

1963 ـ يىلى مەڭگو مول هوسۇل كوممۇنا 8 ـ دادۈي بولغان. 1983 ـ يىلى ناۋا كوممۇنا قۇمباغ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ناۋا قۇمباغ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**خىتايئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 2.2 كىلومېتىرجايدا. 42 ئائىلە، 123 نوپۇس، 533 مو تېرىم يېرى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇرۇن بۇ كەنتتىكى ئېرىقنى بىر خەنزۇ كىشى كولىغاچقا شۇنداق ئاتالغان. (يەرلىك خەلقلەر خەنزۇلەرنى بۇرۇن خىتاي دەپ ئاتىغان)

**گاپا ئايرىش كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى پاششا مەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 183 ئائىلە، 645 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1227 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمە- چىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيول ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. ناۋا ئۈستىگى مۇشۇ يەردە گاپىغا بارىدىغان يەنە بىر تارماققا ئايرىلغاچقا «گاپا ئايرىش»دەپ نام ئالغان.

1963-يىلى مەڭگو مول ھوسۇل كوممۇنا 9-دادۈي بولغان. 1983-يىلى ناۋا كوممۇنا گاپا ئايرىش دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى گاپا ئايرىش كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**پاشامەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. 52 ئائىلە، 186 نوپۇس، 611 مو تېرىم يېرى بار. «پاشا» لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**ھەيرانباغ**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 2.1 كىلومېتىر جايدا. 32 ئائىلە، 114 نوپۇس، 405 مو تېرىم يېرى بار. «ھەيران» ئەسلىدە كىشلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، بۇلار بۇ كەنتتە بۇرۇن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ باغ ياسىغان. كېيىن بۇ كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**پاتاڭمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.6 كىلومېتىرجايدا. 24 ئائىلە، 76 نوپۇس، 214 مو تېرىم يېرى بار. «پاتاڭ»كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى قىلىپ قوللىنىلغان.

**تۆۋەن قاراقىر كەنت كومىتېتى**　　تۇرۇشلۇق ئورنى قارامەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 5.2 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 112 ئائىلە، 420 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1322مو تېرىم يېرى بار، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان،پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيول ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. «قاراقىر» كەنتىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «تۆۋەن قاراقىر» دەپ نام ئالغان.

1963-يىلى مەڭگۇ مول ھوسۇل كوممۇنا 10-دادۈي بولغان. 1979-يىلى ناۋا كوممۇنا تۆۋەن قاراقىر دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى تۆۋەن قاراقىر كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**قارامەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 5.2 كىلومېتىر جايدا. 36 ئائىلە، 140 نوپۇس، 431 مو تېرىم يېرى بار. «قارا» لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**پورمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 5 كىلومېتىر جايدا. 36 ئائىلە، 140

نوپۇس، 463 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلىدە كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى قىلىپ قوللىنىلغان.

**باش قاراقىر كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى تاجىكمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 9.4 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى. 4 تەبىئىي كەنت، 139 ئائىلە، 435 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1295 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيول ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ كەنت پۈتۈن قاراقىرنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن «باش قاراقىر» دەپ نام ئالغان.

1963 ـ يىلى مەڭگو مول ھوسۇل كوممۇناغا تەۋە بولغان. 1983 ـ يىلى ناۋا كوممۇنا باش قاراقىر دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى باش قاراقىر كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تاجىكمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 9.4 كىلومېتىر جايدا. 30 ئائىلە، 102 نوپۇس، 275 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتكە ئەڭ بۇرۇن تاجىك مىللىتىدىن بىر كىشى كېلىپ ئولتۇرغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**دۆڭمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 7.4 كىلومېتىر جايدا. 41 ئائىلە، 124 نوپۇس، 400 مو تېرىم يېرى بار. يەر تۈزۈلۈشى دۆڭراق بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**سۆگەچمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 8.7 كىلومېتىر جايدا، 35 ئائىلە، 109 نوپۇس، 292 مو تېرىم يېرى بار. «سۆگەچ» لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**كۆنچىمەھەللە**

ئورنى: يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 7.8 كىلومېتىر جايدا. 34 ئائىلە، 101 نوپۇس، 341 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتنىڭ كىشىلىرى كۆپۈنچە كۆنچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاچقا شۇنداق نام ئالغان.


**گىجا ئايرىش كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى چۆجەمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 9 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى. بىر تەبىئىي كەنت، 116 ئائىلە، 435 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1154 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، يىپەك ئۆزۈمچىلىك بىلەن شوغۇللىنىدۇ. گىجا ئۆستىڭى مۇشۇ يەردە ئىككىگە ئايرىلغاچقا گىجا ئايرىش دەپ ئاتالغان. كېيىن بۇكەنت نامى قىلىپ قوللىنىلغان.

1963 ـ يىلى مەڭگو مول ھوسۇل كوممۇناغا تەۋە بولغان. 1983 ـ يىلى ناۋا كوممۇنا گىجا ئايرىش دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى گىجا ئايرىش كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### چۆجە مەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 9 كىلومېتىر جايدا. 59 ئائىلە، 223 نوپۇس، 593 مو تېرىم يەرى بار. چۆجە لەقەملىكلەرنى ئاساس قىلىپ بىر مەھەللە بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.



سامپۇل يېزا يەرنامى خەرىتىسى
1:50000
1:100000
1:200000
بازار
لوپ
ناۋا
يېزا
چارباغ
يۇرۇڭقاش
سامپۇل يېزا
شەنبە بازار
بوستانكۆل
قارا كۆل

# سامپۇل يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى



سالا ئېتىز قۇرۇلۇشى.

سامپۇل يېزىسى لوپ ناھىيە شەھەر ئىچىنىڭ غەربىگە قىيپاشراق جەنۇبىغا جايلاشقان، ناھىيە شەھەر ئىچى بىلەن ئارىلىقى 13 كىلومېتىر، ئۇنىڭ شەرقى تۇزلۇقسايغا، جەنۇبى كوئېنلۇن تېغىغا تۇتىشىدۇ، غەربى خوتەن ناھىيىسىنىڭ توساللا يېزىسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرۇدۇ. شىمالى لوپ بازار ۋە ناۋا يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمى كۆلىمى تەخمىنەن 56.3 كۋادرات كىلومېتىر، 21 كەنت كومىتېت، 72 تەبىئىي كەنت، 4594 ئائىلە، 17191 نوپۇس بار، ئۈچ نەپەر خەنزۇ، بىر نەپەر خۇيزۇدىن باشقىلىرى ئۇيغۇر. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي شەنبە بازار- كەنتىدە.

تارىخى خاتىرىلەردە سامپۇل دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ھەر خىل بولۇپ كەلگەن. مەسلەن: ”萨木普拉“ ”萨木普鲁“ ”三普拉“ ”山普拉“ قاتارلىقلار. «شىنجاڭدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى»دە ”术普尔“ دەپ يېزىلغان. «چىڭ دىڭ پادىشالىقى ۋە قورىغار خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە ”萨木普拉“ (سامپۇلا) دەپ يېزىلغان، «شىنجاڭ قۇرۇلۇش تەزكىرىسى»دە ”萨木普鲁“ (سامپۇل) دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «چىڭ دىڭ پادىشالىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭ تەزكىرىسى»دە ”三普拉“دەپ، يەنە ”山普拉“ دەپ

يېزىلغان. يۇقارقى ھەر خىل خەنزۇچە يېزىلىشلار ئۇيغۇرچىدىكى «سامپۇل» نامىنىڭ تەرجىمە جەريانىدىكى پەرقىنى، بىر خىل نامنى كۆپخىل يازغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«سامپۇل» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەزمۇنى توغرىسىدا ئۇيغۇرچە ياكى خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەرتېخى تېپىلمىدى. لېكىن بۇ ھەقتە ھەر خىل رىۋايەت بار. ئۇنىڭ بىرى «سامپۇل» ئۇيغۇرچە «سومپۇل»دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «بۇ يەرنىڭ ھەممە نەمىسى پۇل» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ («سوم» دېگەن يەرلىك شىۋە تىلدا "ھەممىسى"مەنىسىدە). بۇ يەر تاغ ۋە سۇغا يېقىن، يېرى مۇنبەت، ئاشلىق ۋە يەل يېمىش مول، تاغلىرىدا تۇگمەنتېشى، گەنجى، ئاھاك، گۈگۈرت، ئاق تۇز قاتارلىق كان بايلىقى مول. ھەقىقەتەنمۇ يەر زېمىنى مۇنبەت جاي. يەنە بىر رىۋايەتتە «سامپۇل» موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «گۈزەل، ئاۋات» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ دېيىلىدۇ. 13-ئەسىرنىڭ بېشىدا موڭغول خاقانى چىڭگىزخان ئۆزىگە تەۋە زېمىننى بىر قانچىگە بۆلۈپ باشقۇرغاندا ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايخاننىڭ «سامپۇل» ئىسىملىك بىر كېنەز باشلىقى بۇ يەردە تۇرغان ۋە شۇنىڭ نامى بىلەن كېيىن نامىغا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە موڭغۇل كېنەزلىكى بۇ يەرنى باشقۇرۇپ تۇرغاندا بۇ يەرنىڭ تاغ ۋە سۇغا يېقىن گۈزەل مۇنبەت جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ «سامپۇل» (گۈزەل مۇنبەت يەر) دەپ نام بەرگەن دېيىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە "سامپۇل" زاڭزۇچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچە "7" (يەتتە) دېگەن مەنىدە ئىكەن. 1983-يىلىنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەتىرىدى مۇشۇ يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېگىز ساي باغرىدىن خېلى كەڭ دائىرىدىكى بىر قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قازغان، ئۇ يەردىن قۇرۇپ قالغان جەسەت، يۇڭ توقۇلمارەخت، زىننەت بۇيۇملىرى، ئات جابدۇقلىرى قاتارلىقلار قېزىپ تېپىلغان، دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى قەبرىستانلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق تارىختىن بۇيان بۇ قەدىمى ماكاندا يۇقىرى ماھارەتلىك قول ھۈنەرۋە نچىلىگى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆچمەس مەدەنىيەت ياراتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

سامپۇل لوپ ناھىيىسىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يۇرتلىرىنىڭ بىرى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بۇ يەر ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققى تاپقان رايونلىرىنىڭ بىرسى ھېساپلىناتتى. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە پۇلات-تۆمۈرچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى كۆزگە چېلىققان.

گۇاڭشۈينىڭ 8-يىلى (مىلادى 1882-يىلى) كېرىيە ناھىيىسى قۇرۇلغاندا سامپۇل كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق قىلىندى. گۇاڭشۈينىڭ 28-يىلى (1902-يىلى) لوپ ناھىيەسى قۇرۇلغاندا سامپۇل 23 كەنت قاتارىدا لوپقا ئايرىلدى ۋە سامپۇل مىڭ بەگلىكى (بىر مىڭ ئائىلىلىك) قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىگە قاراشلىق ئۈچ مىڭ بەگلىكنىڭ بىرسى بولدى.

1934-يىلى پۈتۈن ناھىيىنى ئالتە رايونغا ئايرىغاندا سامپۇل نەنشاڭ (جەنۇبىي يېزا) 3-رايون بولغان ۋە ئۇنىڭغا 10 كەنت تەۋە قىلىنغان. 1938-يىلى 2-رايونغا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭغا

11 كەنت تەۋە قىلىنغان. 1942 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىنى سەككىز رايونغا ئايرىغاندا سامپۇل 3 ـ رايون قىلىنغان، ئۇنىڭغا 16 كەنت تەۋە قىلىنغان. 1944 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىدە بوجاڭ ـ جياڭ تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا 3 ـ رايوننى ئەنشىن جېن (جەنۇبىنى گۈللەندۈرۈش بازىرى) شونخې شاڭ (مۇلايىم يېزىسى)، جۇڭچېڭ شاڭ (ساداقەت يېزىسى)غا ئۆزگەرتكەن. 1947 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىنى ئىككى بازار 15 يېزىغا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، سامپۇل يېزا، بىزلى يېزا دەپ ئۆزگەرتكەن. 1947 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پۈتۈن ناھىيىنى تۆت بازار بەش چوڭ يېزىغا ئايرىغاندا سامپۇل بازار دەپ ئۆزگەرتكەن.

1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن سامپۇل 3 ـ رايونغا ئايرىلغان. ئۇنىڭغا ئالتە يېزا 51 كەنت تەۋە قىلىنغان ۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان.

1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 3 ـ رايوندا قىزىلبايراق، بەخت، يېڭى ھايات دېگەن ئۈچ كوممۇنا قۇرۇلغان، 1959 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۈچ كوممۇنانى بىرلەشتۈرۈپ قىزىلبايراق كوممۇنا قۇرۇلغان ۋە كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلغان. 1963 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ناۋا ئايرىلىپ چىقتى. 1968 ـ يىلى كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتىكوممۇنا ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى.

1979 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا سامپۇل كوممۇناغا ئۆزگەرتىلدى. 1984 ـ يىلى يەر نامىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە يەر نامىلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، سامپۇلنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىكى "三普拉"نى "山普鲁" قىلىپ تۈزۈتۈلدى.

شۇ يىلى 12 ـ ئايدا كوممۇنا بىلەن ھاكىمىيەت ئايرىلغاندا سامپۇل يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

سامپۇل يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىدىكى تىكلىك تاغ، ئاچچىق تاغ رايونىنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، تىكلىك تاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 5460 مېتىر ئېگىز بولۇپ، يىل بويى قار دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرا تاغ رايونى دېڭىزيۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىز بولۇپ، سۇ مەنبەئى ياخشى، ھۆل يېغىن كۆپ بولغاچقا لوپ ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق يازلىق يايلىقى ھېساپ-لىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 200 مىڭ مو، بۇ يەردە كېيىك، تۈلكە، ئۇلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ياشايدۇ. جىلغىلىرىدا دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىغىلى بولىدۇ. لېكىن كەنجىرەك پىشىدۇ. ئالدىنقى تاغ رايونى ۋە تاغ ئالدى كەلكۈن لاتقا بەلباغلار بولسا سامپۇل يېزىسىنىڭ ئاساسىي دېھقانچىلىق رايونى ھېساپلىنىدۇ. زېمىنى جەنۇبتىن شىمالغا قىيپاش يانتۇ، يانتۇلۇق دەرىجىسى چوڭ بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن $\frac{1}{170}$ مېتىر كېلىدۇ. زېمىنى دېڭىز يۈزىدىن 1500 ـــ 1364 مېتىر ئېگىز، يەرلىرى تەكشى، ئوتتۇرىچە تېمپېرا تۇرىسى 11.5°C، 7 ـ ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتورا 24.5°C، 1 ـ ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتورا نۆلدىن تۆۋەن 7°C ـ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 32 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن.

سامپۇل لوپ ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولغان دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. يۇرۇڭقاش دەرياسى بۇ يەرنىڭ غەربىي ئۇچىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ناھىيىلىك باش ئۇق ئۆستەڭ ۋە باش زاكۇ موشۇ يېزىنىڭ غەربىدە، يىللىق سۇ تەقسىم بولۇش مىقدارى تەخمىنەن

62 مىليون 260 مىڭ كۇبمېتىر، بۇ يېزىدا بىر غول ئۆستەڭ ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر، تارماق ئۆستەڭ 10، ئۇزۇنلۇقى 57 كىلومېتىر، چوڭ كىچىك ئورمان بەلباغ 243 كىلومېتىر، چوڭ كىچىك تاشيول 215 كىلومېتىر، بۇ يوللار پۈتۈن كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 41 مىڭ 549 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىقدان، يەنە زاراغزا، زىرە، پىلە ئۈژمىچىلىك، يەل يېمىش قاتارلىقلار قوشۇمچە تېرىلىدۇ. 1985 ـ يىللىق ئاشلىق ئومۇمى مەھسۇلاتى 17 مىليون 95 مىڭ جىڭ، ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 710 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق 995 جىڭ، پاختا ئومۇمى مەھسۇلاتى 394 مىڭ جىڭ، مايلىقداننىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 543 مىڭ جىڭ، پىلە 16 مىڭ 882 جىڭ، قوتاندا قالغان چارۋا 57 مىڭ 45 تۇياق.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن قۇرۇلۇش، قىش خۇمدان، گىلەمچىلىك، سەيپۇڭچىلىق، گەنجى ـ ئاھاك پۇشۇرۇش، كۆمۈر ئېچىش قاتارلىقلار بار. 6 ماشىنا، 68 ھەر خىل تىراكتور، ۋە 16 ئۈن تارتىش، ياغ تارتىش، پاختا چىقىرىش ماشىنىسى قاتارلىق ھەر خىل ماشىنىلار بار.

يېزىنىڭ مەدەنى مائارىپ، سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققى قىلدى. ھازىر يېزا قۇرغان بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 20 باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئوقۇغۇچى، ئوقۇغۇچىلار 2539 كىشى، بىر دوختۇرخانا، 29 كەنت دەرىجىلىك ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى، ئۇندىن باشقا يەنە مەدەنىيەت پونكىتى، كىنوخانا، رادىئو ئۈزېلى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

يېزا تۇرۇشلۇق جايدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاچچىق تاغنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە «ئۈژمە مازار»دەپ ئاتالغان بىر قەدىمكى قەبرە تاغ باغرىغا جايلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئاستىدا بىر مەسچىت ياسالغان، ئەتراپىدا قويۇق ئۆسكەن قەدىمكى دەرەخلەر كۆككە تاقاشقۇدەك قەد كۆتەرگەن، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ يەرگە 900 يىل بۇرۇنقى ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرىنىڭ جەسىدى قويۇلغان. شۇڭا بۇ مازار تارىخى يىللاردىن بويان ئىسلام دىنى تەقۋادارلىرى ئالاھىدە كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي ھىساپلىنىدۇ.

# ئۆلچەملىكناملار

**سامپۇل يېزىسى**

سامپۇل يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋال ماتېرىيالىغا قارالسۇن.

**شەنبە بازار**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 500 مېتىر جايدا. 124 ئائىلە، 496 نوپۇس، 490 مو تېرىم يېرى بار. تارىختىن بۇيان ھەر شەنبە كۈنى بازار قىزىغاچقا شەنبە بازار دەپ نام ئالغان. سامپۇل يېزىسىدىكى پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي كارخانا ئورۇنلار، مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە ئورۇنلىرى موشۇ كەنتتە بولۇپ، يېزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى ھېساپلىنىدۇ.

**تەمەچاقا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلوق ئورنى جاراقمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 0.8 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى ئويداڭ ـ چوڭقۇر بولۇپ، ئازگال ـ ئورەكلەر كۆپ. تۆت تەبىئىي كەنت، 233 ئائىلە، 975 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1868 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، يىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددىي تاشيوللىرى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتاشقان.

1958 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 1 ـ باشقۇرۇش رايون 1 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا ئارا مەھەللە دادۇي دەپ ئاتالغان. 1983 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا تەمەچاقا دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى سامپۇل يېزا تەمەچاقا كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**جاراقمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 0.8 كىلومېتىر جايدا. 94 ئائىلە، 349 نوپۇس، 895 مو تېرىم يېرى بار. جاراق لەقەملىك كىشىلەر بىر مەھەللە بولۇپ ئولتۇرغان.

**ئارامەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايدا. 32 ئائىلە، 132 نوپۇس، 294 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنت توققۇز كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «ئارا مەھەللە» دەپ ئاتالغان.

**سولتەكمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايدا. 52 ئائىلە، 190 نوپۇس، 370 مو تېرىم يېرى بار. «سولتەك» لەقەملىك كىشىلەر بىر مەھەللە

بولۇپ ئۇلتۇرغان.

**تەمەچاقا**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا. ئازراق قۇملوق. 32 ئائىلە، 122 نوپۇس، 250 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ كەنتنى كەلكۈن سۇ يار يېچىپ، ئۇرغۇن ئازگال ئورەكلەر شەكىللەنگەن. يەرلىرى چېچىلىپ كەتكەنلىكتىن «تەمە چاقا»دەپ ئاتالغان. "تەمە" دېگەن پارچە-پۇرات يەر دېگەن مەنىدە، "چاقا" دېگەن كەنت، تېرىم يەر دېگەن مەنىدە.

**كۆچكەن كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلوق ئورنى خوندەكمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شىمالىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايدا. يەرلىرى تەكشى، بەش تەۋەسىي كەنت، 313 ئائىلە، 1226 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2056 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى پۈتۈن كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

بۇ كەنتكە بۇرۇن كەلگەن كىشىلەر سىرتقى جايلەردىن كۆچۈپ كەلگەچكە «كۆچكەن» دەپ نام ئالغان.

1958-يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 2-دادۈي بولغان. 1979-يىلى سامپۇل كوممۇنا كۆچكەن دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى كۆچكەن كەنت كومىتېتى قۇرولغان.

**خوندەكمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايدا. 64 ئائىلە، 247 نوپۇس، 392 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتە ئەڭ بۇرۇن «خوندەك» لەقەملىك بىر كىشى نامدار بولغانلىقتىن ئۇنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

**قاراپاچاق مەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.1 كىلومېتىر جايدا، 49 ئائىلە، 370 نوپۇس، 330 مو تېرىم يېرى بار. قارا پاچاق كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

**شىينا**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.2 كىلومېتىر جايدا. 43 ئائىلە، 183 نوپۇس، 433 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتە بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەر شىينا ياساشنى ئاساس كەسىپ قىلغاچقا شۇنداق نام ئالغان. «شىينا» ئەسلى «شىرنا» دېگەن مەنىدە.

**ئەنجانمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا. 33 ئائىلە، 145 نوپۇس، 350 مو تېرىم يېرى بار. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇرۇن موشۇ كەنتتىن بىر

سودىگەر ئەنجانغا چىقىپ سودا تىجارەت قىلغاچقا، ئەنجان لەقەم قويۇلغان، كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

**خىراۋان**

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايدا. 53 ئائىلە، 204 نوپۇس، 424 مو تېرىم يەرى بار. «خىراۋان» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، بۆك-باراقسان ئورمانلىق دېگەن مەنىدە، بۇ يەر ئەسلى قويۇق ئۆسكەن ئورمانلىق بولغاچقا «خىراۋان» دەپ نام ئالغان. كەنت بولغاندىن كيين ئەسلى نامىنى ساقلاپ قالغان.

**لەڭگەر كەنت كومىتېتى** تۇروشلۇق ئورنى سالجا مەھەللىدە

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايدا. يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 144 ئائىلە، 570 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يەرى 1500 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ.

بۇرۇن بۇ يەردىن ئاچچىق تېغىدىكى «ئۈژمە مازار» غا تاۋاپ قىلىدىغانلار ماڭىدىغان بىر يول بولۇپ، بۇ يەردە كىشلەر دەم ئالىدىغان لەڭگەر سېلىنغاچقا شۇنداق نام ئالغان. كەنت قۇرۇلغاندىن كېيىن لەڭگەر نامىنى ساقلاپ قالغان.

1958-يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 1-باشقۇروش رايون 3-دادۈي بولغان. 1979-يىلى سامپۇل كوممۇنا باش لەڭگەر دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى سامپۇل كوممۇنا لەڭگەر دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى لەڭگەر كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**سالجامەھەللە**

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايدا. 26 ئائىلە، 101 نوپۇس، 280 مو تېرىم يىرى بار. سالجا لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرستىدۇ.

**پاڭمەھەللە**

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 0.9 كىلومېتىر جايدا. 24 ئائىلە، 108 نوپۇس، 287 مو تېرىم يىرى بار. «پاڭ» كىشلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى قىلىپ قوللۇنۇلغان.

**جاراقمەھەللە**

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 500 مېتىر جايدا. 29 ئائىلە، 110 نوپۇس، 293 مو تېرىم يىرى بار. «جاراق» كىشلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

**تۇخۇمەھەللە**

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.6 كىلومېتىر جايدا. 32 ئائىلە، 123 نوپۇس، 287 مو تېرىم يەرى بار. تۇخۇ لەقەملىكلەر مەھەللىسنى كۆرستىدو.

**كەلەنتە كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى غوجا كۆلبېشىدا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 1.6 كىلومېتىر جايدا، يەرى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 260 ئائىلە، 886 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يەرى 1704 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك، مېۋىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

كەنت بولۇشتىن بۇرۇن بۇ يەردە كىلە كۆپ بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

1958 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 1 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا باش چاقماق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا كىلەنتە دادۈي دەپ تۈزىتىلگەن. 1984 ـ يىلى سامپۇل يېزا كىلەنتە كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**غوجا كۆلبېشى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 1.6 كىلومېتىر جايدا. 74 ئائىلە، 240 نوپۇس، 492 مو تېرىم يەرى بار. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئىلگىرى يۇرت كاتتىلىرى مۇشۇ يەرگە بىر كۆل كولاپ، ساۋاپلىق ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغاچقا غوجا كۆلبېشى دەپ نام ئالغان.

**كاۋرۇكمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 1.8 كىلومېتىر جايدا. 22 ئائىلە، 76 نوپۇس، 255 مو تېرىم يەرى بار. ئەسلى بۇ يەردە ئافغانىستاننىڭ كابۇلدىن كەلگەن كىشىلەر بولغاچقا كابوللۇق دەپ ئاتالغان، كېيىن «كاۋرۇك» بولۇپ ئۆزگەرگەن ۋە «كاۋرۇك» مەھەللە دەپ ئاتالغان دېگەن رىۋايەت بار.

**چوڭ كۆلبېشى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 1.8 كىلومېتىر جايدا. 74 ئائىلە، 235 نوپۇس، 492 مو تېرىم يەرى بار. بۇرۇن موشو يەردە بىر چوڭ كۆل كولانغانلىقتىن «چوڭ كۆلبېشى» دەپ نام ئالغان.

**كۇرەكئايەمقى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا. 54 ئائىلە، 235 نوپۇس، 492 مو تېرىم يەرى بار. «كۇرەك» دېگەن تۆمۈرچىلەرنىڭ ئوت پۈلەيدىغان قوي تېرىسىدىن ياسالغان سايمىنى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ لەقىمىگە قارىتىلغان.

**سامپۇل ئايدىڭكۆل كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى خادا مەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.7 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 187 ئائىلە، 737 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يەرى 1904 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

1958 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 5 ـ دادۈي بولغان، 1979 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا ئايدىڭكۆل دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن، ناھىيە تەۋەسىدە ئايدىڭكۆل ناملىق ئىككى دادۈي بولغاچقا 1983 ـ يىلى يېزا نامىنى قوشۇپ سامپول ئايدىڭكۆل دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1984 يىلى سامپۇل ئايدىڭكۆل كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### خادامەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.7 كىلومېتىر جايدا. 36 ئائىلە، 346 نوپۇس، 330 مو تېرىم يەرى بار. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇ كەنتتە بۇرۇن بىر ئىگىز ئادەم ئۆتكەن ئىكەن، كىشىلەر بۇ ئادەمگە خادا لەقەم قويغان. كيىن بۇ كەنت نامى قىلىپ قوللىنىلغان.

### ئايدىڭكۆل مەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.2 كىلومېتىر جايدا. 39 ئائىلە، 136 نوپۇس، 330 مو تېرىم يەرى بار. بۇ يەر ئايدىڭكۆل كەنتىنىڭ مەركىزى بولغاچقا ئايدىڭكۆل مەھەللە دەپ نام ئالغان.

### تاراڭگۇمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.7 كىلومېتىر جايدا. 32 ئائىلە، 134 نوپۇس، 325 مو تېرىم يەرى بار. كەنت نامى كىشىلەرنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

### قاراكۆل

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4.7 كىلومېتىر جايدا، 31 ئائىلە، 122 نوپۇس، 456 مو تېرىم يەرى بار. كەنتىنىڭ يېنىدا سۇ ئامبىرى بولۇپ، سۇ ئامبىرىنىڭ تېگى قارا لاي بولغاچقا «قاراكۆل» دەپ نام ئالغان.

تۇرۇشلوق ئورنى دۆگمەھەللىدە

### ئاقمەدىرىس كەنت كومىتېتى

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.2 كىلومېتىر جايدا. يەر تۈزلىشى تەكشى، بەش تەبىئىي كەنت، 272 ئائىلە، 987 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يەرى 1500 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزمىچىلىك، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيول-لىرى ھەممە كەنتكە ئۆتىشىدۇ.

1958 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 6 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا ئاياغلەڭگەر دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا ئاق مەدرىس دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى سامپۇل يېزا ئاقمەدرىس كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### دۆگمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.2 كىلومېتىر جايدا. 39

ئائىلە، 137 نوپۇس، 320 مو تېرىدىم يەرى بار. زەمىنى دۆڭدە بولغاچقا «دۆڭمەھەللە» دەپ نام ئالغان.

**سايباغ**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا. 41 ئائىلە، 159 نوپۇس، 375 مو تېرىدىم يىرى بار. بۇ كەنت ساي لىڭگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «سايباغ» دەپ نام ئالغان

**پەشتاقمەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا. 43 ئائىلە، 102 نوپۇس، 499 مو تېرىدىم يىرى بار. «پەشتاق» دېگەن يۇزىدە قارادىغ ئىزى بارلىقىنى چۈشەندۈردۇ. بۇ يەردە كىشلەرنىڭ لەقىمگە قارىتىلغان.

**چوڭقۇركوچا**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 1.6 كىلومېتىر جايدا. 42 ئائىلە، 154 نوپۇس، 295 مو تىرىدىم يىرى بار. بۇ كەنتنىڭ تۇرۇشلۇق ئۇرنى چوڭقۇر بولغاچقا «چوڭقۇركوچا» دەپ نام ئالغان.

**ئاقمەدرىس**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا. 40 ئائىلە، 344 نوپۇس، 305 مو تېرىدىم يەرى بار. بۇ يەردە بىر مەدرىس بولۇپ ئاق گەنجدە سۇۋالغان، سىرتقى كۆرنىشى ئاق بولغاچقا ئاق مەدرىس دەپ ئاتالغان.

**چاقماق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى تەتۈرمەھەللىدە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.7 كىلومېتىرجايدا. يەر تۈزلىلىشى تەكشى، زەيلىك يەركۆپرەك، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 209 ئائىلە، 746 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىدىم يەرى 1924 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇكەنتكە تۇنجى قېتىم كەلگەن كىشىلەر تاشنى چېقىپ، ئۇت چىقىرىپ ئۇت ياققاچقا «چاقماق» دەپ نام ئالغان.

1958 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 2 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا ئاياغ چاقماق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا چاقماق دادۇي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى چاقماق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تەتۈرمەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.7 كىلومېتىر جايدا. 36 ئائىلە، 128 نوپۇس، 270 مو تېرىدىم يەرى بار. ئەسلىدە كىشلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى قىلىپ قوللىنىلغان.

**تاراڭگۇمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.7 كىلومېتىرجايدا، 28 ئائىلە، 126 نوپۇس، 240 مو تېرىم يېرى بار. «تاراڭگۇ» لەقەملىك كىشلەر مەھەللىسىنى كۆرستىدۇ.

**جايئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى جايئېرىقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.4 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۆچ تەبىئىي كەنت، 154 ئائىلە، 764 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1770 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە، ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيوللار ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 5 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا جايئېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى سامپۇل يېزا جايئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**جايئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.4 كىلومېتىرجايدا. 89 ئائىلە، 351 نوپۇس، 704 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەردىن «جاي» كەنتىگە بىر ئېرىق ئېلىنغانلىقتىن «جايئېرىق» دەپ نام ئالغان. كەنت نامى ئېرىق نامى بىلەن ئاتالغان.

**سۆگەتئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا. 53 ئائىلە، 194 نوپۇس، 529 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلىدە بۇيەردىكى ئېرىقنىڭ ئىككى ياقىسىغا قاتار قىلىپ سۆگەت ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن «سۆگەتئېرىق» دەپ نام ئالغان.

**سۆگەتبوستان**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايدا. 53 ئائىلە، 217 نوپۇس، 539 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلىدە كەنت ئىچىدە بىر پارچە ئېگىز ئۆسكەن سۆگەتلىك بولغاچقا «سۆگەتبوستان» دەپ نام ئالغان.

**قۇرباغ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى گاچا ئايماق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۆچ تەبىئىي كەنت، 141 ئائىلە، 505 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1364 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيوللىرى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

بۇ يەردە ئەسلىدە قۇم دۆۋىلىرى بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغاچقا بۇ يەرنىڭ نامى «قۇرۇق باغ» دەپ ئاتالغان. كېيىن «قۇرباغ» بولۇپ ئۆزگەرگەن.

1958 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 3 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا قۇرباغ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى قۇرباغ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

گاچائايەمقى

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.5 كىلومېتىرجايىدا. 34 ئائىلە، 165 نوپۇس، 277 مو تېرىم يېرى بار. كىشلەرنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

كالۇكۆلبېشى

ئورنى: يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايىدا. 36 ئائىلە، 142 نوپۇس، 351 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتە تۇگمەننىڭ كالۇسى يېنىغا بىر كۆل كولانغانلىقتىن كالۇ كولبېشى دەپ نام ئالغان.

ئايغمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4.7 كىلومېتىر جايىدا. 35 ئائىلە، 143 نوپۇس، 379 مو تېرىم يېرى بار. كەنت ئايغى بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

قۇتازلەڭگەر كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى جاي كەنتدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايىدا. يەر تۈزلۈشى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 169 ئائىلە، 695 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1852 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللىرى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

بۇ يەر ئاچچىق تاقىقا يېقىن بولۇپ، قېدىمىدىن تارتىپ تاغدىن قوتاز ئېلىپ كىرىپ مۇشۇ كەنتتە قوتاز ئېلىپ ساتىدىغانلارغا بىرلەڭگەر ياساپ بېرىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر "قۇتازلەڭگىرى" دەپ ئاتالغان.

1958 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 4 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى سابىرۇل كوممۇنا قۇتازلەڭگەر دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى قوتازلەڭگەر كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

جاي

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايىدا. 40 ئائىلە، 113 نوپۇس، 380 مو تېرىم يېرى بار. «جاي» دىگەن موشۇ كەنتتىكى داڭلىق مازارنامى بىلەن قويۇلغان.

ھالۋىچىمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 3.9 كىلومېتىر جايىدا. 33 ئائىلە، 126 نوپۇس، 301 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتكە ئەڭ بۇرۇن كەلگەن كىشلەر ھالۋا ئېتىپ ئېچىشنى ياخشى كۆرگەچكە شۇنداق نام ئالغان.

جىگدىلىك

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 5.5 كىلومېتىر جايىدا. تۆت ئەتراپى جاڭگال، 19 ئائىلە، 90 نوپۇس، 233 مو تېرىم يېرى بار. كەنت بولۇشتىن بۇرۇن بۇ يەردە بىرپارچە جىگدىلىك بولغاچقا «جىگدىلىك» دەپ نام ئالغان.

ئىلدام كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى ئىلدام كەنتدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئېككى تەبىئىي كەنت، 130 ئائىلە، 474 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1449 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان، تاشيولى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

1958 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 3 ـ باشقۇرۇش رايون 1 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا ئىلدام دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئىلدام كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

## ئىلدام

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 3 كىلومېتىرجايدا، 71 ئائىلە، 256 نوپۇس، 307 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتنىڭ يەر زېمىنى پەس، ئۆستەڭ ئېگىزدە بولغاچقا سۇ تېز ئاققان، شۇڭا ئىلدام دەپ ئاتالغان. «ئىلدام» يەرلىك شىۋە تىلدا تېز مەنىسى بار.

## دولبويى

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.7 كىلومېتىر جايدا، 59 ئائىلە، 219 نوپۇس، 670 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنت دۆل ئۆستىڭىنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقتىن دۆلبويى دەپ نام ئالغان.

## قىيقو كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى پورمەھەللىسىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 2.7 كىلومېتىر جايدا. يەرتۈزۈلىشى جەنۇبى ئېگىز، شەرقى پەس، تۆت تەبىئىي كەنت، 143 ئائىلە، 487 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1479 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولىرى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

قىيقۇنىڭ مەنىسى ھازىر ئېنىق ئەمەس.

1958 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 3 ـ باشقۇرۇش رايون 2 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى سامپۇل كوممۇنا باش قىيقۇ دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى قىيقو كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

## پورمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 2.7 كىلومېتىرجايدا. 37 ئائىلە، 125 نوپۇس، 349 مو تېرىم يېرى بار. كەنت نامى كىشىلەرنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

## پادىچىمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.9 كىلومېتىر جايدا، 33 ئائىلە، 115 نوپۇس، 356 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتنىڭ ئادەملىرى بۇرۇن باشقىلارنىڭ چارۋامال-لىرىنى چۆل-تاغلاردا ۋاكالىتەن بېقىپ بېرىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكتىن، پادىچىمەھەللە دەپ نام ئالغان.

قۇمباغ

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.9 كىلومېتىر جايدا. 56 ئائىلە، 120 نوپۇس، 386 مو تېرىم يېرى بار. يەرلىرى قۇملۇق بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

دۆڭمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.9 كىلومېتىرجايدا، 37 ئائىلە، 127 نوپۇس، 380 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتنىڭ زېمىنى دۆڭدە بولغاچقا «دۆڭمەھەللە» دەپ نام ئالغان.

كۇكۇلا كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئۇرنى كۇكۇلا كەنتىدە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 5.8 كىلومېتىر جايدا. جەنۇب تەرىپى ساي، زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 132 ئائىلە، 490 نوپۇس، 938 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيوللىرى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان. 1978-يىلى سامپۇل كوممۇنا كۇكۇلا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن 1984-يىلى كۇكۇلا كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

كۇكۇلا

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 5.8 كىلومېتىر جايدا. 33 ئائىلە، 162 نوپۇس، 225 مو تېرىم يېرى بار. «كۇكۇلا»نىڭ مەنىسى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس.

ماتاڭمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 5.9 كىلومېتىر جايدا. 34 ئائىلە، 126 نوپۇس، 270 مو تېرىم يېرى بار. ئىلگىرى بۇكەنتتە ماتاڭ ئېتىپ ساتىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغاچقا «ماتاڭمەھەللە» دەپ نام ئالغان.

پادىچىمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 5.3 كىلومېتىرجايدا. 33 ئائىلە، 109 نوپۇس، 228 مو تېرىم يېرى بار. ئىلگىرى بۇ يەردىكى دېھقانلار باشقىلارنىڭ ماللىرىنى تاغدا بېقىپ بېرىپ ھەق ئېلىپ تۇرمۇش كۆچۈرگەن. شۇڭا «پادىچىمەھەللە» دەپ نام ئالغان.

سامپۇلسېرىق كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئۇرنى چاپاقمەھەللىدە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 7 كىلومېتىر جايدا. جەنۇبى سايلىق، ھەم ئېگىز، شىمالى پەس، يانتۇ، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 184 ئائىلە، 657 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1729 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللىرى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

بۇ كەنتنىڭ جەنۇبىدىكى ساي تەرەپتىن بىر ئېرىق ئېلىنغان بولۇپ «ساي ئېرىق» دەپ نام ئالغان. كېيىن «سېرىق» بولۇپ ئۆزگەرگەن.
1958 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 3 ـ باشقۇرۇش رايون 4 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ساپۇل كوممۇنا سېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ناھىيە تەۋەسىدە ئوخشاش دەرىجىلىك "سېرىق" كەنتىدىن ئىككىسى بولغاچقا، 1984 ـ يىلى ساپۇل يېزا نامى قوشۇلۇپ، ساپۇلسېرىق دەپ ئاتالغان ۋە كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**چاپاقمەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 7 كىلومېتىر جايدا. 34 ئائىلە، 133 نوپۇس، 372 مو تېرىم يەرى بار. كىشلەرنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

**كىلەمەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 7.2 كىلومېتىر جايدا، 35 ئائىلە، 112 نوپۇس، 298 مو تېرىم يەرى بار. بۇ يەردە ئەسلىدە كىلە كۆپ بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**شاخامەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 9 كىلومېتىر جايدا. 27 ئائىلە، 91 نوپۇس، 260 مو تېرىم يەرى بار. بۇ كەنتتىكىلەر بۇرۇن شاخا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن «شاخامەھەللە» دەپ نام ئالغان.

**قارايانتاق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئۇنى قارايانتاقتا.

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 16.8 كىلومېتىر جايدا. تاغ باغرىدىكى سايلىقتا جايلاشقان. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 227 ئائىلە، 932 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2395مو تېرىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە، ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.
1958 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 4 ـ باشقۇرۇش رايون 1 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ساپۇل كوممۇنا قارايانتاق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى قارايانتاق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**قارايانتاق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 16.8 كىلومېتىر جايدا. يەرشەكلى ئېگىز ـ پەس، قۇم دۆڭلىرى كۆپرەك، 145 ئائىلە، 520 نوپۇس، 1463 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلى بۇ يەردە يانتاق كۆپ ئۆسكەچكە «قارايانتاق» دەپ نام ئالغان.

**ئۆتەك**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 17 كىلومېتىر جايدا. 64 ئائىلە، 227 نوپۇس، 490 مو تېرىم يەرى بار. ئەسلىدە بۇ يەردە ئەتىياز، كۈز پەسىللىرى تاققا بېرىپ كېلىدىغان قويچىلار قونىدىغان بىر ئۆتەك بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**قازملىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 19.5 كىلومېتىر جايىدا. 19 ئائىلە، 76 نوپۇس، 252 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلىدە بۇ يەردىن كىشىلەر قاشتېشى، ئالتۇن قازغاچقا «قازملىق» دەپ نام ئالغان.

**بېزلىي كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى بېزلىيدا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 15 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى تاغ باغرىدىكى ئېگىز - پەس جايغا جايلاشقان. بىر تەبىئىي كەنت، 327 ئائىلە، 1073 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2916 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 - يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 18 - دادۇي بولغان. 1979 - يىلى ساپۇل كوممۇنا بېزلىي دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1984 - يىلى بېزلىي كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**بېزلىي**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 15 كىلومېتىرجايىدا. 327 ئائىلە، 1073 نوپۇس، 2016 مو تېرىم يېرى بار. «بېزلىي» دېگەن نامنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**ئاياغبېزلىي كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ئاياغبېزلىي كەنتىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 14 كىلومېتىر جايىدا. يەرشەكلى جەھەتتە ئېگىز قۇم دۆۋىلىرى بار. ئىككى تەبىئىي كەنت، 171 ئائىلە، 705 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1842 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە، ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ۋە ھەرقايسى كەنتلەرگە بارىدىغان تاشيولى بار.

بېزلىي كەنتىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «ئاياغبېزلىي» دەپ نام ئالغان.

1979 - يىلى ساپۇل كوممۇنا ئاياغبېزلىي دادۇي بولغان. 1984 - يىلى ئاياغبېزلىي كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**شامالباغ**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 14 كىلومېتىر جايىدا. يەر - تۈزۈلۈشى ئېگىز، 42 ئائىلە، 119 نوپۇس، 330 مو تېرىم يېرى بار. بۇكەنت سايغا تۇتاشقان بولۇپ، شامال كۆپ چىققاچقا «شامالباغ» دەپ نام ئالغان.

**يېستام**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 14.5 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى ئېگىز - پەس. 37 ئائىلە، 148 نوپۇس، 380 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنت ساي بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇب تەرىپىدە ئېگىز قىر داۋان بولۇپ، خوددى يىقىلىش ئالدىدىكى تامغا ئوخشىغاچقا،

يېستام دەپ ئاتالغان. يېسى دېگەن ساڭايان مەنىدە.

**قۇرۇقمەھەللە كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى قۇرۇقمەھەللدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 12 كىلومېتىر جايدا. يەر-تۈزلىشى ئېگىز-پەس، بىر تەبىئىي كەنت، 126 ئائىلە، 464 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1200 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىق-دان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى ھەممەكەنتكە ئۆتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 11-دادۈي بولغان، 1979-يىلى سامپۇل كوممۇنا قاراقىر دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1984-يىلى نامى قۇرۇقمەھەللە دەپ ئۆزگەرتىلىپ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**قۇرۇقمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 12 كىلومېتىر جايدا. 126 ئائىلە، 464 نوپۇس، 1200 مو تېرىم يېرى بار. زېمىنى قۇم تۇپراق، ساي لۆڭگە جايلاشقان، شامال كۆپ چىقىدۇ. شۇڭا قۇرۇقمەھەللە دېيىلگەن.

**ئاچچىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ئاچچىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 26.2 كىلومېتىر جايدا. بۇ كەنت ئاچچىق تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. يەرتۈزلىشى ئېگىز-پەس، ئاچچىق دەرياسى بۇ تاغ جىلغىسىنى باشتىن ئاخىرغىچە كېسىپ ئۆتىدۇ. تېرىم يەرلىرى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان. 10 تەبىئىي كەنت، 262 ئائىلە، 1065نوپۇس بار. تېرىم يېرى 2612 مو، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. ھازىر قوتاندا بار چارۋا 9798 تۇياق. بەش ئوقۇتۇش نوقتىسى ھەرقايسى تەبىئىي كەنتلەرگە تارالغان.

1958-يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا ئاچچىق باشقۇرۇش رايون بولغان، تەۋەلىكىدە ئۈچ دادۈي 11 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى بار ئىدى. 1984-يىلى ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاچچىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ئاچچىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 26 كىلومېتىر جايدا. 17 ئائىلە، 36 نوپۇس، 210 مو تېرىم يېرى بار. ئاچچىق دەرياسى كەڭ تۈزلۈقسايدىن ئۆتكەندە سۈيى ئاچچىق، تۈزلۈق بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**بۆلەيلىك**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 27 كىلومېتىر جايدا. 95 ئائىلە، 592 نوپۇس، 1014 مو تېرىم يېرى بار. قوتاندا ساقلىنىۋاتقان چارۋا 3104 تۇياق، بۇ كەنت ئەتراپىدىكى تاغدىن بۆلەي تاش كۆپ چىققاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**سەجەتوغراق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 27 كىلومېتىر جايدا. 32 ئائىلە،

202 نوپۇس، 260 مو تېرىم يەـرى بار. بۇ يەردە بىرتۇپ توغـراق بولۇپ، تېرىقـچىلىق قىلغىلى كەلگەن دېھقانلار خالتا ـ خوجۇنلىرىنى توغراققا ئېلىپ قويىدىكەن. شۇڭا سەجەتوغـراق دەپ نام ئالغان. سەجە ـ يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئائىلە سايمانلىرىدىن بىرى.

## ئۇتتۇرا قىر

ئۇرنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىـدىكى 30 كىـلومېتىر جايدا. 20 ئائىلە، 84 نوپۇس بار. چارۋىچىلىق رايونى.

## ئۇژمەمازار

ئۇرنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىـكى 35 كىلومېتىر جايدا. 19 ئائىلە، 76 نوپۇس بار، يېرىم دېھـقانچىـلىق، يېرـىم چارۋىـچىـلىق رايونى، بۇ يەردە داڭـلىق بولغان بىرقەدىمكى مازار بولۇپ، كەنت نامى شۇ مازار نامى بىلەن ئاتالغان.

## ئۇلۇغبەل

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 25.5 كىلومېتىر جايـدا، 33 ئائىلە، 366 نوپۇس، 250 مو تېرىم يېرى بار. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونى. رىۋايەتـلەردە ئېيتىلىشىچە بۇندىن 900 يىللار بۇرۇن ئىسلام دىنى تارقاتـقۇچى ئۇلۇغ كىشىلەر مۇشۇ تاغ بېشىدا دەم ئالغان. شۇڭا تاغنىڭ شەكلى بىلەن قوشۇلۇپ «ئۇلۇغبەل» دەپ ئاتالغان.

## كالتەبەل

ئۇرنى يېزـىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 22.5 كىلومېتىر جايدا. 33 ئائىلە، 161 نوپۇس، 180 مو تېرىم يېرى بار. تاغنىڭ شەكلىگە قاراپ «كالتەبەل» دەپ نام قويۇلغان.

## يانتاقلىق

ئۇرنى يېزـىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايـىنىڭ جەنۇبىدىكى 19 كىلومېـتىر جايدا. 35 ئائىلە، 129 نوپۇس، 280 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەردە ئەسلىدە بىرپارچە يانتاقلىق بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

## چوقالىق

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىـدىـكى 20 كىلومېـتىر جايدا. 32 ئائىلە، 148 نوپۇس، 245 مو تېرىم يەـرى بار. بۇ كەنـت تاغ چوقـقـىلىرى كۆپ يەرگە جايلاشقانـلىقى ئۈچۈن چوقالىق دەپ نام ئالغان. بۇ يەردىكى تاغدىن ئۇتقا چىداملىق توپا كۆپ چىقىدۇ.

## ئاچچىقلەڭگەر

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىدىـكى 10 كىـلومېـتىر جايدا. 17 ئائىلە، 81 نوپۇس، 164 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەردە ئىلگىرى ئاچچىق تاققا چىقىدىغان، تاغدىن چۈشۈدىغانلار قونۇپ ئۆتىدىغان لەڭگەر بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

## تۇرۇشلۇق ئۇرنى يېڭىلەڭگەردە
## يېڭىـلەڭگەر كەنت كومىتېتى

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىـكى 20 كىلومېتىر جايدا، چوڭ ساي ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. زىمىنى چۆل تۈزلەڭلىك، بىر تەبىئىي كەنت، 64 ئائىلە، 263 نوپۇس،

بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1064 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى لوپ- چىرا تاشيولىغا تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

بۇ يەر ئەسلى لوپ ۋە خوتەندىن چىرىغا بارىدىغان يول بويى بولۇپ 80 يىلدىن بۇيان ئالتە ئائىلىلىك ئادەم كۆچۈپ كېلىپ لەڭگەر سالغان. 1960-يىلى ئادەم يۆتكەپ بوزيەر ئېچىپ كەنت قىلغان ۋە سامپۇل كوممۇنىغا تەۋە يېڭىلەڭگەر دېھقانچىلىق مەيدان 1-دادۈي بولغان. 1979-يىلى سامپۇل كوممۇنا يېڭىلەڭگەر 1-دادۈي بولغان. 1984-يىلى سامپۇل يېزا يېڭىلەڭگەر كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

## يېڭىلەڭگەر

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 18 كىلومېتىرجايىدا. 64 ئائىلە، 263 نوپۇس، 1064 مو تېرىم يېرى بار. تەخمىنەن 80 يىللاردىن بۇيان بۇ يەردە لەڭگەر بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

## بوستانكۆل كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى بوستانكۆلدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 19 كىلومېتىرجايىدا. زېمىنى قۇم تۈزلەڭلىك، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 130 ئائىلە، 500 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 3900 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. شەرقتىن بەشتوغراققا، غەربتىن لوپقا بارىدىغان ئاددى تاشيولى بار. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1960-يىلى يېڭى ئېچىلغان ۋاقىتدا قىزىلبايراق كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدان 4-دادۈي بولغان. 1983-يىلى سامپۇل كوممۇنا بوستانكۆل دادۈي دەپ نام بېرىلگەن. 1984-يىلى ئەسلىدىكى سايباغ، نۇرباغ دادۈيلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بوستانكۆل كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

## بوستانكۆل


ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 19 كىلومېتىرجايىدا. 41 ئائىلە، 174 نوپۇس، 1260 مو تېرىم يېرى بار. بۇكەنتتە ساي ئوتتۇرىسىدىن ئۈچۈق كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئەتراپىغا سۆگەت سېلىنغان بىركۆل بولۇپ، 1984-يىلى بوستانكۆل دەپ نام قويۇلغان.

## نۇرباغ

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 20 كىلومېتىرجايىدا. 47 ئائىلە، 207 نوپۇس، 1474 مو تېرىم يېرى بار. زېمىنى ئېگىزدە بولۇپ، يىراقتىن قارىسا ناھايىتى گۈزەل كۆرۈنگەچكە 1984-يىلى «نۇرباغ» دەپ نام بېرىلگەن.


## سايباغ

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 22 كىلومېتىرجايىدا. 41 ئائىلە، 170 نوپۇس، 1290 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنت ساي بىلەن تۇتىشۇپ تۇرغاچقا 1984- يىلى سايباغ دەپ نام بېرىلگەن.



چارباغ يېزا يەرنامى خەرىتىسى
1:66000
1:1000000
چارباغ يېزا
كوماباغ
مانتا توغراق
ياقچە
ھاڭگىي
يېزا
بۇيا
ئاۋات
بازار
باشتوغراق
دۆۋەت
(شىيتمەھەللە)
چاپاللاڭگەر
ئۆستەڭئۆجى
باشپىچەككى
جوزجە مەھەللە
خاياتئېرىق
كوچائېرىق
كاندۇكمەھەللە
چارباغ ئايدىڭكۆل
ئۆزۈنمەھەللە
گۆلدۆرمە
ئايانگجا
كۆشۈكمەھەللە
گجا
(ساقالمەھەللە)
دۆڭتازما
ماقلانمەھەللە
ساقالمەھەللە
قوچاق
بامىي
بىسلاقلىق
ساقا
كۆچەتمەھەللە
پاتاتمەھەللە
سامپۇل
قىيتو
كۆكۆلا
باشكاپا
كاپا ئايرىش
ئۆتتۇراكونزىي
نوكايمەھەللە
داركەنت
ماكاتمەھەللە
قاراقاش
چارباغ
لەڭگەر
ئۆيلا
ئايماق
كۆلئېرىق
نور ئېرىق
يۇقارتمەھەللە
جىگەمەھەللە
باشتوگمەن
تايلاقمەھەللە

# چارباغ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى



ياپ ـ يېشىل ياڭاقزارلىق.

چارباغ يېزىسى لوپ شەھەر ئىچىنىڭ غەربىدىكى 9 كىلومېتىر جايدا. غەربى بۇيا يېزىسى بىلەن قارا سۇ (ھاڭگىي) ئۆستىڭى ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ. شەرقى راخمانپۇر ئۆستىڭى بىلەن چېگرىلىنىپ، لوپ بازىرى بىلەن تۇتۇشىدۇ. جەنۇب تەرىپى ناۋا يېزىسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. شەرقى شىمال تەرەپ-تىن ھاڭگىي يېزىسى بىلەن قوشنا، شىمال تەرىپى تەكلىماكان چۆلىگە تۇتىشىدۇ. جەنۇپتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 36 كىلومېتىر. شەرقتىن غەربكە كەڭلىگى تەخمىنەن 8 كىلومېتىر. ئومۇمى يەر كۆلىمى 288 كۋادرات كىلومېتىر، 32 كەنت كومىتېتى، 69 تەبىئى كەنت، 7128 ئائىلە، 26 مىڭ 591 نوپۇس بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار 26 مىڭ 580 كىشى، خەنزۇ 11كىشى، يېزىلىق ھۆكۈمەت كۆلئېرىق كەنتىكە جايلاشقان. ماڭ ـ يا تاشيولى بۇ يېزىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن توغرىسىغا كىسىپ ئۆتىدۇ.

«چارباغ» "تۆت چاسا باغ" دېگەن مەنىدە بولۇپ، كۆچمە مەنىسى چوڭ باغ. بۇندىن 350 يىل بۇرۇن بۇ يەرگە موللا ئىسلام، موللا سەيۋار، موللا دولان، ھاۋازغوجا دىگەن تۆت كىشى تۆت جايدا ئايرىم ـ ئايرىم ئۆي ـ ماكان تۇتقان. كېيىن تۆت ئەتراپنى تۇتاشتۇرۇپ، چوڭ باغ ھاسىل قىلغان. ۋە چارباغ دەپ ئاتالغان دېگەن رىۋايەت بار. «چار» پارسچە «تۆت» دىگەن

مەنىدە بولۇپ، «چارباغ» ئۇزاق مۇددەت قوللىنىلىش جەريانىدا «چاۋاغ»قا ئۆزگىرىپ كەتكەن. لېكىن چارباغنىڭ تارىخى توغرىسىدا ھېچ قانداق يازما خاتىرىلەر تېپىلمىدى.

«چارباغ»نىڭ «دۈشەنبە بازار» دېگەن نامىمۇ بار. بۇرۇن ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنى بازار قىزىغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان ۋە ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان دۈشەنبە بازار دەپ ئاتىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان.

ناھىيە قۇرۇلغىچە چارباغ كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق ئىدى. ناھىيە قۇرۇلغان چاغدا 23 كەنت بىلەن بىرگە لوپ ناھىيىسىگە ئايرىلدى ۋە سامپۇل مىڭىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى. 1934 ـ يىلى چارباغ پۈتۈن ناھىيىدىكى ئالتە رايوننىڭ بىرى بولغان شىشاڭ (غەربىي يېزا) 4 ـ رايون بولدى ۋە ئۇنىڭغا ئالتە كەنت تەۋە قىلىندى. 1938 ـ يىلى شىشاڭ (غەربىي يېزا) 3 ـ رايونغا ئۆزگەرتىلدى. 1942 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە سەككىز رايونغا ئايرىلغاندا چارباغ 5 ـ رايونغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭغا 19 كەنت تەۋە بولدى. 1944 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىدە بوجاڭ ـ جاجاڭ تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا چارباغ شىشىڭ (غەربىي ئاۋات)، رېن يي (ئىنسانىيلىق)، مىن فىڭ (خەلقنى بېيىتىش) دېگەن ئۈچ يېزىغا ئايرىلدى. 1947 ـ يىلى گىنجا، چالمىي، بامىي، جىمىي قاتارلىق يېزىلارغا ئايرىلدى. 1948 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پۈتۈن ناھىيە تۆت بازار بەش چوڭ يېزىغا ئايرىلغاندا، چارباغ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر يېزا ئىدى.

1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن چارباغ 4 ـ رايونغا ئايرىلغان. ئۇنىڭغا ئالتە يېزا 53 كەنت تەۋە بولغان ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. 1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چارباغدا نۇرلۇق، قەھرىمان دېگەن 2 كوممۇنا قۇرۇلدى. 1959 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 2 كوممۇنا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۈچقۇن خەلق كوممۇناسى قۇرۇلدى ۋە كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىندى. تۆۋەندە بەش باشقۇرۇش رايون، بىر دېھقانچىلىق مەيدان 39 دادۈي قۇرۇلدى. 1968 ـ يىلى ئۈچقۇن كوممۇنا ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى. 1979 ـ يىلى چارباغ (توپلىمىغا "چاۋاغ" دەپ يېزىلغان) كوممۇناغا ئۆزگەرتىلدى. 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلىپ، ئاپتونوم رايونغا يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق «چاۋاغ» دېگەن نام «چارباغ»قا ئۆزگەرتىلدى ۋە چارباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

چارباغ يېزا تاغ ئالدىدىكى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىككە كىرىدۇ. زېمىنى تەكشى. جەنۇبتىن شىمالغا قىيپاشراق كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1370 مېتىر. شەرقىي شىمال ۋە شىمال تەرىپىدىكى قىسمەن قۇملۇق بەلباغلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئومۇمەن بوستان تېرىلغۇ يەر ھېساپلىنىدۇ. ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، شامال كۆپ چىقىدۇ. تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى ھاۋا كىلىماتىغا ياتىدۇ. ئەتىيازدا بوران كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتورا 11.5°C، 7 ـ ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتورا 24.5°C، 1 ـ ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتورا نۆلدىن تۆۋەن 6°C ـ، يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى 32 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن. قۇم تۇپراق، 66 مىڭ 966 مو تېرىلغۇ يېرى بار. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قوغۇن ـ تاۋۇز كۆپ تېرىلىدۇ. 1985 ـ يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 27 مىليون 259 مىڭ 544 جىڭ،

ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 680 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق 1026 جىڭ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 510 مىڭ جىڭ، پىلە 25 مىڭ 451 جىڭ، قوتاندىكى چارۋا 48 مىڭ 727 تۇياق.

چارباغ يېزىسى لوپ ناھىيىسىدىكى يەل-يېمىش ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 3 مىليون 500 مىڭ جىڭ (شەخسلەرنىڭكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ھەرخىل يەل-يېمىش ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. لوپ ناھىيىسىدىكى ئەڭ چوڭ ياڭاقزارلىق مۇشۇ يېزىدا. 1977-يىلى يەنە كىشمىش ئۈزۈم يېتىشتۈرۈشكە باشلىدى. 1985-يىلغىچە 1500 مو تال كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى. بۇلار مۇشۇ يېزىدا كېڭەيتىپ ئۆستۈرۈشكە يېتىپلا قالماي سىرتقا قاردىتا زور مىقداردا تال كۆچىتى تەمىنلەيدۇ.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن بىر سۇ ئېلېكتىر ستانسىسى بولۇپ، توك چىقىرىش مىقدارى 300 كىلوۋات، بۇ ستانسا ئۆز تەۋەسىدىكى يېزىلارنى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خۇمدانچىلىق، گىلەمچىلىك، بىناكارلىق قاتارلىق كارخانىلار بار. ھازىر بەش ماشىنا، 103 ھەرخىل تراكتور، 35 ھەرخىل پىششىقلاش ماشىنىلىرى بار.

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان يېزا ئاساسى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولماقتا. ھازىر 147 ھەرخىل ئېرىق-ئۆستەڭ، 529 يول، 320 پارچە سالا ئېتىز ياسىلىپ، ئورمان بەلباغ، ئېرىق-ئۆستەڭ بىرگەۋدە قىلىنغان ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. مەدەنىي-مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېزىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 32 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. 2473 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. بىر يېزىلىق دوختۇرخانا، 38 كەنت دەرىجىلىك ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۇزىلى، كىنوخانا، مالدوختۇرلۇق پونكىتى، ئاشلىق پونكىتى، پوچتا تېلېگراف، بانكا قاتارلىق ئورۇنلار بار. تەمىنات سودا تورلىرى پۈتۈن يېزىغا تارالغان. ھازىر ئىقتىسات گۈللەنگەن، ئىلىم-سېتىم ئاۋاتلاشقان ياخشى ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى.

# ئۆلچەملىك ناملار

## چارباغ يېزىسى

چارباغ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋال ماتېرىيالىغا قارالسۇن.

## كۆلئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 0.5 كىلومېتىر جايدا. 53 ئائىلە، 106 نوپۇس، 364 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەردە بىر كۆل بولۇپ، پۈتۈن كەنت دېھقانلىرىنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان ۋە كۆلئېرىق نامى بىلەن ئاتالغان. چارباغ يېزىلىق پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپى كارخانا، مەدەنى مائارىپ، سەھىيە ئورۇنلىرى مۇشۇ كەنتتە بولۇپ، بۇ چارباغ يېزىسىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

تۇرۇشلۇق ئورنى جايتوغراقتا

## جايتوغراق كەنت كومىتېتى

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 1.1 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئى كەنت، 288 ئائىلە، 1073 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2116 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى ئۈچقۇن كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 1-دادۈي بولغان. 1979-يىلى چاۋاغ كوممۇنا جاي توغراق دادۈي دەپ ئاتالغان 1984-يىلى چارباغ يېزا جايتوغراق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

## جايتوغراق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 1.1 كىلومېتىر جايدا. 117 ئائىلە، 436 نوپۇس، 652 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەر ناھايىتى زور توغراقلىق بولغاچقا جايتوغراق دەپ نام ئالغان.

## يۇقارقىمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 0.5 كىلومېتىر جايدا. 50 ئائىلە، 130 نوپۇس، 400 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر كەنتنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن يۇقارقى مەھەللە دەپ نام ئالغان.

## نورئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 0.5 كىلومېتىر جايدا. 29 ئائىلە، 106 نوپۇس، 230 مو تېرىم يېرى بار. ئىلگىرى نور ئارقىلىق سۇ ئۆتكۈزۈلگەن ئېرىق نامى

بىلەن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

**جىگدەئېرىق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 1.7 كىلومېتىر جايدا. 47 ئائىلە، 308 نوپۇس، 462 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەردە ئىككى قېشىغا خاس جىگدە تىكىلگەن بىر ئېرىق بولۇپ، جىگدەئېرىق دەپ نام ئالغان. كەنت بولغاندىن كېيىن جىگدەئېرىق نامىنى ساقلاپ كەلگەن.

**چوڭ كۆلبېشى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى پاچاقمەھەللىدە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى. ئۈچ تەبىئىي كەنت، 328 ئائىلە، 1136 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2988 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

بۇ كەنتتە 300 يىل ئىلگىرى بىر مەسچىت بولۇپ، مەسچىت يېنىغا بىر چوڭ كۆل كولانغان. شۇنىڭ بىلەن چوڭ كولبېشى دەپ نام ئالغان.

1958-يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 2-دادۈي بولغان. 1979-يىلى چاۋاغ كوممۇنا چوڭ كۆلبېشى دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى چارباغ يېزا چوڭ كۆلبېشى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**پاچاقمەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايدا. 67 ئائىلە، 250 نوپۇس، 624 مو تېرىم يېرى بار. پاچاق لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**گوپئېرىق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا، 137 ئائىلە، 410 نوپۇس، 1160 مو تېرىم يېرى بار. گوپ لەقەملىكلەر نامىدا كولانغان ئېرىق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**چارباغ ئايرىش**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 1.9 كىلومېتىر جايدا. 59 ئائىلە، 239 نوپۇس، 569 مو تېرىم يېرى بار. چارباغ ئۆستەڭى مۇشۇ يەردە ئىككى تارماققا ئايرىلغاچقا چارباغ ئايرىش دەپ نام ئالغان.

**چارباغ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى جايئېرىقتا

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى. ئىككى تەبىئىي كەنت، 214 ئائىلە، 541 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2209 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاددى تاشيولى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت

نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 1 ـ باشقۇرۇش رايون 3 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى چارباغ يېزىغا تەۋە چارباغ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### جايئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا. 54 ئائىلە، 270 نوپۇس، 406 مو تېرىم يەرى بار. بۇ كەنتنىڭ ئېرىقى دەسلەپتە ناھايىتى چوڭ ئېلىنغاچقا جايئېرىق دەپ نام ئالغان.

### چارباغ

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا. 63 ئائىلە، 236 نوپۇس، 510 مو تېرىم يەرى بار. (مەنىسى ھەققىدە چارباغ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ماتېرىيالىغا قاراڭ.)

### ئايماق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى دۆڭئېرىقتا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى. بىر تەبىئىي كەنت، 229 ئائىلە، 830 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1763 مو تېرىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان پىلە ئۆزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ. «ئايماق» دېگەن قانداش سېستىمىسىدىكى ئۇرۇق توققانلار بىر مەھەللە بولۇپ ئولتۇرغانلارغا قارىتىلغان. بۇ كەنت كىشىلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۇرۇق تۇققان بولغاچقا بىر ئايماق بولۇپ ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا ئايماق دەپ نام ئالغان.

1958 ـ يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 1 ـ باشقۇرۇش رايون 4 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا ئايماق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى چارباغ يېزا ئايماق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### دۆڭئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا. 63 ئائىلە، 258 نوپۇس، 378 مو تېرىم يەرى بار. بۇ يەرنىڭ سۇغۇرۇش ئېرىقى دۆڭگە جايلاشقانلىقتىن دۆڭئېرىق دەپ ئاتالغان. كەنت بولغاندىن كېيىن دۆڭئېرىق نامى ساقلىنىپ قالغان.

### ئويلا كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى ئويلا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.7 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى چوڭقۇر، بىر تەبىئىي كەنت، 234 ئائىلە، 893 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2133 مو تېرىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 1 ـ باشقۇرۇش رايون 5 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ

كومـمۇنا ئۇيلا دادۋي دەپ ئـۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىـلى چارباغ يېزا ئۇيـلا كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ئۇيلا**

ئورنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايـىنىڭ غەربـى شىمالىدىـكى 1.7 كىلومېتـىر جايـدا. 234 ئائىلە، 898 نوپۇس، 2133 مو تېرىم يەرى بار. «ئۇيلا» ئەسلى چوڭقۇر يارلىقتا جايلاشقان كەنت بولۇپ، ئوي يار دېگەندىن ئۆزگەرگەن.

**باش سوغاققۇم كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ئارقائىلەكتە

ئورنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 5 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنىـدا قۇم دۆۋىلىرى بار. ئىككى تەبىئىي كەنت، 119 ئائىلە، 413 نوپۇس بار. دېهقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 690 مو تېرىم يـەر، 2000 مو يايلاق بار. ئاساسى مەهسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقـدان تېـرىلـىدۇ. ناهـيە بويىـچە 500 مو كـۆلەمدىـكى زور ياڭاقزارلىـق مۇشۇ كەنتـدە. 1 باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى هەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

بۇيەر بۇرۇنـدىن تارتـىپ ئۇزۇن كەتـكەن قۇم دۆۋىـلىرىـدىن تەركـىپ تاپـقان بولۇپ، دائىم سوغۇق شامال چىقـىپ تۇرغاچـقا سوغاققـۇم دەپ ئاتـىغان. 1960 ـ يـىلى ئادەم يۆتـكەپ كەنـت قىلغاندىن كېيىـنمۇ سوغاقـقۇم نامـى بىلەن ئاتالغان. بۇ يەر پۈتـۈن سوغاقـقۇم كەنتىنىڭ باش تەرىپى بولغاچقا باش سوغاققۇم دەپ ئاتالغان.

1960 ـ يىلى ئۇچقۇن كوممۇنانىڭ بوز يەرى ئىدى. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كومـمۇنا باش سوغاقـقۇم دادۋي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى باش سوغاققۇم كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ئارقا ئىلەك**

ئورنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىـكى 5 كىلومېتـىر جايـدا. 35 ئائىـلە، 215 نوپۇس 350 مو تېرىم يەرى بار. بۇ يەر هاڭگىي ئۆستىڭىـنىڭ ئارقا تەرىپىدىـكى ساقىنـدى سۇ يېغىلىپ قالىدىغان جاي بولغاچقا ئارقا ئىلەك دەپ ئاتالغان. كەنت بولغانـدىن كېيىـنمۇ ئارقا ئىلەك نامى ساقلىنىپ كەلگەن.

**لەڭگەر**

ئورنى يېزىـلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىـدىـكى 3.9 كىلومېتـىر جايـدا. 24 ئائىلە، 135 نوپۇس، 340 مو تېرىم يەرى بار. بۇ يەر بۇرۇن چىغىر يول بويىدىكى كىچىـك لەڭگەر ئىدى. شۇڭا لەڭگەر نامى كەنت نامىغا ئايلانغان.

**خەلپەئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى خەلپەئېرىقتا

ئورنى يېزىـلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىدىـكى 1.9 كىلومېتـىر جايـدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 216 ئائىلە، 750 نوپۇس بار. دېهقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1659 مو تېرىم يېرى بار، 350 مو يايـلاق بار. ئاساسى مەهسۇلاتـى بۇغـداي، قوناق، پاختـا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى هەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى ئۇچقۇن كومموُنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 1 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كومموُنا خەلپە ئېرىق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى خەلپە ئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### خەلپەئېرىق

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 1.9 كىلومېتىر جايدا. 96 ئائىلە، 334 نوپۇس، 802 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەردە بۇرۇن خەلپە نامىدا بىر ئېرىق كولانغانلىقتىن خەلپە ئېرىق دەپ نام ئالغان ۋە ئۇ كەنت نامىغا ئايلانغان.

### ئارقائېرىق

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 1.6 كىلومېتىر جايدا. 63 ئائىلە، 209 نوپۇس، 409 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەرنىڭ ئېرىقى ئەسلىدە چوڭ ئۆستەڭنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئېلىنغانلىقتىن ئارقا ئېرىق دەپ نام ئالغان.

### قوچاقئېرىق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئۆرنى گاراڭمەھەللە

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 284 ئائىلە، 766 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيوللىرى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ كەنتنىڭ دېھقانلىرى بۇرۇن مۇشۇ يەردىن بىر ئېرىق ئالغان بولۇپ، ئېرىق ھەم كىچىك، ھەم تار بولغانلىقتىن ئىشلىتەلمەي قوچاققا ئوخشاش كىچىك ئېرىق دەپ تەمسىل قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن قوچاقئېرىق دەپ نام ئالغان.

1958 ـ يىلى ئۇچقۇن كومموُنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 2 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كومموُنا قوچاق ئېرىق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى قوچاقئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### گاراڭمەھەللە

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. 46 ئائىلە، 174 نوپۇس، 293 مو تېرىم يېرى بار. گاراڭ لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### قاراقاش مەھەللە

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. 33 ئائىلە، 151 نوپۇس، 226 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەردە ئەڭ بۇرۇن قاراقاشتىن كەلگەن بىر ئادەم ماكان تۇتۇپ، كەنت بولغاچقا قاراقاش مەھەللە دەپ نام ئالغان.

### بامىي كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئۆرنى بامىي

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 195 ئائىلە، 693 نوپۇسى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1853 مو، ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىقدان. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 3 ـ دادۈي بولغان. 1978 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا بامىي دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى بامىي كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**بامىي**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. 59 ئائىلە، 222 نوپۇس، 525 مو تېرىم يېرى بار. رىۋايەت قىلىنىشچە بۇرۇن بۇ يەردە بۇددا دىن بۇتخانىسى ياسىلىپ سەككىز باشلىق بۇت قويۇلغان. شۇڭا خەنزۇچە بامياۋ دەپ ئاتالغان. كېيىن بامىي بولۇپ ئۆزگەرگەن، دېيىلىدۇ. ئەمما تارىخىي مەنبەلەردە ھېچقانداق يازما ئاساس تېپىلمىدى.

**ئۇقچى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى خەلپەمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.6 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 198 ئائىلە، 888 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1994 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتاشتۇرۇلدى.

«ئۇقچى» ئوقيا ياسىغۇچى دېگەن مەنىدە، رىۋايەت قىلىنىشچە قەدىمكى زاماندا مۇشۇ كەنتتە ئوقيا ياسىغۇچىلار ياشىغانلىقتىن ئۇقچى دەپ نام ئالغان.

1958 ـ يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 4 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا ئۇقچى دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئۇقچى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**خەلپەمەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.6 كىلومېتىر جايدا. 44 ئائىلە، 167 نوپۇس، 471 مو تېرىم يېرى بار. بۇ ئىسلام دىنىدىكى موتىۋەر زاتلاردىن مەلۇم بىر خەلپە نام چىقارغان مەھەللە بولغاچقا خەلپەمەھەللە دەپ نام ئالغان.

**يارلىق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 4.1 كىلومېتىرجايدا. 35 ئائىلە، 117 نوپۇس، 449 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر كەنت بولۇشتىن ئىلگىرى كەلكۈن سۇ يار پېچىپ كەتكەن چوڭقۇر يارلىق ئىدى. شۇڭا يارلىق دەپ نام ئالغان. كەنت بولغاندىن كېيىن يەنە ئەسلى نامى ساقلاپ قېلىنغان.

**ئوچۇقئېرىق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.2 كىلومېتىرجايدا. 119 ئائىلە، 376 نوپۇس، 1074 مو تېرىم يېرى بار. بۇيەرنىڭ ئېرىقى كەڭ، ئازادە ئېلىنغاچقا ئوچۇق ئېرىق دەپ نام ئالغان.

**ياركەنت كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى ياركەنتتە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 5.9 كىلومېتىرجايدا.

زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 235 ئائىلە، 823 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىدىم يېرى 2532مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىقدان. قوشۇمچە پىلە قۇرتى بېقىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

1958ـيىلى ئۈچقۇن كوممۇنا 2ـباشقۇرۇش رايون 6ـدادۈي بولغان. 1979ـيىلى چاۋاغ كوممۇنا ياركەنت دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984ـيىلى ياركەنت كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ياركەنت**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 5.9 كىلومېتىرجايىدا. 69 ئائىلە، 269 نوپۇس، 452 مو تېرىدىم يېرى بار. بۇ يەر كەلكۈن سۇ يار پىچىپ كەتكەن چوڭقۇر جايغا جايلاشقانلىقتىن ياركەنت دەپ نام ئالغان.

**ماتاڭمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 5.3 كىلومېتىرجايىدا. 33 ئائىلە، 112 نوپۇس، 315مو تېرىدىم يېرى بار. بۇكەنتتىكى ئادەملەر بۇرۇندىن تارتىپ ئۈزۈم شىرنىسىدە ياڭاق، كەندىر مېغىزىنى ئارىلاشتۇرۇپ «ماتاڭ»ياساپ سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا ماتاڭمەھەللە دەپ نام ئالغان. (ماتاڭـخەنزۇچە سۆز)

**تاشئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 7 كىلومېتىر جايىدا. 35 ئائىلە، 122 نوپۇس، 433 موتېرىدىم يېرى بار. بۇ يەرنىڭ زېمىنىدا تاش كۆپ بولۇپ، ئېرىقلىرىدا تاش كۆپ بولغانلىقتىن تاشئېرىق دەپ نام ئالغان.

**تېترباغ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى تاماقمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 6.7 كىلومېتىرجايىدا. زېمىنى ئېگىز-پەس. بىر تەبىئىي كەنت، 108 ئائىلە، 805 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىدىم يېرى 2649 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

بۇ يەر بۇرۇن دەريا ئېقىن ئورنى بولۇپ، كىشىلەر ئالتۇن، قاشتېشى كولىغان. كەنت بولۇپ يەرلىرى تېرىمغا ئايلانغاندىن كېيىن تېترباغ دەپ ئاتالغان.

1958ـيىلى ئۈچقۇن كوممۇنا 2ـباشقۇرۇش رايون 7ـدادۈي بولغان. 1979ـيىلى چاۋاغ كوممۇنا باغچا دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983ـيىلى تېترباغ دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1984ـيىلى تېترباغ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تاماقمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 5.6 كىلومېتىرجايىدا. 156 ئائىلە، 281 نوپۇس، 605 مو تېرىدىم يېرى بار. تاماق لەقەملىك كىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**تايلاق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى دۆڭئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 10 كىلومېتىر جايىدا.

زىمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 89 ئائىلە، 317 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىدىم يەرى 1241 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

«تايلاق» دېگەن تۆگىنىڭ تايلىقى بولۇپ، بۇ يەردە لەقەمگە قارىتىلغان. كىشلەرنىڭ لەقىمىدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

1958-يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 1-دادۈي بولغان. 1979-يىلى چاۋاغ كوممۇنا تايلاق مەھەللە دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى تايلاق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### دۆڭئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 10 كىلومېتىر جايدا. 35 ئائىلە، 94 نوپۇس، 433 مو تېرىدىم يەرى بار. دۆڭ جايدىن ئېلىنغان ئېرىق نامى بىلەن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

### گىجا قاراقىر كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى ساڭامەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 9 كىلومېتىر جايدا. زىمىنى ئېگىز پەس، ئىككى تەبىئىي كەنت، 260 ئائىلە، 1007 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىدىم يەرى 3314 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

«گىجا»نىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، قاراقىرنىڭ مەنىسى دەسلەپتە يەرئېچىش ئۈچۈن قاراقىر-سېلىنغان دېيىلىدۇ. نامنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ ئېنىق ئەمەس.

1958-يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 2-دادۈي بولغان. 1979-يىلى چاۋاغ كوممۇنا گىجا قاراقىر دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى گىجا قاراقىر كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### ساڭامەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 9 كىلومېتىر جايدا. 59 ئائىلە، 110 نوپۇس، 595 مو تېرىدىم يەرى بار. «ساڭا»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدا «يېرىم» دېگەن مەنىسى بار. بۇ يەردە كىشلەرنىڭ لەقىمىگە قارىتىلغان. ساڭا لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### كۆچەتمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 7.2 كىلومېتىرجايدا. 49 ئائىلە، 220 نوپۇس، 692 مو تېرىدىم يەرى بار. كۆچەت لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### دۆڭمەھەللە كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى كۇشۇكمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 6.2 كىلومېتىرجايدا. زىمىنى ئېگىز-پەس، ئىككى تەبىئىي كەنت، 112 ئائىلە، 403 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىدىم يەرى 1433مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان،

يىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ. زىمىنى ئويدانڭ-چوڭقۇر بولۇپ، دۆڭگە جايلاشقان مەھەللە نامى بىلەن شۇنداق ئاتالغان.

1958-يىلى ئۈچقۇن كومـمۇنا 3-باشقـۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان. 1978-يىـلى چاۋاغ كوممۇنا دۆڭمەھەلـلە دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلـگەن. 1984-يىلى دۆڭـمەھەلـلە كەنت كومىتېـتى قۇرۇلغان.

### كۈشۈكمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايـىنىڭ غەربـى جەنۇبىدىـكى 6.2 كىـلومېتىرجايـىدا. 29 ئائىلە، 112 نوپۇس، 385 مو تېرىم يەرى بار. بۇ كەنتنىڭ كىشىلىرى دەسلەپتە كۈشۈك ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۈشۈك لەقەم قويۇلغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

### ساگا

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشـلۇق جايـىنىڭ غەربـى جەنۇبىدىـكى 6 كىلومېتىر جايىدا. 27 ئائىلە، 110 نوپۇس، 359 مو تېرىم يەرى بار. «ساگـا»نىڭ قەدىمـكى ئۇيغۇرتىلـىدا «يېرىم» دىگەن مەنىسى بار. بۇ يەردە كىشـلەرنىڭ لەقىمىگە قارىتىلـغان بولۇپ، لەقەمـدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

### قۇملەڭگەر كەنت كومىتېتى        تۇرۇشلۇق ئۇرنى ئارقانور

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشـلۇق جايـىنىڭ غەربـى جەنۇبىدىـكى 4.6 كىلومېتىرجايىدا. زىمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 228 ئائىلە، 788 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يەرى 2447 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمـچە مايلىقدان، يىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكـتەپ بار. تاشيولـى ھەرقايىسى كەنتـلەرگە تۇتىشىدۇ.

بۇرۇن بۇيەردە سامپـۇل بىلەن چارباغ ئوتتورىسىدىـكى چوڭيول بولۇپ، يول بويـىغا لەڭگەر سېلىنغان. يول بويى قۇملۇق بولغاچقا قۇم لەڭگەر دەپ ئاتالغان.

1958-يىلى ئۈچـقۇن كوممۇنا 3-باشـقۇرۇش رايون 4-دادۈي بولغان. 1979-يىـلى چاۋاغ كوممۇنا قۇملەڭگەر دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى قوملەڭگەركەنت كومىتېتىقۇرۇلغان.

### ئارقانور

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تورۇشلۇق جايـىنىڭ غەربى جەنۇبىدىـكى 4.6 كىلومېتىرجايىدا. 45 ئائىلە، 200 نوپۇس، 424 مو تېرىم يەرى بار. بۇرۇن قومـلەڭگەر كەنتىنىڭ ئارقا تەرىپىگە چوڭ نور قويۇپ ئېرىق ئېلىنغاچقا، ئارقا نور دەپ ئاتالغان.

### قۇملەڭگەر

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربـى جەنۇبىدىـكى 4.3 كىلومېـتىر جايىدا. 21 ئائىلە، 178 نوپۇس، 360 موتېرىم يەرى بار. «قۇملەڭـگەر»كەنتـىنىڭ چۆشەنـدۈرىشىگە قارالسۇن

### بېسىملىغاق

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشـلۇق جايـىنىڭ غەربـى جەنۇبىـدىكى 4 كىلومېتىرجايىدا، 30

ئائىلە، 100 نوپۇس، 302 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەردە بېسلىغاق دەيدىغان ئوتچۆپ كۆپ ئۆنگەنلىكتىن شۇنداق نام ئالغان.

**ئويلەڭگەر**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 4.2 كىلومېتىر جايدا. 41 ئائىلە، 148 نوپۇس، 384 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەرنىڭ زېمىنى چوڭقۇر بولۇپ، كىچىك لەڭگەر بارئىدى. شۇڭا ئويلەڭگەر دەپ نام ئالغان.

**ئارامەھەللە كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى هالۇئېرىقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 4.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 211 ئائىلە، 756 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1977 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. تاشيولى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

بۇ يەر باشقىچا بىلەن ئاياغىكىچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقاچقا ئارامەھەللە دەپ نام ئالغان.

1958-يىلى ئۈچقۇن كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 5-دادۈي بولغان، 1979-يىلى چاۋاغ كوممۇنا ئارا مەھەللە دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى ئارامەھەللە كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**هالۇئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 4.8 كىلومېتىر جايدا. 39 ئائىلە، 142 نوپۇس، 334 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەردە بىر ھاللىق كىشىنىڭ ھويلىسىدىن ئېرىق ئۆتكۈزۈلگەنلىكتىن هالۇ (ھويلا) ئېرىق دەپ نام ئالغان.

**ئۈژمەجاي**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 5.2 كىلومېتىر جايدا. 47 ئائىلە، 180 نوپۇس، 396 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەردە بۇرۇن بىر پارچە ئۈژمىزارلىق ۋە ئۇنىڭ يېنىدا بىر چوڭ مازار ئورۇنلاشقاچقا ئۈژمەجاي دەپ ئاتالغان.

**ھەيرانباغ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى كوڭتايدا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 5.6 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 177 ئائىلە، 693 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2061مو، ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قۇشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ. ھەيران لەقەملىك كىشىلەر بۇرۇن بۇ يەردە بىر باغ ئەتكەن بولۇپ، شۇلارنىڭ نامىغا ھەيرانباغ دەپ ئاتالغان.

1958-يىلى ئۈچقۇن كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 6-دادۈي بولغان. 1979-يىلى چاۋاغ كوممۇنا ھەرەمباغ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى يەرناملىرىنى تەكشۈرۈشتە «ھەيران-

باغ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى چارباغ يېزا ھەيرانباغ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**كوڭتاي**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 6.5 كىلومېتىر جايدا. 30 ئائىلە، 98 نوپۇس، 300 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەرگە كەلكۈن سۇ كېلىپ، سۇ چېقىۋەتكەن جاي بولغانلىقتىن كوڭتاي دەپ ئاتالغان.

**باشتوگمەن**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 8 كىلومېتىر جايدا. 23 ئائىلە، 110 نوپۇس، 330 مو تېرىم يېرى بار. توگمەن كىچىك ئۆستەڭنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغانلىقتىن باشتوگمەن دەپ ئاتالغان ۋە كەنت نامىغا ئايلانغان.

**تېرەكئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى تېرەكئېرىقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 232 ئائىلە، 827 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2083 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 - يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 4 - باشقۇرۇش رايون 1 - دادۈي بولغان. 1979 - يىلى چاۋاغ كوممۇنا تېرەكئېرىق دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى تېرەكئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تېرەكئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا، 232 ئائىلە، 827 نوپۇس، 2983 مو تېرىم يېرى بار. بۇجايدا بۇرۇن بىر ئېرىق بولۇپ، ئېرىق قېشىغا كۆپلەپ تېرەكلەر ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن تېرەكئېرىق دەپ ئاتالغان.

**كالۇئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى كالدىمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 173 ئائىلە، 562 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1286 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئېرىقى توگمەننىڭ كالۇسىدىن ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن كالو ئېرىق دەپ ئاتالغان.

1958 - يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 4 - باشقۇرۇش رايون 2 - دادۈي بولغان. 1979 - يىلى چاۋاغ كوممۇنا كالۇ ئېرىق دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى كالۇ ئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**كالدىمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. 59 ئائىلە، 200 نوپۇس، 431 مو تېرىم يېرى بار. كالدي لەقەملىك كىشىلەر جەم بولۇپ ئولتۇرغان،

شۇڭا كالدىيمەھەللە دەپ نام ئالغان.

**ماڭقانمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 3.1 كىلومېتىر جايدا. 63 ئائىلە، 220 نوپۇس، 431 مو تېرىم يەرى بار. ماڭقاننىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**گىجا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ساقالمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 1.8 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 181 ئائىلە، 673 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يەرى 1824 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ.

1958 ـ يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 4 ـ باشقۇرۇش رايون 4 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا گىجا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى كالۇ ئېرىق دادۈيىنىڭ بىر قىسمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ گىجا كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان. «گىجا»نىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**ساقالمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 1.8 كىلومېتىر جايدا. 42 ئائىلە، 172 نوپۇس، 362مو تېرىم يەرى بار. ساقال لەقەملىك كىشىلەر جەم بولۇپ بىر مەھەللە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**چىگەمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 2.7 كىلومېتىر جايدا. 46 ئائىلە، 182 نوپۇس، 367 مو تېرىم يەرى بار. بۇرۇن مۇشۇ يەردە كۆپلەپ چىگە تېرىلىدىغان بولغاچقا چىگەمەھەللە دەپ ئاتالغان.

**دۆڭئازما**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 1.8 كىلومېتىر جايدا. 54 ئائىلە، 188 نوپۇس، 600 مو تېرىم يەرى بار. بۇرۇن بۇ يەردىكى ئۆستەڭ ئازمىسى ئېگىز جايغا ياسالغاچقا دۆڭئازما دەپ ئاتالغان.

**كۇشۇكمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا. 39 ئائىلە، 145 نوپۇس، 495 مو تېرىم يەرى بار. بۇرۇن بۇ كەنت ئادەملىرى كۇشۇك ياساپ سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۇشۇكمەھەللە دەپ ئاتىلىپ قالغان.

**ئاياغگىجا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى سۆگەتئېرىقتا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىرجايدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 199 ئائىلە، 685 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يەرى 2276 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. بۇ يەر

پۈتۈن گىجا كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئاياغگىجا دەپ ئاتالغان.

1958 ـ يىلى ئۈچقۇن كوممۇنا 4 ـ باشقۇرۇش رايون 5 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا ئاياغگىجا دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى ئاياغگىجا كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

## سۆگەتئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا. 43 ئائىلە، 129 نوپۇس، 465 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەردىكى ئېرىق بويىدا سۆگەت كۆپ ئۆستۈرۈلگەچكە سۆگەتئېرىق دەپ نام ئالغان.

## گۆلدۈرمەئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىرجايدا. 40 ئائىلە، 120 نوپۇس، 475 مو تېرىم يېرى بار. گۆلدۈرمە ـ سۇنىڭ ئېقىش ئاۋازىغا ئوخشۇتۇپ ئېيتىلغان. بۇ يەرنىڭ ئېرىق سۈيى ناھايىتى تېز ئاققانلىقتىن گۆلدۈرمەئېرىق دەپ نام قويۇلغان.

## ئۆزۈنمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.4 كىلومېتىرجايدا. 37 ئائىلە، 134 نوپۇس. 457 مو تېرىم يېرى بار. ئۆزۈن لەقەملىك كىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

## چاكۇمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 2.4 كىلومېتىر جايدا. 32 ئائىلە، 118 نوپۇس، 433 مو تېرىم يېرى بار. چاكۇ لەقەملىك كىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

## چارباغ ئايدىڭكۆل كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى چارباغ ئايدىڭكۆلدە.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 205 ئائىلە، 743 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2421 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ، چارۋا بېقىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى ئۈچقۇن كوممۇنا 4 ـ باشقۇرۇش رايون 6 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا ئايدىڭكۆل دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى چارباغ ئايدىڭكۆل دەپ ئاتالدى ۋە كەنت كومىتېتى قۇرۇلدى.

## چارباغ ئايدىڭكۆل

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىرجايدا. 30 ئائىلە، 186 نوپۇس 413 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنت ئىلگىرى بىر تەبىئىي كۆلمەكنىڭ ئورنى ئىدى. زېمىنى چوڭقۇر بولغاچقا يىل بويى سۇ توختاپ تۇراتتى، شۇڭا ئايدىڭكۆل دەپ نام ئالغان. سامپۇلدىكى ئايدىڭكۆل كەنت بىلەن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن يېزانامى قوشۇپ ئاتالدى.

## كاندۇكمەھەللە.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىرجايدا. 36

ئائىلە، 120 نوپۇس، 481 مو تېرىم يېرى بار. كاندۇك لەقەملىك كىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**چولاقتېرەك كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى تۇرسۇنئېرىقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىرجايدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 143 ئائىلە، 547 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1417 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ.

1958 ـ يىلى ئۈچقۇن كوممۇنا 5 ـ باشتۇرۇش رايون 1 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا چولاق تېرەك دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى چولاقتېرەك كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تۇرسۇنئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىرجايدا. 46 ئائىلە، 194 نوپۇس، 486 مو تېرىم يېرى بار. بۇ ئېرىقنى دەسلەپ ياسىغاندا دائىم سۇ يار پېچىپ كەتكەنلىكتىن يارپېچىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۇرسۇن ئېرىق دەپ نام بېرىلگەن. كېيىن مەھەللە نامى بولۇپ قالغان.

**ئاخۇنئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 2.1 كىلومېتىر جايدا. 48 ئائىلە، 167 نوپۇس، 396 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر بۇرۇن خوتەنىدىكى داڭلىق ئەرباپ سۈلايمان ئەلەمنىڭ ۋەخپە يېرى بولۇپ، شۇ كىشى نامىدا مەخسۇس ئېرىق كولانغاچقا ئاخۇن ئېرىق دەپ نام قويۇلغان.

**چولاقتېرەك**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.2 كىلومېتىرجايدا. 49 ئائىلە، 184 نوپۇس، 507 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن موشۇ كەنتتە بىر تۈپ چوڭ قاپاقتېرەك بولۇپ، ئۇنىڭ زور بىر پۇتىقى سۇنۇپ كەتكەنلىكتىن چولاقتېرەك دەپ نام ئالغان.

**باشپىچەكچى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى كانايئېرىقتا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 7 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 149 ئائىلە، 559 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1289 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. بۇ يەرنىڭ زېمىنى زەيلىك، قۇۋۋەتسىز بولۇپ، زىرائەت ياخشى ئۈنمىگەچكە پىچەكچى دەپ نام ئالغان. بۇ يەر پۈتۈن پىچەكچى كەنتىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن باشپىچەكچى دەپ ئاتالغان.

1958 ـ يىلى ئۈچقۇن كوممۇنا 5 ـ باشقۇرۇش رايون 4 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا باش پىچەكچى دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى باشپىچەكچى كەنت كومىتېتى

قۇرۇلغان.

**كانايئېرىق**

ئورنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 7 كىلومېتىر جايدا. 52 ئائىلە، 185 نوپۇس، 422 مو تېرىم يېرى بار. كاناي لەقەملىك كىشىلەر كولىغان ئېرىق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**ئۆستەڭئۈچى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى يارئېرىقتا

ئورنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 5.8 كىلومېتىرجايدا. زېمىنى تەكشى، ئېگىز تەبىئىي كەنت، 229 ئائىلە، 940 نوپۇس بار. دېهقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1397 مو، ئاساسى مەهسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. بۇ كەنت جىمىي ئۆستەڭنىڭ ئاياغ ئۇچىدا بولغاچقا ئۇستەڭئۇچى دەپ نام ئالغان.

1958 ـ يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 5 ـ باشقۇرۇش رايون 5 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا ئۆستەڭ ئۇچى دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئۆستەڭئۇچى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**يارئېرىق**

ئورنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 6 كىلومېتىر جايدا. 67 ئائىلە، 242 نوپۇس، 367 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن مۇشۇ يەردىكى يار ئىچىدىن ئېرىق ئېلىنغاچقا يارئېرىق دەپ نام ئالغان.

**چوڭقۇرئېرىق**

ئورنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 5.5 كىلومېتىرجايدا. 55 ئائىلە، 236 نوپۇس، 432 مو تېرىم يېرى بار. چوڭقۇرجايدىن ئېلىنغان ئېرىق نامى بىلەن شۇنداق ئاتالغان.

**كۆككۆمەت كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى توغرائېرىقتا.

ئورنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 247 ئائىلە، 894 نوپۇس بار. دېهقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2134 مو، ئاساسى مەهسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ.

”كۆككۆمەت“ موڭغۇلچە كۆكمۆت دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، كۆپ ـ كۆك يېشىللىزارلىق، دەل ـ دەرەخلىك يەر دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە قەدىمدىن تارتىپ تەبىئىي توغراق كۆپ ئۆسىدۇ. شۇڭا كۆككۆمەت دەپ ئاتالغان.

1958 ـ يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا 5 ـ باشقۇرۇش رايون 6 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا كۆككۆمەت دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى كۆككۆمەت كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تۇغرائېرىق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 3.4 كىلومېتىر جايدا. 57 ئائىلە، 179 نوپۇس، 386 مو تېرىم يېرى بار. يەر تۈزلىنىشكە ئاساسەن توغرا كىسىپ ئېلىنغان ئېرىق نامى بىلەن شۇنداق ئاتالغان.

**دۆڭئېرىق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايدا. 56 ئائىلە، 219 نوپۇس، 440 مو تېرىم يېرى بار. دۆڭ جايدىن ئېلىنغان ئېرىق نامى بىلەن دۆڭئېرىق دەپ نام قويۇلغان. كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

**چۆجەمەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 4.6 كىلومېتىر جايدا. 35 ئائىلە، 116 نوپۇس، 360 مو تېرىم يېرى بار. چۆجە لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**كوچائېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى كوچا ئېرىقتا

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 3.9 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 221 ئائىلە، 785 نوپۇس بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شوغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. 1958-يىلى ئۈچقۇن كوممۇنا 5-باشقۇرۇش رايون 7-داد‌ۈي بولغان. 1979-يىلى چاۋاغ كوممۇنا كوچائېرىق داد‌ۈي دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى كوچائېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**كوچائېرىق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 3.9 كىلومېتىر جايدا. 49 ئائىلە، 185 نوپۇس، 476 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتە ئادەملەر بىر كوچا بولۇپ زىچ ئولتۇراقلاشقان ۋە كوچىغا سۇ بارىدىغان ئېرىق نامى بىلەن شۇنداق ئاتالغان.

**تاپانئېرىق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 4.7 كىلومېتىر جايدا. بۇ كەنتنىڭ زېمىنى پەس، زەي تۇپراق كۆپ، 49 ئائىلە، 169 نوپۇس، 420 مو تېرىم يېرى بار. تاپان لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئاتەشدۆڭ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى ئاتەشدۆڭدە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 26.7 كىلومېتىر جايدا. قۇملۇق تۈزلەڭلىك، شىمالى تەكلىماكان چۆلىگە تۇتىشىدۇ. قۇم تۇپراق، بوران كۆپ چىقىدۇ. ھاۋاسى قۇرغاق. بىر تەبىئىي كەنت، 56 ئائىلە، 320 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 795 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى دول يېزا يولى ئارقىلىق ناھىيە شەھىرىگە تۇتىشىدۇ.

1959 ـ يىلى ئادەم يۆتكەپ ئەكىرىپ بوز يەر ئاچقاندا ئۈچقۇن كوممۇنا باشقۇرغان بوز يەر دېھقانچىلىق مەيدان دەپ ئاتالغان. 1960 ـ يىلى ئۈچقۇن كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدان 1 ـ دادۈي دەپ ئايرىلغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا ئاتەشدۆڭ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئاتەشدۆڭ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### ئاتەشدۆڭ

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 26.7 كىلومېتىر جايدا. 56 ئائىلە، 320 نوپۇس، 795 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر ئەسلى يۇلغۇنلۇق، توغراقلىق چۆل بولۇپ، كەنتتىكى كىشىلەر بۇ يەرگە ئوتۇن ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن كىرگەندە ھاۋانىڭ تازا قىزىپ كەتكەن پەيتلىرىدە ئىسلاپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئاتەشدۆڭ دەپ ئاتىغان. كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

### يېڭىئاۋات كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى يېڭىئاۋاتتا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 28 كىلومېتىر جايدا. شىمالى تەكلىماكان چۆللىگە تۇتىشىدۇ. قۇم بوران كۆپ چىقىدۇ. ھاۋاسى قۇرغاق، ئىسسىق، بىر تەبىئىي كەنت، 62 ئائىلە، 307 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 654 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، قوشۇمچە پاختا، مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. بۇ يېڭى ئاچقان بوز يەر بولغاچقا يېڭىئاۋات دەپ نام قويۇلغان.

1959 ـ يىلى بوز يەر ئېچىپ، 1960 ـ يىلى ئۈچقۇن كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدان 2 ـ دادۈيگە ئايرىلغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا يېڭىئاۋات دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى يېڭىئاۋات كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### سەگۆلۈك كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى سىكىلەكمازاردا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 29 كىلومېتىر جايدا. شىمالى تەكلىماكان چۆللىگە تۇتىشىدۇ. قۇم تۇپراق، بىر تەبىئىي كەنت، 52 ئائىلە، 142 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىم يېرى 303 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، قوشۇمچە پاختا، مايلىقدان تېرىلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. دول يېزىلىرى ئارقىلىق ناھىيىگە بارىدىغان ئاددىي تاشيولى بار.

1959 ـ يىلى بوز يەر ئېچىپ، 1960 ـ يىلى ئۈچقۇن كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدان 3 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ كوممۇنا سەگۆلۈك دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى سەگۆلۈك كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### سىكىلەكمازار

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 29.5 كىلومېتىر جايدا. 52 ئائىلە، 142 نوپۇس. 303 مو تېرىم يېرى بار. سىكىلەك مازار دېگەن سۆز ئەسلى سەگۆلۈك مازاردىن ئۆزگەرگەن، ئەسلى بۇ يەر چۆل بولۇپ، بونىدىن 60 يىل ئىلگىرى پازىل ھاجىم دېگەن كىشى سەگۆتېرەك جىرىمى سېلىپ كۆكەرتكەنلىكتىن سەگۆلۈك دەپ ئاتالغان ۋە مازار شە-

كىلىنىپ، سەگۈلۈك مازار بولغان. كېيىن سىكىلەك مازارغا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

تۇرۇشلۇق ئورنى گۈلباغدا

## گۈلباغ كەنت كومىتېتى


ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 25.5 كىلومېتىر جايدا. قۇملۇق. بىر تەۋەلىكى كەنت، 63 ئائىلە، 250 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 540 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي قوناق، قوشۇمچە مايلىقدان، پاختا تېرىلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ.

1959 ـ يىلى بوز يەر ئېچىپ، 1960 ـ يىلى ئۇچقۇن كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدان 4 ـ دادۈيگە ئايرىلغان. 1979 ـ يىلى چاۋاغ دېھقانچىلىق مەيدان 4 ـ دادۈي دېيىلگەن. 1984 ـ يىلى بۇ يەرنىڭ تەۋەلىكى گۈزەللىكىگە ئاساسەن يېڭىدىن گۈلباغ دەپ نام بېرىپ، گۈلباغ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

يەرپارچىسى

## جىمەي

ئورنى چارباغ يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدە بولۇپ، چولاقتېرەك، كۆلئېرىق، پىچەكچى، ئۆستەڭئۈچى قاتارلىق كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 14 تەۋەلىكى كەنت، 1260 ئائىلە، 4690 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىم يېرى 8375مو. جىمەينىڭ مەناسى ۋە نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئېنىق ئەمەس.



ھاڭگى يېزا يەر نامى خەرىتىسى
1:66000
1:50000
ھاڭگى
يېزا
باغ
چار
دۆڭ

# ھاڭگىي يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى



ئېتىز ئىھاتە ئورمىنى.

ھاڭگىي يېزىسى لوپ ناھىيە شەھەر ئىچىنىڭ شىمالىدىكى 7 كىلومېتىر جايغا جايلاشقان. شەرقتە دول يېزىسى بىلەن قوشنا، جەنۇبى راخمانپۇر ئۆستىڭى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربى چارباغ يېزىسى بىلەن، شىمالى تەكلىماكان چۆلى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇپتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 7 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 112 كۋادرات كىلومېتىر، 36 كەنت كومىتېت، 89 تەبىئىي كەنت، 6781 ئائىلە، 26 مىڭ 751 نوپۇس بار. ھەممىسى ئۇيغۇر. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ناھىيىگىچە بولغان تاشيولغا ماي ياتقۇزۇلغان. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قۇمباغ كەنتىدە.

ھاڭگىي دېگەن ھاڭگىيادىن ئۆزگەرگەن. ئۇ-ھاڭ ئىچىدە گىيا ئۆسكەن يارلىق دېگەن مەنىدە، موڭغۇل تارىخچىسى يولداش سەيشيالىنىڭ ئېيتىشىچە، ھاڭگىي دېگەن موڭغۇلچە «ھاڭگەي»دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئوت-گىيالار قويۇق ئۆسكەن تاغ-داۋان، قۇم دۆڭلىرى دېگەن مەنىسى بار. قەدىمكى زاماندا بۇ يەر ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ غەربىي شەھەرلىرىنىڭ بىرسى (ھازىرقى ئاقسىپىل)

بولۇپ، تۇپرىقى ياخشى، ئوت گىيالىرى قويۇق ئۆسكەن، دەل - دەرەخلىك ئاۋات ماكان ئىدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: قەدىمكى زاماندا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى مۇشۇ جايدىن كىسىپ ئۆتەتتى. دەريا غەربكە كۆچكەندىن كېيىن كەلكۈن سۇ يار پەچەپ شەكىللەندۇرگەن "هاڭ" دا ياپ - يېشىل ئوت گىيالار ئۈنۈپ، بۇ يەر گۈزەل مەنزىرىلىك جاي بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن "هاڭ - گىيا" (يەنى چوڭقۇر يارلىقتا گىيا ئۈنگەن گۈزەل جاي) بولۇپ قالغان. كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ، ماكان تۇتقاندىن كېيىن ئەشۇ نامنى قوللانغان.

هاڭگىي قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ تەرەققىيات مەنبەسى بولۇپ، داڭلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ قەدىمكى شەھىرى بولغان ئاقسىپىل هازىرقى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى شىمالىدىكى قۇملۇقتا. پىرافىسور خۇاڭ ۋېنبى ۋە باشقا ھەۋەسكارلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرنى قەدىمكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئورنى دەپ قارىماقتا. ئۇدۇن دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بولۇپمۇ چىن، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇ يەر قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى بولغان. دەريا غەربكە كۆچكەندىن كېيىن كىشىلەر ئېقىن بويلاپ كۆچۈپ كېتىپ، شەھەر قۇم تېگىدە كۆمۈلۈپ قالغان.

گۇاڭشۈينىڭ 8 - يىلى (مىلادى 1882 - يىلى) كېرىيە ناھىيىسى قۇرۇلغاندا هاڭگىي ئۇنىڭغا تەۋە بولغان. گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى (مىلادى 1902 - يىلى) لوپتا ناهىيە قۇرۇلۇپ، كېرىيە ناھىيىدىن 23 كەنتنى لوپقا ئاجرىتىپ بەرگەندە، هاڭگىي شۇنىڭ بىرسى ئىدى ۋە سامپۇل مىڭ بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئىدى.

1934 - يىلى هاڭگىي پۇتۇن ناھىيىدىكى ئالتە رايون ئىچىدىكى 5 - رايون بولغان. ئۇنىڭغا بەش كەنت قاراشلىق بولغان. 1942 - يىلى پۇتۇن ناھىيە سەككىز رايونغا ئايرىلغاندا، هاڭگىي 4 - رايون بولغان. ئۇنىڭغا 16 كەنت تەۋە قىلىنغان. 1944 - يىلى بوجاڭ - جاجاڭ تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا هاڭگىيدا بىر بازار، ئىككى يېزا قۇرۇلغان يەنى فوشىن جېن (قايتا گۈللىنىش بازىرى)، بى خې شاڭ (شىمالى تىچلىق يېزىسى)، نوڭ فىڭ شاڭ (دېهقانلارنى بېيىتىش يېزىسى) قۇرۇلغان.

1947 - يىلىنىڭ بېشىدا هاڭگىي ۋە كونا هاڭگىي دەپ ئىككى يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1947 - يىلى 12 - ئايدا پۇتۇن ناھىيە تۆت بازار بەش چوڭ يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندە، بۇ يەر هاڭگىي بازار بولغان.

1950 - يىلى 4 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پۇتۇن ناھىيە يەتتە رايونغا ئايرىلغاندا هاڭگىي 5 - رايون بولغان. 1958 - يىلى 11 - ئايدا هاڭگىيدا ئالتۇنيۇلتۇز ۋە بەشيۇلتۇز كوممۇنا دېگەن ئىككى كوممۇنا قۇرۇلغان، 1959 - يىلى 2 - ئايدا يۇقارقى ئىككى كوممۇنانى بىرلەشتۈرۈپ، شۇنداقلا دولدىكى راكىتا كوممۇنانى قوشۇپ، يالقۇن خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغان، هەم كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىنغان. 1979 - يىلى هاڭگىي كوممۇنا دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1982 - يىلى هاڭگىي دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىكى 牙沟苍 نى 杭桂 غا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 12 - ئايدا هاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا هاڭگىي يېزىلىق خەلق هۆكۈمىتى قۇرۇلغان.

هاڭگىي يېزا تاغ ئالدىدىكى كەلكۈن - لاي لاتقا تۈزلەڭلىككە كىرىدۇ. جەنۇبىتىن شىمالغا كەل-

كۆن سۇ يالاپ قىيپاش قىلىپ قويغان. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1300 مېتىر، يېزىنىڭ غەربىي شىمالىي ۋە شىمال قىسمىدا بىپايان قۇم دۆۋىلىرى بار. شەرقىدە بىر قىسىم زەيلىك، سازلىق يەرلەر بار. تەۋەلىكىدە پارچە-پۇرات قۇم دۆۋىلىرى ۋە شىمالىي تەرىپىدە پارچە-پۇرات تەبىئىي كۆلمەكلەر بار. قالغان يەرلىرى يېشىللىق تېرىلغۇ يەرلەردىن ئىبارەت. ھاۋاسى قۇرغاق، شامال كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5°، 7-ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.5°C، 1-ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 6°C-، تارىخى يىللاردىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 32 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن. قۇم تۇپراق. تېرىلغۇ يېرى 57 مىڭ 910 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەل يېمىش كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ. 1985-يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 29 مىليون 418 مىڭ 209 جىڭ بولۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 676 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق 1100 جىڭ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 752 مىڭ جىڭ، مايلىقدانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 750 مىڭ جىڭ، قوتاندىكى قالدۇق چارۋا 71 مىڭ 253 تۇياق.

ھاڭگىي يېزىسى اوپ ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق سۇغۇرۇش رايونلىرىنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. ھاڭگىي ئۆستىڭى ناھىيىنىڭ باش زاكۇدىن باشلىنىپ، ھاڭگىي چېگرىسىغا قۇيۇلىدۇ. يىللىق سۇ تەقسىمات مىقدارى 10 مىليون 880 مىڭ كۇب، ئۇنىڭدىن سىرت ھاڭگىي ئۆستىڭىگە قۇيۇلىدىغان خېلى كۆپ بۇلاق سۈيى بار، بۇنىڭ بىلەن قۇرغاقچىلىق مەزگىلدىكى ئېھتىياجنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن گىلەمچىلىك، قىش خۇمدىنى، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى، قۇرۇلۇش كارخانىسى، شۇنداقلا شەخسلەر ئىلكىدىكى ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش، پاختا چىقىرىش قاتارلىق كىچىك تىجارەت دوكانلىرى بار. 7 ماشىنا، 95 ھەرخىل تراكتور، 28 ھەر خىل پىششىقلاش ماشىنىلىرى بار.

ھاڭگىي يېزا لوپ ناھىيىسىدىكى مۇھىم پىلىچىلىك بازىلىرىنىڭ بىرى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كوللېكتىپنى ھىساپقا ئالمىغاندىمۇ شەخسىي پىلە بېقىش ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. 1985-يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 67 مىڭ جىڭغا يەتتى.

ھاڭگىي يېزىسىنىڭ مېۋە تۈرى ناھىيە بويىچە كۆپ، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولۇش بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1985-يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل يەل-يېمىش تەخمىنەن 3 مىليون 600 مىڭ جىڭغا يەتكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھاڭگىي يېزىسىنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. يېزا ئاساسى قۇرۇلۇشى دەسلەپكى قېلىپقا چۈشتى. ھازىر سۇغۇرۇش ئېرىق ئۆستەڭلىرى 520 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 639 كىلومېتىر، ئورمان 273 پارچە، سالا ئېتىز 343 پارچە، ئاھالىلار نۇقتىسى 193، يول 282 بولۇپ، سالا ئېتىز، ئېرىق-ئۆستەڭ، ئورمان بەلباغ، يوللار بىر گەۋدە قىلىنغان ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. مەدەنىي مائارىپ،

سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىمۇ تەرەققى قىلدى. ھازىر بىر يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ، 27 باشلانغۇچ مەكتەپ، 3600 نەپەر ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى بار. بىر دوختۇرخانا، 30 كەنت دەرىجە-لىك ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى بار. يەنە كىنوخانا، مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو ئۆزىكى، پوچتا تېلېگراف، باجخانا، بانكا قاتارلىق ئورۇنلىرى بار. سودا تورلىرى ھەممە جايلارغا يېيىل-غان.

ھاڭگى تەۋەسىدە بىر ئاسارىئەتىقە ئورنى يەنى ئاقسىپىل خارابىلىقى بار. «ئاقسىپىل» دېگەن ھازىرقى چۆل ئوتتۇرىسىدا سىرتقا كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئاق سېغىز خام قىشتا قاتۇرۇلغان شەھەر سېپىل خارابىلىقىغا ئاساسەن ئېيتىلغان. بۇ شەھەر سېپىلى قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ شەھەر ئورنى بولۇپ، ھازىر قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان. پەقەت شەھەر سېپىلىنىڭ بۇزۇلۇپ ئېشىپ قالغان 90 مېتىردىن ئارتۇقراق تېمى سىرتقا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنى ئاسارىئەتىقىلەرنى قوغداش ئورنى ھېساپلىنىدۇ.

# ئۆلچەملىك ناملار

### ھاڭگى يېزىسى

ھاڭگى يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋال ماتېرىيالىغا قارالسۇن.

### قۇمباغ

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 0.8 كىلومېتىر جايدا. 95 ئائىلە، 320 نوپۇس، 216 مو تېرىدىم يېرى بار. كەنت شەكىللەنگەن ۋاقىتتا كەنتنىڭ تۆت ئەتراپى قۇملۇق بولغاچقا «قۇمباغ» دەپ نام ئالغان.

يېزىلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي كارخانا ئورۇنلار، مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە ئورۇنلىرى مۇشۇ كەنتكە جايلاشقان بولۇپ، ھاڭگى يېزىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى ھېساپلىنىدۇ.

### قۇمباغ كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى قۇمباغدا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 0.8 كىلومېتىر جايدا. يەر تۈزىلىشى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 169 ئائىلە، 579 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىدىم يەرى 1094 مو، ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرۇشلوق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 3 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگى كوممۇنا قۇمباغ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 2 ـ باشقۇرۇش رايون 2 ـ دادۈي بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قۇمباغ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### باغچە كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلوق ئورنى باغچىدا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 4.1 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 82 ئائىلە، 332 نوپۇس بار. باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلىدۇ. مېۋىلىك ئورمان كۆلىمى 1215 مو، ئاساسلىقى تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

1970 ـ يىلى باغچە قۇرۇلغان. 1984 ـ يىلى ھاڭگى يېزىغا بىۋاستە قاراشلىق مېۋىلىك باغچە بولۇپ كەنت قۇرۇلغان.

### يېڭىئاچما

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شىمالىدىكى 4 كىلومېتىر جايدا. 17 ئائىلە، 69 نوپۇس، 216 مو تېرىدىم يەرى بار. بۇ كەنت 1960 ـ يىلى يېڭىدىن ئېچىلغاچقا «يېڭىئاچما» دەپ نام ئالغان.

**ئارقائەلەك كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلوق ئۇرنى تايلاق تۇگمەنبېشى

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 4.4 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى تەكشى، ئېگىزلىكى تەبىئىي كەنت، 140 ئائىلە، 567 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيولى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

بۇ كەنت ھاڭگىي ئۆستىڭىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئېلەك بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق نام ئالغان.

1958-يىلى يالقۇن كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 2-دادۈي بولغان. 1979-يىلى ھاڭگىي كوممۇنا ئارقا ئېلەك دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى ئارقا ئېلەك كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تايلاق تۇگمەنبېشى**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 4.4 كىلومېتىر جايدا. 119 ئائىلە، 437 نوپۇس، 1146 مو تېرىم يەرى بار. تايلاق لەقەملىك كىشىلەر چۆرىگەن تۇگمەن بولۇپ كېيىن كەنت نامى قىلىپ قوللىنىلغان.

**مانتا توغراق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا، 31 ئائىلە، 119 نوپۇس، 474مو تېرىم يەرى بار. مانتا لەقەملىك كىشىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى توغراق بولۇپ، كەنت نامىغا ئايلانغان.

**پاڭمەھەللە كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلوق ئۇرنى پاڭمەھەللىدە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 92 ئائىلە، 331 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1462 مو تېرىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاش يوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلوق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى يالقۇن كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 3-دادۈي 1-ئىشلەپچىقىرىش دۈي بولغان. 1979-يىلى ھاڭگىي كوممۇنا پاڭمەھەللە دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى پاڭمەھەللە كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**پاڭمەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا. 32 ئائىلە، 113 نوپۇس، 389 مو تېرىم يەرى بار. «پاڭ» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كەنت نامىغا ئايلانغان.

**دوكمەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 1.9 كىلومېتىر جايدا. 17

ئائىلە، 57 نوپۇس، 395 مو تېرىدىم يېرى بار. بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىپ ماكانلاشقان كىشى «دوك» (دۈمبە ئۈستىخىنى قوپۇپ قالغان) بولغاچقا «دوكمەھەللە» دەپ ئاتالغان.

## كوسايباغ

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.9 كىلومېتىر جايدا. 16 ئائىلە، 53 نوپۇس، 256 مو تېرىدىم يېرى بار. بۇيەردىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ لەقىمى «كوساي» بولغاچقا كېيىن كەنت نامى «كوسايباغ» دەپ ئاتالغان.

## كەڭتوقاي كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئۈرنى مايماقمەھەللىدە

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 2.2 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى ئېگىز-پەس، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 162 ئائىلە، 561 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىدىم يېرى 1303 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان پىلە ئۆزۈمچىلىك بىلەن شوغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيول ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتاشقان.

بۇ يەردە بۇرۇن قۇم دۆڭلىرى كۆپ بولۇپ، قۇم دۆڭلىرى ئارىلىقىدا كەڭ ئەگرى-توقاي تېرىلغۇ يەرلەر بولغانلىقتىن «كەڭتوقاي» دەپ ئاتالغان.

1958-يىلى يالقۇن كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان. 1979-يىلى ھاڭگى كوممۇنا كەڭتوقاي دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى كەڭتوقاي كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

## مايماق

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 2.2 كىلومېتىر جايدا. 49 ئائىلە، 150 نوپۇس، 400 مو تېرىدىم يېرى بار. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇكەنتتە بۇرۇن ئۆتكەن بىركىشىنىڭ پۇتى مايماق بولغاچقا بۇ كىشىگە «مايماق» لەقەم قويۇلغان، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

## كەڭتوقاي

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنوبىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايدا. 51 ئائىلە، 183 نوپۇس، 583 مو تېرىدىم يېرى بار. "توقاي" دېگەن پارچە-پارچە تېرىم يەرلەرگە قارىتىلغان.

## چېكە

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 2.7 كىلومېتىر جايدا. 47 ئائىلە، 147 نوپۇس، 316 مو تېرىدىم يېرى بار. «چېكە» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

## ساقال كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئۈرنى پىچەكچىدە

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 157 ئائىلە، 597 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 90 مو ئوتلاق، 1650 مو تېرىدىم يېرى بار. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزۈمچىلىك بىلەن شوغۇللىنىدۇ. تاشيولى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. «ساقال» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 1 ـ باشقۇرۇش رايون 4 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا ساقال دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ساقال كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**پىچەكچى**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. 129 ئائىلە، 467 نوپۇس، 1090 مو تېرىدىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەرنىڭ توپرىقى قۇۋۋەتسىز، مەھسۇلاتى تۆۋەن بولۇپ، كىشىلەر زىرائەت ئۆستۈرەلمىگەچكە «پىچەكچى» دەپ ئاتالغان.

**تۆۋەنپىچەكچى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى تۆۋەنپىچەكچىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، قۇم توپراق، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 241 ئائىلە، 899 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2379 مو تېرىدىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللىرى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 1 ـ باشقۇرۇش رايون 6 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا تۆۋەنپىچەكچى دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى تۆۋەنپىچەكچى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تۆۋەنپىچەكچى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. 129 ئائىلە، 467 نوپۇس، 1090 مو تېرىدىم يېرى بار. ئورنى پۈتۈن پىچەكچى كەنتىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**ساقال**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 2.2 كىلومېتىر جايدا. 79 ئائىلە، 296 نوپۇس، 913 مو تېرىدىم يېرى بار. بۇيەردە كىشىلەرنىڭ لەقىمگە قارىتىلغان.

**دەرغىلاق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 3.8 كىلومېتىر جايدا. 33 ئائىلە، 136 نوپۇس، 306 مو تېرىدىم يېرى بار. ئەسلىدە كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**چىلگەجاي كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى قارامەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 5.8 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 133 ئائىلە، 569 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1433 مو تېرىدىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزمە-چىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللىرى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتاشتۇرۇلغان.

«چىلگە» بالدۇر پىشىدىغان قوغۇن تۈرى بولۇپ، شەكلى يۇمۇلاق، ئۆزى كىچىك بولىدۇ. بۇ

يەرنىڭ شەكلىگە قاراپ شۇنداق نام قويۇلغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 1 ـ باشقۇرۇش رايون 7 ـ دادۇي بولغان. 1978 ـ يىلى هاڭگىي كوممۇنا «چىلگە جاي» دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى چىلگە جاي كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**قارامەهەللە**

ئۇرنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 5.8 كىلومېتىر جايدا. 64 ئائىلە، 265 نوپۇس، 1046 مو تېرىدىم يەرى بار. كىشىلەرنىڭ لەقىمى بىلەن «قارامەهەللە» دەپ ئاتالغان.

**پىلەكئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلوق ئورنى پىلەكئېرىقتا

ئورنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، قۇم تۇپراق، ئىككى تەبىئىي كەنت، 113 ئائىلە، 373نوپۇس بار. دېهقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىدىم يەرى 1193 مو، ئاساسى مەهسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى هەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلوق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 1 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى هاڭگىي كوممۇنا پىلەكئېرىق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى پىلەكئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**پىلەكئېرىق**

ئورنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايدا. 113 ئائىلە، 373 نوپۇس، 1193 مو تېرىدىم يەرى بار. «پىلەكئېرىق» دېگەن پىلەك لەقەملىك كىشىلەر ئالغان ئېرىق بولۇپ، كېيىن كەنت نامى قىلىپ قوللىنىلغان.

**ياغچىمەهەللە**

ئورنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ غەربىدىكى 0.7 كىلومېتىر جايدا. 56 ئائىلە، 203 نوپۇس، 456 مو تېرىدىم يەرى بار. بۇ ياغ تارتىشنى كەسىپ قىلغان كىشىلەرنىڭ مەهەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**چوڭقۇرئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلوق ئورنى ياڭاقمەهەللىدە

ئورنى يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقىدىكى 0.9 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 375 ئائىلە، 1296 نوپۇس بار. دېهقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2289 مو تېرىدىم يەرى بار. ئاساسى مەهسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار هەر قايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. ئەسلىدە بۇكەنتتىكى ئېرىق چوڭقۇر يەردىن ئېلىنغاچقا «چوڭقۇر ئېرىق» دەپ نام ئالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 4 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى هاڭگىي كوممۇنا چوڭقۇر ئېرىق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1964 ـ يىلى چوڭقۇرئېرىق دەپ ئۆزگەرتۈلۈپ

كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ياغاقمەھەللە**

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقىدىكى 0.9 كىلومېتىر جايدا. 67 ئائىلە، 209 نوپۇس، 339 مو تېرىدىم يەرى بار. كىشىلەرنىڭ لەقىمى بىلەن «ياغاقمەھەللە“ دەپ ئاتالغان.

**ساقالمەھەللە**

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقىدىكى 1 كىلومېتىر جايدا. 65 ئائىلە، 207 نوپۇس، 331 مو تېرىم يەرى بار. «ساقال»لەقەملىك كىشلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**دوقامەھەللە**

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقىدىكى 1 كىلومېتىر جايدا، 62 ئائىلە، 200 نوپۇس، 412 مو تېرىدم يەرى بار. دوقا لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**سولۋا ئېرىق**

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقىدىكى 1.7 كىلومېتىرجايدا. 55 ئائىلە، 192 نوپۇس، 467 مو تېرىدم يەرى بار. ئەسلىدە بۇ يەرنىڭ ئۆرنى كۆلمەك، سۇلۇق يەر بولغاچقا، «سولۋائېرىق» دەپ نام ئالغان.

**راخمانپۇر كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئۆرنى پارامەھەللىدە

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، توپرىقى زەيلىك، بەش تەبىئىي كەنت، 324 ئائىلە، 992 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2498 مو تېرىدم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان. پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شوغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. نامىنىڭ مەنىسى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 5 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا راخمانپۇر دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى راخمانپۇر كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**پارامەھەللە**

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايدا. 46 ئائىلە، 177 نوپۇس، 317 مو تېرىم يەرى بار. كىشلەرنىڭ لەقىمى بىلەن «پارامەھەللە» دەپ نام ئالغان.

**چىراغايمقى**

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. 37 ئائىلە، 141 نوپۇس، 300 مو تېرىم يەرى بار. ئەسلىدە بۇ يەرگە چىرىلىق بىر ئائىلىلىك كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلاشقاچقا «چىراغ ئايمقى» دەپ نام ئالغان.

**دۆڭتاختا**

ئۆرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 2.9 كىلومېتىر جايدا.

49 ئائىلە، 221 نوپۇس، 535 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلىدە بۇ يەر ئېگىزگە جايلاشقان بىر پارچە يەر بولۇپ «دۆڭتاختا» دەپ نام ئالغان ۋە كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

**توزغاقمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا. 57 ئائىلە، 209 نوپۇس، 493 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتە ئىلگىرى بىر پارچە يېكەنلىك بولۇپ، توزغاق كۆپ چىقاتتى، شۇڭا «توزغاقمەھەللە» دەپ نام ئالغان.

**ئىلەك**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا. 51 ئائىلە، 160 نوپۇس، 365 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتىن سىزما سۇ ئاقىدىغان ئىلەك ئېرىقى كېسىپ ئۆتكەچكە شۇنداق نام ئالغان.

**ئاياغ سوغاقۇم كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى ئاياغ سوغاقۇمدا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 4.1 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 147 ئائىلە، 529 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2391 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللىرى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1960-يىلى بوز يەر ئېچىلىپ كەنت قۇرۇلغان، 1970-يىلى يالقۇن كوممۇنا 2-باشقۇرۇش رايون 6-دادۇي بولغان. 1979-يىلى ھاڭگىي كوممۇنا ئاياغ سوغاقۇم دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى ئاياغ سوغاقۇم كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ئاياغ سوغاقۇم**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 4.1 كىلومېتىر جايدا. 147 ئائىلە، 529 نوپۇس، 2391 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلى قۇملۇق بولۇپ، تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، بىر قەدەر سوغۇق بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**بەگئېرىق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى گورمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايدا، يەر تۈزلىكى ئېگىز-پەس، كەنت ئىچىدە پارچە-پۇرات قۇم دۆۋىلىرى بار. ئىككى تەبىئىي كەنت، 144 ئائىلە، 527 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1345 مو، ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

بۇرۇن بەگ (مەنسەپ نامى)نىڭ باشچىلىقىدا چېپىلغان ئېرىق بولغاچقا «بەگئېرىق» دەپ نام ئالغان.

1958-يىلى يالقۇن كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 1-دادۇي بولغان، 1979-يىلى ھاڭگىي كوممۇنا باغ ئېرىق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى ھاڭگىي كوممۇنا بەگئېرىق دادۇي

دەپ تۈزىتىلگەن. 1984-يىلى بەگئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**گورمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايدا. 41 ئائىلە، 153 نوپۇس، 435 مو تېرىدىم يېرى بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ماكان تۇتقانلار گورغا ئوخشاش گەمە كولاپ ئولتۇراقلاشقاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**توۋرامەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 0.9 كىلومېتىر جايدا، 37 ئائىلە، 126 نوپۇس، 456 مو تېرىدىم يېرى بار. «توۋرا» ئەسلىدە كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى قىلىپ قوللۇنۇلغان.

**توڭكايئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى قورساقمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 176 ئائىلە، 620 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2260 مو تېرىدىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىق دان، پىلە ئۆزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ كەنتتىكى ئېرىقنى توڭكاي لەقەملىك كىشىلەر كولىغاچقا «توڭكايئېرىق» دېيىلگەن، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

1958-يىلى يالقۇن كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 2-دادۈي بولغان. 1979-يىلى ھاڭگىي كوممۇنا توڭكايئېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى توڭكايئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**قورساقمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا، 44 ئائىلە، 166 نوپۇس، 565 مو تېرىدىم يېرى بار. «قورساق» دېگەن كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**زاغەررەكمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا. 44 ئائىلە، 166 نوپۇس، 566 مو تېرىدىم يېرى بار. "زاغەررەك" كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ كېيىن كەنت نامى بولغان.

**توڭكايمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا. 46 ئائىلە، 164 نوپۇس، 556 مو تېرىدىم يېرى بار. بۇ كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى قىلىپ قوللۇنۇلغان.

**خۇمدانبېشى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 3.4 كىلومېتىر جايدا. 36

ئائىلە، 117 نوپۇس، 563 مو تېرىم يېرى بار، كەنت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە قىش پۈشۈ-رىدىغان خۇمدان بولغاچقا بۇ يەرنىڭ نامى «خۇمدانبېشى» دەپ ئاتالغان.

### لەڭگەرئېرىق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى سېغىزگەمدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 255 ئائىلە، 940 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 3356 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شوغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. كەنت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە يولۇچىلار چۈشۈپ دەم ئېلىپ ئۆتىدىغان لەڭگەر بولۇپ، لەڭگەر يېنىدىن ئېلىنغان ئېرىق نامى بىلەن «لەڭگەر ئېرىق» دەپ نام ئالغان.

1958-يىلى يالقۇن كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان. 1979-يىلى ھاڭگىي كوممۇنا لەڭگەر ئېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى لەڭگەرئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

#### سېغىزگەمە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايدا. 64 ئائىلە، 253 نوپۇس، 769 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلىدە بۇ يەرنىڭ سېغىز قاتلىمى قېلىن بولۇپ، بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەر سېغىزلىقتا گەمە كولاپ ئولتۇراقلاشقاچقا «سېغىزگەمە» دەپ ئاتالغان.

#### كۆرۈكمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا. 67 ئائىلە، 234 نوپۇس، 699 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى قىلىپ قوللىنىلغان.

#### قۇيقامەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 3.2 كىلومېتىر جايدا. 45 ئائىلە، 196 نوپۇس، 801 مو تېرىم يېرى بار. «قۇيقا» مۇشۇ كەنتتىكى ئادەملەرنىڭ لەقىمىگە قارىتىلغان.

#### كۆرۈكئاچما

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 4.3 كىلومېتىر جايدا. 51 ئائىلە، 201 نوپۇس، 599 مو تېرىم يېرى بار. «كۆرۈك» لەقەملىك كىشىلەر ئاچقان يەر بولغاچقا «كۆرۈكئاچما» دەپ نام ئالغان.

### ئۈجمىلىك كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى ئۈجمىلىكتە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 237 ئائىلە، 841 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1940 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك

بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 3 ـ باشقۇرۇش رايون 4 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ھازىرقى كوممۇنا ئۆجمىلىك دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئۆجمىلىك كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ئۆجمىلىك**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 1.3 كىلومېتىر جايدا. 169 ئائىلە، 715 نوپۇس، 1321 مو تېرىم يېرى بار. ئىلگىرى بۇ كەنتتە بىر پارچە ئۆجمىزارلىق يېتىشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن «ئۆجمىلىك» دەپ نام ئالغان.

**مۇشۇكمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 1.9 كىلومېتىر جايدا. 41 ئائىلە، 126 نوپۇس، 619 مو تېرىم يېرى بار. موشوك لەقەملىك كىشىلەرنى ئاساس قىلىپ بىر مەھەللە بولۇپ ئولتۇرغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**ئوتتۇرائېرىق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى ئوتتۇرائېرىقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.4 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 239 ئائىلە، 825 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2014 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيوللار ھەر قايسى كەنتلەرگە تۇتاشتۇرولغان. تۇرۇشلۇق كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 3 ـ باشقۇرۇش رايون، 6 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ھازىرقى كوممۇنا ئوتتۇرائېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئوتتۇرا ئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ئوتتۇرائېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.4 كىلومېتىر جايدا. 239 ئائىلە، 825 نوپۇس، 2014 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتنىڭ ئېرىقى ئىككى كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا «ئوتتورا ئېرىق» دەپ نام ئالغان.

**دۆڭئۆستەڭ**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.1 كىلومېتىر جايدا. 134 ئائىلە، 444 نوپۇس، 2145 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلى بۇ يەردىكى ئۆستەڭنىڭ ئورنى دۆڭدە بولغاچقا دۆڭئۆستەڭ دەپ نام ئالغان.

**شېھىتلىقمازار**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.9 كىلومېتىر جايدا. 43 ئائىلە، 158 نوپۇس، 377 مو تېرىم يېرى بار. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن دىنى ئۇرۇشتا شېھىت بولغانلار موشۇ يەرگە كۆمۈلگەچكە شۇنداق نام ئالغان.

### يېڭىباغ كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئۇرنى ياڭاقمەھەللىدە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 167 ئائىلە، 628 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1740 مو تېرىدم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. يېڭى ئېچىلغان يەر بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

1960 - يىلى يالقۇن كوممۇنا 3 - باشقۇرۇش رايون 7 - دادۈي بولغان. 1979 - يىلى ھاڭگىي كوممۇنا يېڭىباغ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى يېڭىباغ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

#### ياڭاقمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. 55 ئائىلە، 199 نوپۇس، 517 مو تېرىدم يېرى بار. ئەسلىدە بۇ كەنتتە بىر پارچە چوڭ ياڭاقزارلىق بولغاچقا «ياڭاقمەھەللە» دەپ نام ئالغان.

#### بەزمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 2.5 كىلومېتىر جايدا. 44 ئائىلە، 162 نوپۇس، 364 مو تېرىدم يېرى بار. كىشىلەرنىڭ لەقىمى كەنت نامى قىلىپ قوللۇنۇلغان.

### ئاۋامسىلىم كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئۇرنى خورازمەھەللىدە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.1 كىلومېتىر جايدا. يەرتۈزۈلىشى ئېگىز - پەس. تۆت تەبىئىي كەنت، 190 ئائىلە، 732 نوپۇس، 2074 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەر قايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ نامنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى ئېنىق ئەمەس.

1958 - يىلى يالقۇن كوممۇنا 4 - باشقۇرۇش رايون 1 - دادۈي بولغان. 1979 - يىلى ھاڭگىي كوممۇنا ئاۋامسىلىم دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى ئاۋامسىلىم كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

#### خورازمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.1 كىلومېتىر جايدا. 56 ئائىلە، 200 نوپۇس، 500 مو تېرىم يېرى بار. "خوراز" كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

#### ياغمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 1.8 كىلومېتىر جايدا. 37 ئائىلە، 152 نوپۇس، 356 مو تېرىدم يېرى بار. يەل - يېمىش كۆپ چىقىدۇ. ئىلگىرى بۇ كەنتتە ياغچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا ياغمەھەللە دەپ نام ئالغان.

#### چىچەكمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 2.7 كىلومېتىر جايىدا. 53 ئائىلە، 207 نوپۇس، 607 مو تېرىم يەرى بار. ئەسلىدە كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**دوقامەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 1.9 كىلومېتىر جايىدا. 44 ئائىلە، 173 نوپۇس، 572 مو تېرىم يەرى بار. «دوقا» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

**دۆڭئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى پاكارمەھەللىدە.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 3.2 كىلومېتىر جايىدا. يەر تۈزلىكى ئېگىز-پەس، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 279 ئائىلە، 972 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2725 مو تېرىم يەرى بار. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ كەنتنىڭ ئېرىقى دۆڭگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «دۆڭئېرىق» دەپ نام ئالغان.

1958-يىلى يالقۇن كوممۇنا 4-باشقۇرۇش رايون 2-دادۈي بولغان. 1979-يىلى ھاڭگىي كوممۇنا دۆڭئېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى دۆڭئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**پاكارمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 3.2 كىلومېتىر جايىدا. 88 ئائىلە، 330 نوپۇس، 815 مو تېرىم يەرى بار. ئەڭ بۇرۇن بىر پاكار ئادەم بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىپ ئولتۇراقلاشقاچقا «پاكارمەھەللە» دەپ نام ئالغان.

**تورغايمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايىدا. 50 ئائىلە، 175 نوپۇس، 420 مو تېرىم يەرى بار. «تورغاي» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**قالغاچئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 4.6 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى ئېگىز-پەس، 72 ئائىلە، 320 نوپۇس، 823 مو تېرىم يەرى بار. بۇرۇن «قالغاچ» لەقەملىك بىر كىشىنىڭ باشچىلىقىدا كولانغان ئېرىق بولغاچقا «قالغاچئېرىق» دەپ ئاتالغان.

**ئاچمائېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ئاچمائېرىقتا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 3.1 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى ئېگىز-پەس، قۇم دۆڭلىرى بىر قەدەر كۆپ، 106 ئائىلە، 779 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يەرى 2067 مو. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى

كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 4 ـ باشقۇرۇش رايون 3 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا ئاچما ئېرىق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئاچما ئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ئاچمائېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 3.1 كىلومېتىر جايىدا. 196 ئائىلە، 779 نوپۇس، 2067 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر يېقىندا كەنت بولغانلىقتىن «ئاچمائېرىق» دەپ ئاتالغان.

**ئاقئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ئاقمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 4.3 كىلومېتىر جايىدا. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 201 ئائىلە، 910 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1774 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 4 ـ باشقۇرۇش رايون 4 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا ئاقئېرىق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئاقئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ئاقمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 4.3 كىلومېتىر جايىدا. كەنت ئەتراپىدا قۇم دۆڭلىرى بار. زېمىنى ئېگىز ـ پەس. 45 ئائىلە، 176 نوپۇس، 383 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاتا بوۋىلىرى بۇرۇن ئاق كېسىلگە گىرىپتار بولغانلىقى ئۈچۈن «ئاقمەھەللە» دەپ نام ئالغان.

**ئارىچمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 4 كىلومېتىر جايىدا. 40 ئائىلە، 179 نوپۇس، 383 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتىكىلەر بۇرۇن ئارى ياساپ سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن «ئارىچمەھەللە» دەپ نام ئالغان.

**جاۋاكمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 4.4 كىلومېتىر جايىدا. 44 ئائىلە، 190 نوپۇس، 396 مو تېرىم يېرى بار. «جاۋاك» لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**قەغەزئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى قەغەزئېرىقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 5 كىلومېتىر جايىدا. قۇم دۆڭلىرى بار. زېمىنى تەكشى ئەمەس، بىر تەبىئىي كەنت، 172 ئائىلە، 743 نوپۇس، 1622 مو تېرىم يېرى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىق-

دان، پىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 4 ـ باشقۇرۇش رايون 5 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا قەغەز ئېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى قەغەزئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**قەغەزئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 5 كىلومېتىر جايدا. 172 ئائىلە، 743 نوپۇس، 622 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ كەنتتە قەغەز ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر بىرلىشىپ شۇ مەھەللىگە بىر ئېرىق ياسىغانلىقتىن قەغەز ئېرىق دەپ نام ئالغان.

**زەمچىئېرىق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى زەمچىئېرىقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 6.5 كىلومېتىر جايدا. غەرب تەرىپى چۆل بىلەن تۇتىشىدۇ. قۇم دۆڭلىرى بار. بىر تەبىئىي كەنت، 171 ئائىلە، 665 نوپۇس، 1492 مو تېرىم يېرى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتاشقان. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 4 ـ باشقۇرۇش رايون 6 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا زەمچىئېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى زەمچىئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**زەمچىئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 6.5 كىلومېتىر جايدا. 171 ئائىلە، 665 نوپۇس، 1492 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن "زەمچى" ياسىغۇچى كىشىلەر بۇ يەردىن ئېرىق كولىغاچقا زەمچىئېرىق دەپ ئاتالغان.

**ئايرىش كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى ئايرىشتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى ئېگىز ـ پەس، بەش تەبىئىي كەنت، 151 ئائىلە، 532 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1239 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيوللار ھەر قايسى كەنتلەرگە تۇتاشقان. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 3 ـ باشقۇرۇش رايون 4 ـ دادۈينىڭ بىر قىسمى ئىدى. 1984 ـ يىلى ئايرىلىپ، ئايرىش كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ئايرىش**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 1.5 كىلومېتىر جايدا. 47 ئائىلە، 193 نوپۇس، 341 مو تېرىم يېرى بار، بۇ كەنتتە سۇ ئايرىدىغان زاكۇ (ئازنا) بولغاچقا "ئايرىش"

دەپ نام ئالغان.

**دوقامەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 1.6 كىلومېتىر جايدا. 26 ئائىلە، 77 نوپۇس، 290 مو تېرىلغۇ يېرى بار. دوقا ـ كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**لەڭگەر**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 1.2 كىلومېتىر جايدا. 29 ئائىلە، 97 نوپۇس، 196 مو تېرىلغۇ يېرى بار. بۇ يەردە ئەسلىدە چۆلدىن ئۆتۈن ئېلىپ چىققۇچىلار دەم ئالىدىغان لەڭگەر بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**قۇيرۇق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 2.2 كىلومېتىر جايدا. 25 ئائىلە، 79 نوپۇس، 253 مو تېرىلغۇ يېرى بار. "قۇيرۇق" كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى بولغان.

**پەيزاۋات**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 4.2 كىلومېتىر جايدا. 25 ئائىلە، 102 نوپۇس، 209 مو تېرىلغۇ يېرى بار. بۇ يەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ياخشى بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان. "پەيزاۋات" ئەسلى "پەيزى ئاۋات"دىن ئۆزگەرگەن.

تۇرۇشلۇق ئورنى كۆتەمدە

**زاغۇنئېرىق كەنت كومىتېتى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 7.2 كىلومېتىر جايدا. غەربى قۇملۇق بىلەن تۇتىشىدۇ. زېمىنى ئېگىز ـ پەس، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 217 ئائىلە، 915 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1993 مو تېرىلغۇ يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەر قايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

ئىلگىرى بۇ يەردە مەخسۇس زاغۇن سۇغىرىدىغان ئېرىق بولغاچقا زاغۇنئېرىق دەپ ئاتالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 4 ـ باشقۇرۇش رايون 8 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا زاغۇنئېرىق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى زاغۇنئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**كۆتەمە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 7.2 كىلومېتىر جايدا. 65 ئائىلە، 299 نوپۇس، 479 مو تېرىلغۇ يېرى بار، بۇ كەنتتىكى ئېرىق ئەسلى چوڭقۇر يەردىن كۆتۈرۈپ ياسالغاچقا "كۆتەمە" دەپ نام ئالغان.

### دوقامەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 6.7 كىلومېتىر جايىدا. 35 ئائىلە، 131 نوپۇس، 395 مو تېرىم يېرى بار، بۇ "دوقا" لەقەملىك كىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### جاۋاكتاختا

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىدىكى 9.9 كىلومېتىر جايىدا. 36 ئائىلە، 154 نوپۇس، 696 مو تېرىم يېرى بار. ئىلگىرى "جاۋاك" لەقەملىك كىشىلەرنىڭ مۇشۇ يەردە بىر پارچە تېرىم يېرى بولۇپ، "جاۋاكتاختا" دەپ ئاتالغان. كەنت بولغاندىن كېيىن ئەسلى نامىنى ساقلاپ قالغان.

تۇرۇشلۇق ئۇرنى چاقانمەھەللىدە

### قوغاچبېشى كەنت كومىتېتى

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى تەكشى، بەش تەبىئىي كەنت، 240 ئائىلە، 969 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2419 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەر قايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

بۇ كەنتكە قوغاچ قويۇپ سۇ ئۆتكۈزگەچكە "قوغاچبېشى" دەپ نام ئالغان،

1958-يىلى يالقۇن كوممۇنا 5-باشقۇرۇش رايون 1-داداۋي بولغان. 1979-يىلى ھاڭگىي كوممۇنا قوغاچبېشى داداۋي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى قوغاچبېشى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### چاقانمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايىدا. 37 ئائىلە، 156 نوپۇس، 380 مو تېرىم يېرى بار. "چاقان" كۆك ياكى ئاق كۆز دېگەن مەنىدە، بۇ كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

### شورلۇقئېرىق

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2 كىلومېتىر جايىدا. 44 ئائىلە، 167 نوپۇس، 408 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتە شورلۇق يەرلەر كۆپرەك بولۇپ، ئېرىق شورلۇق يەردىن ئېلىنغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

### تۆلكەمەھەللە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4 كىلومېتىر جايىدا. 56 ئائىلە، 196 نوپۇس، 390 مو تېرىم يېرى بار. كىشىلەرنىڭ لەقىمىدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان.

### يار تۆگمەنبېشى

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايىدا. 62 ئائىلە، 241 نوپۇس، 868 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنت يارلىقتىكى تۆگمەن بويىغا جايلاشقاچقا

شۇنداق نام ئالغان.

### كاۋرۇكمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 4.2 كىلومېتىر جايدا. 41 ئائىلە، 135 نوپۇس، 392 مو تېرىم يەرى بار. رىۋايەتتە: "كاۋرۇك"، "كابول" دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تاۋۇشىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان. كابول ئافغانىستاندىكى بىر شەھەرنىڭ نامى بولۇپ، بۇرۇن كابولالىق بىر كىشى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقاچقا شۇنداق نام ئالغان، دېيىلىدۇ.

### توققۇزكاللا كەنت كومىتېتى

توروشلوق ئورنى توققۇزكاللىدا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 5.9 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 115 ئائىلە، 411 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يەرى 1621 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى يالقۇن كوممۇنا 5-باشقۇرۇش رايون 2-دادۈي بولغان. 1979-يىلى ھازىرقى كوممۇنا توققۇز كاللا دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى توققۇز كاللا كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### توققۇزكاللا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 5.7 كىلومېتىر جايدا. 101 ئائىلە، 362 نوپۇس، 1392 مو تېرىم يەرى بار. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇرۇن كىشىلەر ئۆز-ئارا ئۇرۇشۇپ 9 ئادەمنىڭ كاللىسىنى كېسىپ دەرەختكە ئېسىپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كەنتنىڭ نامى "توققۇز كاللا" دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ توققۇزكاللا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 6.6 كىلومېتىر جايدا. 14 ئائىلە، 49 نوپۇس، 229 مو تېرىم يەرى بار. بۇ يەر پۈتۈن توققۇز كاللا كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق نام ئالغان.

### داڭلىقمونجاق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلوق ئورنى تاغدۆڭدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 6 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 162 ئائىلە، 619 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2005 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتاشقان. بۇرۇن بۇ يەردە ئۆسكەن ياۋايى ئۆسۈملۈكتە خۇددى مونجاققا ئوخشاش مېۋە بولغاچقا «داڭلىقمونجاق» دەپ ئاتالغان.

1958-يىلى يالقۇن كوممۇنا 5-باشقۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان. 1979-يىلى ھازىرقى كوممۇنا داڭلىقمونجاق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى داڭلىقمونجاق كەنت كومى-

تېتى قۇرۇلغان.

### تاغدۆڭ

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 6 كىلومېتىر جايىدا. 49 ئائىلە، 210 نوپۇس، 542 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنت ئىچىدە بىر پارچە ئېگىز قۇم دۆڭ بولۇپ، خۇددى تاققا ئوخشاش كۆرۈنگەچكە «تاغدۆڭ» دەپ نام ئاتالغان.

### كاشامباغ

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 6.7 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى ئويمانلىق، قۇم زەي تۇپراق. 14 ئائىلە، 64 نوپۇس، 174 مو تېرىم يېرى بار. "كاشام" كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

### باش خانىقائېرىق كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى باش خانىقائېرىقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4.9 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى ئويمانلىق، تۇپرىقى زەيلىك، ئىككى تەبىئىي كەنت، 290 ئائىلە، 996 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 2915 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى يالقۇن كوممۇنا 5-باشقۇرۇش رايون 4-دادۇي بولغان. 1979-يىلى ھاڭگى كوممۇنا باش خانىقائېرىق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى باش خانىقائېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### باش خانىقائېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4.9 كىلومېتىر جايىدا. 87 ئائىلە، 190 نوپۇس، 1235 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن مۇشۇ كەنتتە بىر خانىقا (مەسچىت) بولۇپ، كېيىن يانداپ ئېلىنغان ئېرىق نامى بىلەن قوشۇلۇپ خانىقا ئېرىق دەپ ئاتالغان، كەنتنىڭ كېڭىيىشىگە قاراپ باش خانىقائېرىق دەپ نام بېرىلگەن.

### ئېقىن

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 5.1 كىلومېتىر جايىدا. 193 ئائىلە، 678 نوپۇس، 1680 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتىن بىر تارماق ئېقىن ئۆتكەچكە شۇنداق نام ئالغان.

### ئاياغ خانىقائېرىق كەنت كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورنى كۆرەكمەھەللىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 7.2 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 244 ئائىلە، 1039 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 3243 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتۇشىدۇ. «باش خانىقائېرىق» نىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 5 ـ باشقۇرۇش رايون 6 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا ئاياغ خانىقائېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئاياغ خانقا ئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**كۇرەكمەھەللە**

ئۈرۈمچى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 7.1 كىلومېتىر جايدا، 64 ئائىلە، 265 نوپۇس، 685 مو تېرىم يېرى بار. «كۇرەك» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

**جانمەھەللە**

ئۈرۈمچى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كىلومېتىر جايدا، 51 ئائىلە، 254 نوپۇس، 770 مو تېرىم يېرى بار. «جان» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**باغچە**

ئۈرۈمچى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 11.2 كىلومېتىر جايدا. 16 ئائىلە، 48 نوپۇس، 150 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەردە بوز يەر ئاچقان ۋاقىتتا مېۋىلىك دەرەخلەرنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلغاچقا «باغچە» دەپ نام ئالغان.

**كوناھاڭگىي كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۈرۈمچى كالتەكمەھەللىدە

ئۈرۈمچى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 5.4 كىلومېتىر جايدا. زىمىنى تەكشى. بىر تەبىئىي كەنت، 160 ئائىلە، 593 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1352 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ يەر ھاڭگىينىڭ بۇرۇنقى ئۈرۈنى بولغانلىقتىن «كونا ھاڭگىي» دەپ نام ئالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 5 ـ باشقۇرۇش رايون 6 ـ دادۈي بولغان. 1978 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا كونا ھاڭگىي دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ھاڭگىي يېزا كونا ھاڭگىي كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**كالتەكمەھەللە**

ئۈرۈمچى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 5.4 كىلومېتىر جايدا. 41 ئائىلە، 154 نوپۇس، 285 مو تېرىم يېرى بار. «كالتەك» لەقەملىك كىشىلەر مەھەللىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**يېڭىئۆستەڭ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۈرۈمچى ساقالمەھەللىدە

ئۈرۈمچى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 8.1 كىلومېتىر جايدا. ئىككى تەبىئىي كەنت، 176 ئائىلە، 646 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1800 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ يەردە يېڭى ئۆستەڭ ياسالغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 5 ـ باشقۇرۇش رايون 7 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا يېڭىئۆستەڭ دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ساقالمەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 8.1 كىلومېتىر جايدا. 47 ئائىلە، 180 نوپۇس، 560 مو تېرىم يېرى بار. «ساقال» كىشىلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ، كېيىن كەنت نامى بولغان.

**دەررىمەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 7.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى. 50 ئائىلە، 182 نوپۇس، 435 مو تېرىم يېرى بار. «دەررە» دېگەن ئۆتمۈشتە ئادەم ئۇرۇدىغان قامچا بولۇپ بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ لەقىمىگە قارىتىلغان.

**چىپەرچىشىرىق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئۇرنى ئېغىلدۆڭدە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 10.2 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 146 ئائىلە، 612 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1789 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا. بۇرۇن بۇ كەنتتە ھۆكۈمەت تەرەپتىن بەلگۈلەنگەن بىر پوچتىكەش (چىپەرچى) ئولتۇراقلاشقاچقا شۇنداق نام ئالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 5 ـ باشقۇرۇش رايون 8 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا چىپەرچىشىرىق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى چىپەرچىشىرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ئېغىلدۆڭ**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 10.2 كىلومېتىر جايدا. 45 ئائىلە، 189 نوپۇس، 383 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەر مال باقىدىغان جاڭگال بولۇپ، دۆڭ جايدا ئېغىل (قوتان) ياسالغاچقا «ئېغىلدۆڭ» دەپ نام ئالغان. ھاردۇققۇم كەنت كومىتېتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىمۇ مۇشۇ مەھەللىدە.

**ياغمەھەللە**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 9.5 كىلومېتىر جايدا. 44 ئائىلە، 179 نوپۇس، 634 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ كەنتتە ياغچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**پەيزىتوغراق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 10.4 كىلومېتىر جايدا. 17 ئائىلە، 76 نوپۇس، 229 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتە بىر پارچە توغراقلىق بولۇپ يىراقتىن چىرايلىق كۆرۈنگەچكە «پەيزىتوغراق» دەپ نام ئالغان.

**ھاردۇققۇم كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئۇرنى ئېغىلدۆڭدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 10.9 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 143 ئائىلە، 562 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1786 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللەر ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتاشقان.

ئىلگىرى بۇ يەر چۆل يولى بولۇپ چۆلدىن ئوتتۇن ئېلىپ چىقىدىغانلار مۇشۇ يەردىكى قۇم دۆۋىسى يېنىدا دەم ئېلىپ ئادەتلەنگەچكە شۇنداق نام ئالغان.

1958 ـ يىلى يالقۇن كوممۇنا 5 ـ باشقۇرۇش رايون 9 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى ھاڭگىي كوممۇنا ھاردۇققۇم دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ھاردۇققۇم كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

## ئوتتۇنچىئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 11.1 كىلومېتىر جايدا. 85 ئائىلە، 334 نوپۇس، 1126 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر كەنت بولۇشتىن ئىلگىرى چۆلدىن ئوتتۇن ئېلىپ چىقىدىغان ئوتتۇنچىلار بۇ يەردىكى ئېرىق بويىدا دەم ئېلىپ سۇ ئىچىپ ئۆتەتتى، شۇڭا «ئوتتۇنچىئېرىق» دەپ نام ئالغان.

## خورازتوغراق كەنت كومىتېتى    تۇرۇشلۇق ئورنى خورازتوغراقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 13.6 كىلومېتىر جايدا. شەرق، جەنۇب، شىمال تەرىپى چۆل بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ يېزىغا بىۋاستە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدان بولۇپ 234 ئائىلە، 889 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 3184 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىدىغان تاشيولغا تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1960 ـ يىلى بوز يەر ئېچىلغان، ئۆز ۋاقتىدا يالقۇن كوممۇنانىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى ئىدى. 1984 ـ يىلى خوراز توغراق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

## خورازتوغراق


ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 13.6 كىلومېتىر جايدا. 234 ئائىلە، 889 نوپۇس، 3184 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەردە «خوراز» لەقەملىك ئادەم ئېگىدارچىلىقىدا بىر پارچە توغراقلىق بولۇپ، شۇنىڭ لەقىمى بىلەن خوراز توغراق دەپ نام قويۇلغان.

## يانتاقبېتىش    (چارۋىچىلىق نۇقتا)

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 11.5 كىلومېتىر جايدا. كۆلىمى تەخمىنەن 300 مو، 2500 تۇياق چارۋا باقىلىدۇ. بۇ يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلار چارۋا باقىدىغان جاي، بۇ يانتاق كۆپ ئۆسىدىغان جاڭگال بولۇپ چارۋا بېقىشقا ئەپلىك بولغاچقا كىشىلەر يانتاق چېپىپ مەخسۇس كىشى بەلگىلەپ خەۋەر ئالاتتى. شۇڭا "يانتاقبېقىش" دەپ نام بېرىلگەن.

**قاراقىر**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 6 كىلومېتىر جايدا. كۆلىمى تەخمىنەن 500 مو، بونىڭدىن بىدە يەركۆلىمى 100 مو، ئەسلىدىكى توغراقلىق ئوتلاقتا 3000 تۇياق چارۋا باققىلى بولىدۇ. يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلارنىڭ چارۋىچىلىق نۇقتىسى ھېساپلىنىدۇ. بۇرۇن كىشىلەر بۇ يەرنى ئىگەللەپ قىر سالغانلىقتىن شۇنداق نام ئالغان.



دول ييزا يەر نامى خەرىتىسى
1:66000
1:130000
دول ييزا

# دول يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى



تۈپ-تۈز ماي يوللار.

دول يېزىسى ناھىيە شەھەر ئىچىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 6.5 كىلومېتىر جايغا جايلاشقان. شەرقى لوپ-چىرا چۆلىگە تۇتىشىدۇ. غەربى ھاڭگىي يېزا بىلەن، جەنۇبى لوپ بازار بىلەن قوشنا، شىمالى تەكلىماكان چۆلىگە تۇتىشىدۇ. جەنۇپتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 28 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 7.5 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 210 كۋادرات كىلومېتىر، تەۋەلىكىدە 20 كەنت كومىتېتى، 65 تەبىئىي كەنت، 5464 ئائىلە، 19 مىڭ 882 نوپۇس بار. ھەممىسى ئۇيغۇر. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنى يولچىكۆل كەنتىدە، ماي يولى ناھىيە بازىرىغا تۇتىشىدۇ. "دول" نامىنىڭ مەنىسى ۋەكېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھازىر قولىمىزدا يازما ئاساس يوق. يەرلىك خەلقلەر (ئۇيغۇر مىللىتى) "دول" ئۇيغۇرچە "دۆڭ" دىگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان. يەنى "دۆڭ ئۆستەڭ" دېگەن مەنىدە، ئۆستەڭنىڭ ئورنى دۆڭدە بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان. ئاھاڭى ئۆزگىرىپ "دول ئۆستەڭ" بولۇپ قالغان دەپ چۈشەندۈرىدۇ. لۇغات مەنىسىدىن قارىغاندا، "دول" دېگەن سۆز دۆڭ جايغا ياسالغان كۆزۈتۈش ئورنى، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا ئەھۋالنى كۆزۈتۈپ قوماندانلىق شتاپىقا خەۋەر بېرىدىغان كۆزۈتۈش

پەشتەقى ياكى «تىم» (烽火台) دېگەن مەنانى بېرىدۇ. ئەمما، نامنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ئېنىق ئەمەس. دول يېزىسىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى "يولچىكۆل"، بۇرۇن مۇشۇ يەردە بىر چوڭ كۆل بولۇپ چۆلدىن ئوتۇن تۇشۇيدىغانلار ۋە باشقا يولۇچىلارنىڭ دەم ئېلىش ئورنى ئىدى. شۇڭا «يولۇچى كۆل» دەپ نام ئالغان. بۇ جاي تارىختىن بويان دول يېزىسىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت مەركىزى بولغاچقا "يولچىكۆل" دول يېزىنىڭ ۋاكالەت نامى بولۇپ قالغان. لېكىن تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمەتلەر يولچىكۆل دېگەن نامنى ئىشلەتمىگەن.

ناھىيە قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن دول كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق 23 كەنتنىڭ بىرى ئىدى. ناھىيە قۇرۇلغاندا لوپقا ئايرىلىپ، سامپۇل مىڭ بەگلىكىگە تەۋە قىلىنغان. 1934-يىلى پۈتۈن ناھىيىگە قاراشلىق ئالتە رايوننىڭ شەھەر ئىچى 1-رايونغا تەۋە بولدى. 1942-يىلى پۈتۈن ناھىيە سەككىز رايونغا ئايرىلغاندا دول 2-رايون بولدى. ئۇنىڭغا 13 كەنت قاراشلىق بولدى. 1944-يىلى بوجاڭ-جاجاڭ تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا دول 2-رايون دۇڭيى شاڭ (شەرق سەنئىتى يېزىسى)، جىڭگۇڭشاڭ (ئومۇمنى قۇتقۇزۇش يېزىسى) دېگەن ئىككى يېزىغا ئۆزگەرتىلدى. 1947-يىلى پۈتۈن ناھىيە ئىككى بازار، 15 يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندە يۇقارقى ئىككى يېزىنى بىرلەشتۈرۈپ، دول يېزا قۇرۇلدى. 1947-يىلى 12-ئايدا پۈتۈن ناھىيە قايتا تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىغا ئايرىلغاندا يەنىلا دول يېزا بولۇپ تۇرۇۋەردى. 1950-يىلى 4-ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ پۈتۈن ناھىيە يەتتە رايونغا ئايرىلغاندا دول 6-رايون بولدى. ئۇنىڭغا بەش يېزا 43 كەنت تەۋە قىلىندى.

1958-يىلى دولدا غالىبىيەت، دۆلەت قۇرۇلۇشى دېگەن ئىككى كوممۇنا قۇرۇلۇپ، 5-يېزا ھاڭگىي راكىتا كوممۇناغا تەۋە قىلىندى. 1959-يىلى غالىبىيەت، دۆلەت قۇرۇلۇشى كوممۇنالىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ ۋە 5-يېزىنى قوشۇپ، «شەرق شامىلى» كوممۇناسى قۇرۇلدى. ۋە كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىندى. 1968-يىلى دول كوممۇنا ئىنقىلابى كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى. 1979-يىلى دول كوممۇنا دەپ ئاتالدى. 1984-يىلى كوممۇنا بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىپ، دول يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

دول يېزا لوپ ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تاغ ئالدىدىكى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىككە كىرىدۇ. يەر تۈزلىشى تەكشى، پارچە پۇرات قۇم دۆۋىلىرى بار. جەنۇبتىن شىمالغا قىيپاش، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1300 مېتىر، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، شامال كۆپ چىقىدۇ. تىپىك قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5°C، 7-ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 24.5°C، 1-ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن -6.5°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 32 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن. قۇم تۇپراق، تېرىم يېرى 47 مىڭ 313 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق پاختا، مايلىقدان، قوشۇمچە پۇرچاق، پىلە ئۈژمىچىلىك، يەل يېمىش تېرىلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ. 1985-يىلدىكى ئاشلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 20 مىليون 687 مىڭ 516 جىڭ. ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 656 جىڭ، كىشى

بېشغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق 1056 جىڭ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 520 مىڭ جىڭ، مايلىقدانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 370 مىڭ جىڭ، قوتاندا بېقىلىۋاتقان چارۋا 48 مىڭ 340 تۇياق.

دول يېزا لوپ ناھىيىدىكى مۇھىم سۇغۇرۇلىدىغان رايون بولۇپ، ئاساسلىقى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيىگە تايىنىدۇ. دول ئۆستىڭى-ناھىيىلىك شەرقى غول ئۆستەڭنىڭ 3-زاكۇسىدىن باشلىنىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تەقسىم قىلىنىدىغان سۇ مىقدارى 77 مىليون 640 مىڭ كۇب، ناھىيە باشقۇرغان قاراكۆل سۇ ئامبىرى ئەتىياز ۋاقتىدا بىر قىسىم سۇ بىلەن تەمىنلەپ، قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدىكى سۇ تەلىپىنى قاندۇرىدۇ.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان يېزىلارنىڭ ھەرساھە ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققى قىلدى. ئاساسى قۇرۇلۇش دەسلەپكى قېلىپقا چۈشتى. ھازىر ياسالغان 340 پارچە سالا ئېتىزنىڭ كۆلىمى 44 مىڭ 663 موغا يەتتى، بۇ تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 95 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ياسالغان ھەرخىل ئېرىق-ئۆستەڭ 1631، ئورمان بەلباغ 876 پارچە، تاشيول 280 بولۇپ، سالا ئېتىز، ئېرىق-ئۆستەڭ، ئورمان-بەلباغ، يوللار بىرگەۋدە قىلىنغان ئاساسى قۇرۇلۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

دول يېزا لوپ ناھىيىسىنىڭ موھىم يەل-يېمىش ۋە پىلىچىلىك بازىلىرىدىن بىرى بولۇپ، يەل-يېمىشنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليون 500 مىڭ جىڭ، پىلە 50 مىڭ جىڭغا يەتتى.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن سېمونت زاۋۇتى، گىلەم توقۇش، قىش پۇشۇرۇش، گەنجى، ئاھاك پۇشۇرۇش، تۆمۈرچىلىك، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى بار. ھازىر يەتتە ماشىنا، 52 ھەر خىل تىپتىكى تىراكتور. 13 ئۈن ياغ تارتىش ماشىنىسى بار.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بويان مەدەنى-مائارىپ، سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېزىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 28 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان. ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچى 3548 نەپەر. يەنە بىر دوختۇرخانا، 27 كەنت دەرىجىلىك ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلغان بولۇپ، خەلقنىڭ ساقلىقنى ساقلاش داۋالاش ئىشلىرى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈل-گەن. ئۇندىن باشقا يەنە مەدەنىيەت پونكىتى، كىنوخانا، رادىئو ئۇزېلى، مالدوختۇرلوق پونكىتى، ئاشلىق پونكىتى قۇرۇلغان. تەمىنلەش سودا تورلىرى ھەممە ئاھالىلار نوقتىسىغىچە قۇرۇلغان. ئىقتىسادى سودا سېتىق گۈللەنگەن مەنزىرە بارلىققا كەلگەن.

# ئۆلچەملىك ناملار

## دول يېزىسى

دول يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋال ماتېرىيالىغا قارالسۇن

### يولچىكۆل كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى يولچىكۆلدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 0.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، 164 ئائىلە، 670 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1509 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

"يولچىكۆل" يولۇچىلار كۆلى دېگەن مەنىدە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەسلىدە بۇ يەر خوتەندىن-كېرىيەگە بارىدىغان قەدىمكى يول بولۇپ، يول بويىدا ئابدىراخمان ۋەلىيۇللانىڭ قەۋرىستانلىقى بار. يولۇچىلار دەم ئېلىپ ۋە مازارغا تاۋاپ قىلىپ ئۆتكەن. مۇندىن تەخمىنەن 350 يىل بۇرۇن بۇ يەردە ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى تەخمىنەن 100 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 4 مېتىر كېلىدىغان چوڭ كۆل كولانغان. يولۇچىلار ۋە مازارغا تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەر موشو كۆل سۈيىدىن پايدىلانغان. شۇڭا "يولچىكۆل" دەپ ئاتىغان. تەخمىنەن 80 يىلدىن بويان بۇ يەردە ھەر پەيشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ. شۇڭا پەيشەنبە بازار دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

1958-يىلى شەرق شامىلى كوممۇنا 2-باشقۇرۇش رايون 6-دادۈي بولغان. 1978-يىلى دول كوممۇنا يولچىكۆل دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى دول يېزا يولچىكۆل كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

دول يېزىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپى كارخانا ئورۇنلار، مەدەنى مائارىپ ئورۇنلىرى مۇشۇ كەنتكە جايلاشقان. بۇ يەر دول يېزىسىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت مەركىزى.

### دول خەلپەئېرىق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى دول خەلپەئېرىقتا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 4.7 كىلومېتىر جايدا. بەش تەبىئىي كەنت، 325 ئائىلە، 1240 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2254 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلوق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى شەرق شامىلى كوممۇنا 1-باشقۇرۇش رايون 4-دادۈي بولغان. 1979-يىلى دول

كوممۇنا دول دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى يەرنامىلىرىنى تەكشۈرۈشتە خەلپەئېرىق دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئەسلىدىكى كۆلئېرىق دادۇيىنىڭ بىر قىسمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دول يېزا نامى قوشۇلۇپ خەلپە ئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**دول خەلپەئېرىق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 4.7 كىلومېتىر جايدا. 99 ئائىلە، 333 نوپۇس، 606 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەردە ئەڭ بۇرۇن خەلپە نامىدا بىر ئېرىق ئېلىنغانلىقتىن "دول خەلپەئېرىق" دەپ ئاتالغان.

**تەتۈرئېرىق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىقە قىپاش جەنۇبىدىكى 5 كىلومېتىر جايدا. 46 ئائىلە، 161 نوپۇس، 349 مو تېرىم يەرى بار. بۇ ئېرىقنىڭ سۈيىنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى باشقا ئېرىقلارغا تەتۈر بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**تاختاكۆۋرۈك**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىقە قىپاش جەنۇبىدىكى 5.5 كىلومېتىر جايدا. 56 ئائىلە، 120 نوپۇس، 349 مو تېرىم يەرى بار. ئەسلىدە بۇ يەردە شاللىدىن ياسالغان بىر چوڭ ياغاچ كۆۋرۈك بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**ئاخۇنلۇقئېرىق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىقە قىپاش جەنۇبىدىكى 6.3 كىلومېتىر جايدا، 65 ئائىلە، 129 نوپۇس، 453 مو تېرىم يەرى بار. «ئاخۇنلۇقئېرىق»نىڭ مەنىسى ـ ئاخۇنۇم باشچىلىقىدا كولانغان ئېرىق بولۇپ، كېيىن كەنت نامىغا ئۆزگەرگەن.

**كۆلئېرىق**

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىقە قىپاش جەنۇبىدىكى 5.5 كىلومېتىر جايدا. 59 ئائىلە، 246 نوپۇس، 502 مو تېرىم يەرى بار. بۇ ئېرىق مەخسۇس كۆلگە سۇ ئېلىش ئۈچۈن كولانغانلىقتىن شۇنداق نام ئالغان، كېيىن كەنت نامىغا ئۆزگەرگەن.

**قوغاچئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى قوغاچئېرىقتا

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىقە قىپاش جەنۇبىدىكى 4.3 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 282 ئائىلە، 1119 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1991 مو تېرىم يەرى بار. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىق ـ دان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى شەرق شامىلى كوممۇنا 1 ـ باشقۇرۇش رايون 5 ـ دادۇي بولغان. 1979 ـ يىلى دول كوممۇنا قوغاچ دادۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى قوغاچئېرىق دەپ تۈزىتىلىپ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### قوغاچئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي قىياش جەنۇبىدىكى 4.3 كىلومېتىر جايدا. 120 ئائىلە، 486 نوپۇس، 991 مو تېرىم يېرى بار، بۇ ئېرىقنىڭ بېشىغا قوغاچ قويۇپ سۇ ئۆتكۈزگەچكە شۇنداق نام ئالغان.

### قۇمئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي قىياش جەنۇبىدىكى 4.5 كىلومېتىر جايدا. 59 ئائىلە، 268 نوپۇس، 368 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتنىڭ سۇلاغ ئېرىقى قۇم دۆۋىسىنى كېسىپ ئۆتكەچكە شۇنداق نام ئالغان.

### چوڭقۇر كوچائېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 3.6 كىلومېتىر جايدا. 46 ئائىلە، 172 نوپۇس، 364 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كەنتتىكى ئاھالىلار زېمىنى چوڭقۇر جايدا ئولتۇراقلىشىپ بىر كوچىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە كوچا ئېرىق نامى بىلەن قوشۇلۇپ شۇنداق ئاتالغان.

### دۆڭسېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي قىياش جەنۇبىدىكى 3.8 كىلومېتىر جايدا، 57 ئائىلە، 193 نوپۇس 432 مو تېرىم يېرى بار. «دۆڭسېرىق» دۆڭ ساي ئېرىق دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. بۇ ئېرىق دۆڭ سايدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە شۇنداق نام ئالغان.

### دولسېرىق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى كاخانا ئېرىقتا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي قىياش جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 152 ئائىلە، 594 نوپۇس، 1242 مو تېرىم يېرى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

"دول سېرىق" دول ساي ئېرىق دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. ئەسلىدە دول يېزىسىنىڭ شەرقىدىكى سايلىقتىن ئېرىق ئېلىپ سۇ ئىچكەن، ئۇزاق مۇددەت ئاتاش جەريانىدا "ساي ئېرىق" دېگەن نام "سېرىق"قا ئۆزگەرگەن، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

1958 ـ يىلى شەرق شامىلى كوممۇنا 1 ـ باشقۇرۇش رايون 6 ـ ۋە 7 ـ داداۋي بولغان. 1979 ـ يىلى دول كوممۇنا سېرىق داداۋي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئوخشاش ناملارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن 1984 ـ يىلى دول يېزا نامىنى قوشۇپ سېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### كاخانائېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلوق جايىنىڭ شەرقىي قىياش جەنۇبىدىكى 3.5 كىلومېتىر جايدا. 65 ئائىلە، 225 نوپۇس، 394 مو تېرىم يېرى بار. "كاخانا" ئىسلام دىنىدا دىنى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇن دېگەن مەنىدە، كېيىن شۇ يەرگە بارىدىغان بىر ئېرىق ئېلىنغان ۋە

كاخانا ئېرىق دەپ نام ئالغان.

**كۆتەمە كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى تەتۇرئېرىقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 234 ئائىلە، 835 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1875 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايىسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. "كۆتەمە" كۆتەرگەن جاي، دېگەن مەنىدە. بۇرۇن، بۇ يەرنىڭ زېمىنى چوڭقۇر بولۇپ، كېيىن كىشىلەر بۇ يەرنى كۆتۈرۈپ ئۆي سالغانلىقتىن "كۆتەمە" دەپ نام ئالغان. كېيىن بۇ كەنت نامىغا ئايلانغان.

1958 - يىلى شەرقشاملى كوممۇنا 2 - باشقۇرۇش رايون 2 - دادۈي بولغان. 1979 - يىلى دول كوممۇنا كۆتەمە دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى كۆتەمە كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تەتۈرئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايدا، 68 ئائىلە، 243 نوپۇس، 492 مو تېرىم يېرى بار. بۇ ئېرىقنىڭ سۇيىنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى باشقا ئېرىققا تەتۈر بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**كەڭ كېچىكئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 1.9 كىلومېتىر جايدا. 64 ئائىلە، 241 نوپۇس، 453 مو تېرىم يېرى بار. ئېرىق كەڭ بولۇپ، بۇ يەردىن كىشىلار كېچىپ ئۆتىدىغان يول بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**كۇۋامەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 2.2 كىلومېتىر جايدا. 69 ئائىلە، 219 نوپۇس، 420 مو تېرىم يېرى بار. كۇۋا مەھەللە كىشلەرنىڭ لەقىمىدىن كېلىپ چىققان.

**كالتەكۆتەمە كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى كالتەكۆتەمىدە.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بەش تەبىئىي كەنت، 370 ئائىلە، 1353 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 3179 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژ-مىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايىسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 - يىلى شەرق شاملى كوممۇنا 2 - باشقۇرۇش رايون 4 - دادۈي بولغان. 1979 - يىلى دول كوممۇنا "كۆچۈرمە بېشى" دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 - يىلى يەرنامىلىرىنى تەكشۈرگەندە كالتەكۆتەمە دادۈي دەپ تۈزۈتۈلگەن. 1984 - يىلى ئەسلىدىكى "جالائېرىق" دادۈي بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كالتەكۆتەمە كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**كالتەكۆتەمە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايدا.

165 ئائىلە، 415 نوپۇس، 1340 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەرنىڭ ئەسلى زېمىنى پەس بولۇپ، كېيىن ئورنىنى كۆتۈرۈپ ئۈستەڭ ياسىغانلىقتىن "كالتەكۆتەمە" دەپ ئاتالغان.

### سۆگەتئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 1 كىلومېتىر جايدا. 41 ئائىلە، 160 نوپۇس، 392 مو تېرىم يېرى بار. ئەسلىدە بۇ يەردىكى ئېرىقنىڭ ئىككى قېشىغا قاتار قىلىپ سۆگەت تىكىلگەنلىكتىن شۇنداق نام ئالغان ۋە كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

### ئۈجمىلىكئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايدا. 52 ئائىلە، 189 نوپۇس، 364 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەردىكى ئېرىقنىڭ بويىغا قاتارقىلىپ ئۈجمە ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن ئۈجمىلىكئېرىق دەپ ئاتالغان. كەنت قۇرۇلغاندىن كېيىن "ئۈجمىلىكئېرىق" نامىنى ساقلاپ قالغان.

### سەت دۆۋىمىكئېرىق

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا قىيپاش غەربىدىكى 1.6 كىلومېتىر جايدا. 43 ئائىلە، 142 نوپۇس، 344 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەردە ھەيۋەتلىك بىر چوڭ قۇم دۆۋىسى بولۇپ، ئېرىقنى توسۇپ تۇرىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر بۇ سەت قۇم دۆۋىسىنى تىللاپ شۇنداق ئاتىغان، كېيىن بۇ يەرنامىغا ئايلانغان.

### دۆڭكۆزلەك كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى دۆڭكۆزلەكتە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 0.8 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بەش تەبىئىي كەنت، 309 ئائىلە، 1250 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2987 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 - يىلى شەرق شامىلى كوممۇنا 2 - باشتۇرۇش رايون 5 - دادۈي بولغان. 1979 - يىلى دول كوممۇنا دۆڭكۆزلەك دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى دۆڭكۆزلەك كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### دۆڭكۆزلەك

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 0.8 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى. 50 ئائىلە، 190 نوپۇس، 540 مو تېرىم يېرى بار. «دۆڭكۆزلەك» دۆڭ ئۈستىدىكى كۆزلەك، يەنى قوغۇن بېقىشقا قارىتىلغان. بۇرۇن بۇ يەردە قوغۇن تېرىغان كىشىلەر كۆز پەسلىدە دۆڭ ئۈستىگە قوغۇنغا قارايدىغان ئۆي (كەپە) تىكلەپ قوغۇن باققان. يەرلىك خەلق ئۇنى كۆزلەك دەپ ئاتايدۇ. كەنت بولغاندىن كېيىن يەنە ئەسلى نامىنى ساقلاپ كەلگەن.

### قورساقكوچا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 0.8 كىلومېتىر جايدا. 50

ئائىلە، 190 نوپۇس، 410 مو تېرىدىم يېرى بار. ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە قورساق لەقەملىك كىشىلەر ئولتۇراقلاشقاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**زىرىپئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرققە قىيپاش جەنۇبىدىكى 1.4 كىلومېتىر جايىدا. 36 ئائىلە، 141 نوپۇس، 273 مو تېرىدىم يېرى بار. «زىرىپ» دېگەن سۆز كۆكۈل قويۇپ ئىشلەش دېگەن مەنىدە، زىرىپ لەقەملىك ئادەملەر كولىغان ئېرىق بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**قۇدۇقئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 0.5 كىلومېتىر جايىدا. 104 ئائىلە، 404 نوپۇس، 911 مو تېرىدىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەردە بىر قۇدۇق بولۇپ، كەنت ئېرىقى مۇشۇ قۇدۇق بويىدىن ئېلىنغاچقا شۇنداق نام ئاتالغان.

**ياقائىلەك**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 6.8 كىلومېتىر جايىدا. 57 ئائىلە، 256 نوپۇس، 961 مو تېرىدىم يېرى بار. بۇ يەر كەنت بولۇشتىن ئىلگىرى ساي لىۋىدىكى سىزما سۇ توختاپ قالغان جاي بولۇپ، بۇ يەردە بۇلاق سۈيى چىقىدىغان بىر ئېرىق بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**قۇيرۇقئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى قۇيرۇقئېرىقتا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرققە قىپاش شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايىدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 219 ئائىلە، 866 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2103 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈجمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى شەرق شامىلى كوممۇنا 3 ـ باشقۇرۇش رايون 2 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى دول كوممۇنا توغراقئېرىق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلدىكى يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈشتە قۇيرۇقئېرىق دادۈي دەپ تۈزۈتۈلگەن. 1984 ـ يىلى قۇيرۇقئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**قۇيرۇقئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرققە قىپاش شىمالىدىكى 3 كىلومېتىر جايىدا. 131 ئائىلە، 520 نوپۇس، 1307 مو تېرىم يېرى بار. كىشىلەرنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

**چاقما**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4.5 كىلومېتىر جايىدا. 88 ئائىلە، 344 نوپۇس، 716 مو تېرىدىم يېرى بار. بۇ يەرنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى يەرلەرنى دائىم سۇ چېقىپ كەتكەچكە شۇنداق نام ئالغان.

**ئويمانىيانتاق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى دۆڭئاچىمدا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.7 كىلومېتىر جايىدا.

زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئىي كەنت، 246 ئائىلە، 951 نوپۇس بار، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2267 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆزجەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ يەرنىڭ زېمىنى ئويمانلىق بولۇپ، يانتاق كۆپ ئۆسكەچكە شۇنداق نام ئالغان.

1958-يىلى شەرق شاملى كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان. 1979-يىلى دول كوممۇنا پەشتاق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى يەر نامىلىرىنى تەكشۈرۈشتە ئويمانىيانتاق دادۈي دەپ تۈزىتىلگەن. 1984-يىلى ئويمانىيانتاق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**دۆڭئاچا**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 3.7 كىلومېتىر جايدا. 59 ئائىلە، 211 نوپۇس، 496 مو تېرىم يېرى بار. «دۆڭئاچا» دۆڭدىكى سۇ ئايرىلىدىغان ئېغىز دېگەن مەندە بولۇپ، ئېرىق مۇشۇ يەردە ئىككى ئاچىغا بۆلۈنگەنلىكتىن شۇنداق نام ئالغان.

**توغراقئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 2.6 كىلومېتىر جايدا. 46 ئائىلە، 173 نوپۇس، 439 مو تېرىم يېرى بار. «توغراقئېرىق»-توغراقلىق ئېرىق دېگەن مەندە، بۇرۇن بۇ يەر توغراقلىق بولۇپ، كەنت بولغاندىن كېيىن ئېرىق ئېلىنغان ۋە توغراق ئېرىق دەپ نام ئالغان.

**دۆڭئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 4 كىلومېتىر جايدا. 122 ئائىلە، 546 نوپۇس، 1073 مو تېرىلغۇ يېرى بار. بىر ئوقۇتۇش نۇقتىسى بار. ئېرىق دۆڭدە بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**بوستان كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى بوستاندا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 6 كىلومېتىر جايدا. قۇم دۆڭلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىككى تەبىئىي كەنت، 123 ئائىلە، 535 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىم يېرى 1735 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۆجەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى شەرق شاملى كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون 5-دادۈي بولغان. 1979-يىلى دول كوممۇنا بوستان دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى بوستان كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**بوستان**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 6 كىلومېتىر جايدا. 113 ئائىلە، 476 نوپۇس، 1483 مو تېرىم يېرى بار. ئىلگىرى بوز يەر بولۇپ، كەنت بولغاندىن كېيىن زور كۆلەمدە ئورمان ستېلىنغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر «بوستان» دەپ ئاتىغان.

### نارۇزلەڭگەر

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 6.6 كىلومېتىر جايدا، 10 ئائىلە، 59 نوپۇس، 240 مو تېرىم يېرى بار. بۇرۇن بۇ يەردىن لوپتىن چىرىغا بارىدىغان كىچىك يول كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، نارۇز ئىسىملىك بىر كىشى بۇ يەرگە لەڭگەر سالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق نام ئالغان.

### قاراڭغۇتوغراق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئۇرنى قاراڭغۇ توغراقتا

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىدىكى 8.2 كىلومېتىر جايدا. 4 تەرىپى سازلىق جاڭگال. 200 ئائىلە، 694 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 3219 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان ئىشلەپچىقىرىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيول يېزىغا تۇتىشىدۇ.

ئىلگىرى بۇ يەر چوڭ بىر پارچە قويۇق توغراقلىق بولۇپ، شاخلىرى كۈن نۇرىنى توسۇپ، قاپقاراڭغۇ كۆرۈنگەنلىكتىن شۇنداق نام ئالغان. دېھقانچىلىق مەيدان قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ مۇشۇ نامنى ئىشلىتىپ كەلگەن.

1959-يىلى بوز يەر ئېچىلغاندا شەرق شاملى كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدان دەپ ئاتالغان. 1979-يىلغىچە دول كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدان دېگەن نامنى ساقلاپ كەلگەن. 1983-يىلى قاراڭغۇ توغراق دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1984-يىلى قاراڭغۇ توغراق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### كۆلئېرىق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئۇرنى سۆگەتمازاردا

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى شىمالىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 363 ئائىلە، 1491 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 4510 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ ئېرىقى يولچىكۆل بويىدىن ئېلىنىپ، مۇشۇ كەنتكە سۇ ئەكەلگەچكە شۇنداق ئاتالغان.

1958-يىلى شەرق شاملى كوممۇنا 4-باشقۇرۇش رايون 1-دادۈي بولغان. 1979-يىلى دول كوممۇنا سۆگەتمازار دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈشتە «كۆلئېرىق دادۈي» دەپ تۈزىتىلگەن. 1984-يىلى ئەسلىدىكى 4-باشقۇرۇش رايون دۆڭئازما دادۈي بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۆلئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### سۆگەتمازار

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى شىمالىدىكى 2.3 كىلومېتىر جايدا. 47 ئائىلە، 177 نوپۇس، 539 مو تېرىم يېرى بار. «سۆگەتمازار» دېگەن مۇشۇ كەنتتىكى مازارنىڭ نامى بولۇپ، مازار ئەتراپىدا سۆگەت كۆپ بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان، كېيىن كەنت نامى بولۇپ قالغان.

**چاقانمەھەللە**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى شىمالىدىكى 1.6 كىلومېتىر جايدا. 40 ئائىلە، 167 نوپۇس، 493 مو تېرىم يېرى بار.

ئاق ياكى كۆك كۆز ئادەملەرنى مۇشۇ يەرلىك خەلقلەر «چاقان كۆز» دېيىشىدۇ. بۇ يەردە كىشلەرنىڭ لەقىمگە قارىتىلغان، لەقەمدىن كەنت نامى شەكىللەنگەن.

**قۇمۇشدۆك**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى شىمالىدىكى 3.7 كىلومېتىر جايدا. 44 ئائىلە، 190 نوپۇس، 611 مو تېرىم يېرى بار. مەنىسى-قۇمۇشلۇق دۆڭ، ئىلگىرى بۇ يەردە قويۇق قۇمۇش ئۆنگەن دۆڭلۈك بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**دۆڭئازما**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 1.6 كىلومېتىر جايدا، 152 ئائىلە، 605 نوپۇس، 1599 مو تېرىم يېرى بار. ئىلگىرى ياندۇرما ئۆستىڭىنىڭ مۇشۇ يەردىكى دۆڭدە بىر ئازما ياسالغانلىقتىن دۆڭئازما دەپ ئاتالغان. كەنت قۇرۇلغاندىن كېيىن مۇشۇ نامنى ئىشلەتكەن.

**باشياندۇرما كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى باشياندۇرمىدا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 3.1 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئى كەنت، 182 ئائىلە، 715 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2192 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. تاشيوللار ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتاشقان. «ياندۇرما»-مەنىسى سۇ ياندىغان جاي دېگەن مەنىدە. دول ئۆستىڭىنىڭ مۇشۇ جايىدا بىر ئازما ياسالغان بولۇپ، يەر سۇغۇرۇش ئۈچۈن ئازمىنى قاتتىق بۆككەندىمۇ سۇ كەينىگە يېنىپ تۇرۇۋالىدىغانلىقتىن ياندۇرما دەپ نام قويۇلغان. كەنت قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ مۇشۇ نامنى ساقلاپ كەلگەن.

1958-يىلى شەرق شاملى كوممۇنا 4-باشقۇرۇش رايون 3-داداۋي بولغان. 1979-يىلى دول كوممۇنا باشياندۇرما داداۋي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى باشياندۇرما كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ئاياغياندۇرما كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى تاۋىغازدا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 4.9 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئۈچ تەبىئى كەنت، 186 ئائىلە، 807 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2740 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيول ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. ياندۇرما ئۆستىڭىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئاياغياندۇرما دەپ ئاتالغان.

1958-يىلى شەرق شاملى كوممۇنا 4-باشقۇرۇش رايون 4-داداۋي بولغان. 1979-يىلى دول كوممۇنا ئاياغياندۇرما داداۋي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى دول يېزا ئاياغياندۇرما كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تاۋىغاز**

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 4.9 كىلومېتىر جايدا. 52 ئائىلە، 165 نوپۇس، 629 مو تېرىم يەرى بار. تاۋىغازنىڭ مەنىسى 54-بەتكە قارالسۇن.

**خېنىئېرىق**

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەرپكە قىيپاش شىمالىدىكى 4.5 كىلومېتىر جايدا. 93 ئائىلە، 464 نوپۇس، 1192 مو تېرىم يەرى بار. «خېنىئېرىق» «خان يېرى ئېرىقى» دېگەن مەنىدە، بۇرۇن بۇ يەرنى ئەمەلدارلار باشقۇرغان ھەم بۇ يەرگە بىر ئېرىق ئېلىنغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

**قاقلىق**

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 5.5 كىلومېتىر جايدا. 120 ئائىلە، 550 نوپوس، 1012 مو تېرىم يەرى بار. "قاخلىق" ئەسلى "قاقتىلىق"دىن ئۆزگەرگەن. تەخمىنەن 100 يىل بۇرۇن كىشىلەر بۇ يەردىن يەر ئېگەللەپ، ئورمان بەلبېغى يېتىشتۇرگەن. ۋە كۆز كۈنلىرىدە شاخلىرىنى قاقتا قىلىپ چارۋا باققانلىقى ئۈچۈن قاقتىلىق دەپ ئاتىغان، كېيىن قاقلىق بولۇپ قالغان.

**باشئېقەن**

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 5 كىلومېتىر جايدا. 41 ئائىلە، 179 نوپۇس، 654 مو تېرىم يەرى بار. بۇ يەر بۇلاق سۈيى چىقىدىغان ئېرىقنىڭ بېشى بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**شوركۆتەك كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۈرنى شوركۆتەكتە

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 6.4 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 138 ئائىلە، 539 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2254 مو تېرىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيول ھەر قايسى كەنتلەرگە تۇتاشتۇرۇلغان. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى شەرق شامىلى كوممۇنا 4-باشقۇرۇش رايون 6-داداۋيگە ئايرىلغان. 1979-يىلى دول كوممۇنا شوركۆتەك دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى شوركۆتەك كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**شوركۆتەك**

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 6.4 كىلومېتىر جايدا. 138 ئائىلە، 539 نوپۇس، 2254 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەر ئەسلى يۇلغۇن، توغراق كۆپ ئۆسىدىغان جاڭگال شورلۇق يەر بولۇپ، ئوتۇنچىلار بۇ يەردىن ئوتۇن كەسكەندە كۆپلەپ دەرەخ كۆتەكلىرى يەر يۈزىگە چىقىپ تۇرغانلىقتىن شوركۆتەك دەپ نام ئالغان.

**تاگىما خېنى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۈرنى تاگىما خېنىدا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەرپكە قىياش شىمالىدىكى 6 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 146 ئائىلە، 613 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1953 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىق دان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەر قايسى كەنتلەرگە تۇتاشقان. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى بۇ جاي شەرق شامىلى كوممۇنا 2 ـ باشقۇرۇش رايون 2 ـ دادۈي 1 ـ شاۋدۈي، 4 ـ باشقۇرۇش رايون 2 ـ دادۈي 1 ـ شياۋدۈي، 5 ـ دادۈينىڭ بىر شياۋدۈينى ۋە 5 ـ باشقۇرۇش رايون 5 ـ دادۈينىڭ بىر شياۋدۈينى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

1980 ـ يىلى يۇقىرىدىكى شياۋدۈيلەرنى بىرلەشتۈرۈپ باغچە دادۈي تەشكىل قىلىنغان.

1983 ـ يىلى يەر ناملىرىنى تەكشۈرگەندە ئىلگىرىكى «تاشما خېنى» دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1984 ـ يىلى تاشما خېنى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**تاشماخېنى**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەرپكە قىياش شىمالىدىكى 6 كىلومېتىر جايدا. 146 ئائىلە، 613 نوپۇس، 1953 مو تېرىم يېرى بار. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇ يەر موندىن 80 يىل بۇرۇن چارۋا باقىدىغان جاڭگال بولۇپ، بىر قانچە بايلار تالىشىپ قالغان. ھۆكۈمەت تەرەپ ئارىلىشىپ، ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، كىشىلەرگە تېگىشىپ ساتقان بولغاچقا «تاشما خان يېرى» دېيىلگەن. كېيىن «تاشما خېنى» غا ئۆزگەرگەن.

**مازارئۆستەڭ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى مازارئۆستەڭدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇپقا قىياش غەربىدىكى 4.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى. ئۈچ تەبىئىي كەنت، 309 ئائىلە، 1236 نوپۇس، 3185 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەر قايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان.

1958 ـ يىلى شەرق شامىلى كوممۇنا 5 ـ باشقۇرۇش رايون 2 ـ دادۈي بولغان. 1979 ـ يىلى دول كوممۇنا مازار ئۆستەڭ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئەسلىدىكى ئازنە بازار دادۈي بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مازار ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**مازار ئۆستەڭ**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تورۇشلۇق جاينىڭ جەنۇپقا قىياش غەربىدىكى 4.5 كىلومېتىر جايدا. 119 ئائىلە، 366 نوپۇس، 1497 مو تېرىم يېرى بار. ئۆستەڭ مازار يېنىدىن ئۆتكەچكە شۇنداق نام ئالغان.

**ۋەخپەئېرىق**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تورۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 4.9 كىلومېتىر جايدا. 156 ئائىلە، 199 نوپۇس، 595 مو تېرىدم يېرى بار. بۇ يەر ئەسلىدە مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغان

يەر بولۇپ، ئېرىق مۇشۇ جايدىن كىسىپ ئۆتكەچكە شۇنداق نام ئالغان.

### قاغا ئېرىق

ئورنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 4.5 كىلومېـتىر جايدا. 134 ئائىلە، 480 نوپۇس، 1105 مو تېرىدىم يېرى بار. كىشىلەرنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

### چوڭقۇرئۆستەڭ كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى دۆڭئېرىقتا

ئورنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىـنىڭ غەربىي جەنۇبىـدىكى 4 كىـلومېتىر جايـدا. زېمىنى تەكشى. 6 تەبىئىي كەنت، 470 ئائىلە، 1733 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 4197 مو تېرىدىم يېـرى بار. ئاساسى مەھـسۇلاتى بۇغـداي، قوناق، پاختا، قوشۇمـچە مايـلىقـدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەر قايسى كەنتلەرگە تۇتۇشىدۇ. ئۆستەڭنىڭ بۇ يەردىن كىسىپ ئۆتكەن ئېقىنى چوڭقۇر بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

1958-يىلى شەرق شامـلى كومـمۇنا 5-باشـقۇرۇش رايون 3-دادۈي بولغان. 1979-يىـلى دول كوممۇنا چوڭقۇر ئۆستەڭ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى ئەسلىدىكى 5-باشقۇرۇش رايون قاغا ئېرىق دادۈي بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### دۆڭئېرىق

ئورنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 4 كىلومېتىر جايـدا. 62 ئائىلە، 244 نوپۇس، 499 مو تېرىـم يېـرى بار. دۆڭ يەردىن ئېـلىنـغان ئېـرىـق نامـى بىلەن شۇنداق ئاتالغان.

### كالتەكئېرىق

ئورنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىـكى 4 كىلومېـتىر جايـدا. 72 ئائىلە، 239 نوپۇس، 480 مو تېـرىدىم يېـرى بار. «كالـتەك» پاكار دېـگەن مەنىـدە، رىـۋايەت قىلىنىشىچە ئەڭ بۇرۇن بىر پاكار ئادەم تۇنجى قېـتىم بۇ ئېرىقنى ئالـغاچقا كالـتەك ئېـرىق دەپ ئاتالغان.

### چاپانئايەمقى

ئورنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىـكى 3 كىلومېـتىر جايـدا. 78 ئائىلە، 311 نوپۇس، 966 مو تېرىدىم يېرى بار. بىر ئايماق كىشىلەر بىر مەھەللە بولۇپ ئولتۇراق-لاشقانلىقتىن شۇنداق نام ئالغان.

### دېغرائېرىق

ئورنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىـكى 3.2 كىـلومېـتىر جايـدا. 119 ئائىـلە، 424 نوپۇس، 1309 مو تېـرىدىم يېـرى بار. بۇ ئېـرىق شۇ كەنتنى توغـرا كىسىپ ئۆتكەچكە شۇنداق ئاتالغان. كەنتتە بىر ئوقۇتۇش ئورنى بار.

### دېكامەھەللە

ئورنى يېزىـلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىدىكى 3.9 كىلومېـتىر جايـدا. 69 ئائىلە، 234 نوپۇس، 758 مو تېرىدىم يېرى بار. كىشىلەرنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

### پاگمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 5.2 كىلومېتىر جايدا. 22 ئائىلە، 94 نوپۇس، 395 مو تېرىم يېرى بار. كىشلەرنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

### كاۋا تۈگمەنبېشى كەنت كومىتېتى

تۇروشلۇق ئورنى كاۋا تۈگمەنبېشىدا

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، ئىككى تەبىئىي كەنت، 155 ئائىلە، 522 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 195 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان، پىلە ئۈژمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيوللار ھەر قايسى كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1958-يىلى شەرق شامىلى كوممۇنا 5-باشقۇرۇش رايون 5-دادۈي بولغان. 1979-يىلى دول كوممۇنا كاۋا تۈگمەنبېشى دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### كاۋا تۈگمەنبېشى

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 2 كىلومېتىر جايدا. 144 ئائىلە، 304 نوپۇس، 1060 مو تېرىم يېرى بار. مۇشۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق كۆپ سانلىق كىشلەرنىڭ لەقىمى كاۋا بولۇپ، ئۇلار بۇرۇن بىر تۈگمەن چۆرىگەن. شۇلارنىڭ لەقىمى بىلەن «كاۋا تۈگمەنبېشى» دەپ نام قويۇلغان.

### قوشدۆڭ

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 2.7 كىلومېتىر جايدا. 59 ئائىلە، 218 نوپۇس، 590 مو تېرىم يېرى بار. بۇ يەردە بۇرۇن نۇرغۇن قۇم دۆۋىلىرى بار بولۇپ، كەنت بىنا قىلىنغاندا قۇم دۆۋىلىرى تۈزلىنىپ، ئاخىرىدا ئورنى بىر-بىرىگە يېقىن بولغان ئىككى قۇم دۆۋىسى ئېشىپ قالغان. شۇڭلاشقا قاراپ «قوش دۆڭ» دېگەن نام بېرىلگەن.

### تولغاش كەنت كومىتېتى

تۇروشلۇق ئورنى كېرىيە مەھەللىسىدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 4.5 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، تۆت تەبىئىي كەنت، 239 ئائىلە، 952 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2537 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. تاشيولى قوشنا كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇرۇن بۇ يەر قۇم دۆۋىلىك بولۇپ، ئېرىق-ئۆستەڭلىرىنى قۇم دۆۋىلىرىدىن ئايلاندۇرۇپ ئالغاچقا تولغاش دەپ نام ئالغان.

1958-يىلى شەرق شامىلى كوممۇنا 5-باشقۇرۇش رايون 6-دادۈي بولغان. 1979-يىلى دول كوممۇنا تولغاش دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى تولغاش كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

### كېرىيەمەھەللە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 4.5 كىلومېتىر جايدا. 53 ئائىلە، 199 نوپۇس، 548 مو تېرىم يېرى بار. دەسلەپتە بۇ يەرگە كېرىيەلىك كىشلەر كۆچۈپ كېلىپ


ئولتۇراقلاشقاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**جالانمەھەللە**


ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 3.2 كىلومېتىر جايدا. 65 ئائىلە، 245 نوپۇس، 681 مو تېرىم يېرى بار. بۇ كىشلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ جالان لەقەملىكلەر مەھەللىسىنى كۆرستىدۇ. (تەپسىلى مەنىسى 30-بەتتە)

**يوبدانمەھەللە**

ئۈرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 5.3 كىلومېتىر جايدا. 40 ئائىلە، 169 نوپۇس، 341 مو تېرىم يېرى بار. «يوبدان» ئارپا ئۇنىدا ئېتىدىغان بىر خىل تاماقنىڭ تۈرى بولۇپ، كىشلەرنىڭ لەقىمى كەنت نامى بولۇپ قالغان.


بەشتوغراق يېزا يەرنامى خەرىتىسى
1:50000
چۆل
چۆل
چۆل
ئىلتىزدۆق
بوستانباغ
بەشتوغراق يېزا
ياركوچا
بەشتوغراق
قۇملۇق
دولقۇن

# بەشتوغراق يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى



جىردىم تىكىپ قاقاسلىقنى ئۆزگەرتىش.

بەشتوغراق يېزىسى ـ لوپ ناھىيە شەھەر ئىچىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 33 كىلومېتىر جايغا جايلاشقان. شەرقتىن چۆل ئارقىلىق چىرا ناھىيىسىگە، غەرب تەرىپى دۆل يېزىسىنىڭ ئويمانيانتاققا، جەنۇبى ئاچچىق تاغ ئالدىدىكى سايغا، شىمالى تەكلىماكان قۇملوقىغا تۇتىشىدۇ. بوستان قىسمىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 7 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 35 كۋادرات كىلومېتىر، 10 كەنت كومىتېتى، 11 تەبىئىي كەنت، 835 ئائىلە، 3769 نوپۇس بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 3454 كىشى، خەنزۇ 315 كىشى، خۇيزۇ 10 كىشى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى چوڭيول كەنتىدە. ئاددىي تاشيولى ناھىيە شەھىرىگە تۇتىشىدۇ.

بەشتوغراق ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، بۇرۇندىن تارتىپلا بۇ يەردە بەش تۈپ چوڭ توغراق بولغانلىقتىن بەشتوغراق دەپ نام ئالغان.

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا شەرقىي خەن سولالىسى دەۋرىدىلا بۇ يەر قورغاردىكى ئەللىك نەچچە دۆلەتتىكى رۇڭ لوگو (戎卢国) نىڭ چېگرىسى ئىچكىرىلىكى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بۇ يەر چىرا، كېرىيەگە بارىدىغان يول ئىدى. شۇ

چاغدا «بەش لەڭگەر»دەپ ئاتالغان. دەۋرىنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ يەر چۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن.
گۇاڭشۈينىڭ 8 ـ يىلى (مىلادى 1882 ـ يىلى) كېرىيە ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ يەر كېرىيەگە قاراشلىق بولغان. لوپ ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن لوپقا ئايرىپ بېرىلگەن.
1959 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنانىڭ ھەرقايسى دۇيلىرىدىن ئادەم يۆتكەپ كېلىپ، يەر ئېچىپ كەنت قىلىنغان. 1960 ـ يىلدىن باشلاپ باشقا كوممۇنالەرمۇ ئادەم يۆتكەپ كېلىپ يەرئاچقان ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىنى قۇرغان. 1960 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا چىققان خەنزۇ ئاممىنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇچاغدا قىزىلبايراق كوممۇنانىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىدا بولغانلىقتىن، قىزىلبايراق كوممۇنا بوز يەر دېھقانچىلىق مەيدان دەپ ئاتالغان. 1965 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە جاڭسۇدىن كەلگەن چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى زىيالى ياشلاردىن مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان ۋە يەرلىك دېھقانلار بىلەن قوشۇپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدان قۇرۇپ، (ناھىيىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىدا بولغان) 10 ليەندۈي①، بىر ئورمانچىلىق مەيدانغا ئايرىغان ھەم ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرغان. 1973 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقى ئارقىلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدان ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، "شەرق قىزاردى" كوممۇنىسى قۇرۇلغان، 11 دادۈي تەۋە قىلىنغان. 1979 ـ يىلى بەشتوغراق كوممۇنا دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا بەشتوغراق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان.
بۇ يېزا تاغ ئالدىدىكى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىككە كىرىدۇ. زېمىنى چۆل ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقتىن تۆت ئەتراپى قۇم دۆۋىلىرى بىلەن ئورالغان. ھاۋاسى قۇرغاق. بوران كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 30 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى زور. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11°C، 7 ـ ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 26°C، 1 ـ ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 7°C ـ، قۇم تۇپراق.
ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرى 14 مىڭ 683 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، مايلىقدان، قوشۇمچە پاختا، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىلىدۇ ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1985 ـ يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليون 955 مىڭ جىڭ، ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 474 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 1049 جىڭ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 45 مىڭ جىڭ، مايلىقداننىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 145 مىڭ جىڭ، قوتاندىكى چارۋا 13 مىڭ 17 تۇياققا يەتكەن. بۇ يېزىنىڭ ھاۋا، يەر، تۇپراق ئالاھىدىلىكى تۇپەيلىدىن، ئىشلەپچىقارغان قوغۇن تاۋۇزلىرى تاتلىق بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

---

ئىزاھات ① ليەندۈي ـ خەنزۇچە سۆز بولۇپ روتا ئەترەت مەنىسىدە.

بەشتوغراق سۇ مەنبەسىدىن يىراقتا بولۇپ، سۈيى قىس ئىدى. 1968-يىلى سۇ ئىنشائاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 65 كىلومېتىرلىق بىر ئۆستەڭ ياسىغان. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇزۇن چۆلدىن كېسىپ ئۆتۈپ، بەشتوغراق يېزىسىغا ئېقىپ كېلىدۇ. لېكىن سىڭىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر بولغاچقا سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن.

يېقىنقى يىللاردىن بويان يېزا ئاساسى قۇرۇلۇشى خېلى تەرەققى قىلدى. 198 ھەرخىل ئېرىق ئۆستەڭ، 10 يول، 27 پارچە ئورمان بەلباغ ياسىلىپ، ، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىشى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن خۇمدانچىلىق، گىلەمچىلىك بار. ئۈچ ماشىنا، 22 ھەرخىل تىراكتور، .12 پىششىقلاش ماشىنىسى بار. مەدەنى-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېزىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 7 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 677 نەپەر. يېزىدا بىر دوختۇرخانا، 12 كەنت دەرىجىلىك ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى بار. ئۇندىن باشقا مەدەنىيەت پونكىتى، رادىيو ئۆزېلى، كىنوخانا قاتارلىقلار بار.

# ئۆلچەملىك ناملار

**بەشتوغراق يېزىسى**

بەشتوغراق يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ماتېرىيالىغا قارالسۇن.

**چوڭيول**

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 0.2 كىلومېتىر جايدا. 84 ئائىلە، 312 نوپۇس، 1780 مو تېرىم يەرى بار. بەشتوغراق يېزىدىن ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان چوڭ يول بويىغا جايلاشقانلىقتىن شۇنداق نام ئالغان. بەشتوغراق يېزىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپى كارخانا ئورۇنلىرى، مەدەنى-مائارىپ ئورۇنلىرى موشۇ كەنتكە جايلاشقان. بۇ بەشتوغراق يېزىسىنىڭ سىياسى، ئىقتسادى، مەدەنىيەت مەركىزى ھىساپلىنىدۇ.

**ئىسلىقدۆڭ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ئىسلىقدۆڭدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 3.6 كىلومېتىر جايدا. تەكلىماكان چۆلىنىڭ ياقىسىغا جايلاشقان. كەنت ئىچىدە قۇم دۆۋىلىرى كۆپ، بىر تەبىئىي كەنت، 75 ئائىلە، 335 نوپۇس بار. (خەنزۇ 305 كىشى. خۇيزۇ 10 كىشى، ئۇيغۇر 20 كىشى). تېرىلغۇ يەرى 2053 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. قوغۇن-تاۋۇز كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى يېزا چوڭ-يولىغا تۇتۇشىدۇ. بۇرۇن بۇ يەردىن يېقىلغۇ ئوتۇن كۆپ چىققانلىقتىن كىشىلەر ئوتۇن كولاشقا كەلگەندە ئىسسىق ھاۋادا ئىسلاپ كېتىپ ئۆلۈم خەۋپى تۇغۇلغان. شۇڭا «ئىسلىقدۆڭ» دەپ نام ئالغان.

1960-يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا بوز يەر مەيدان خەنزۇ دادۈي دەپ ئاتالغان. 1965-يىلى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق مەيدان قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتكە قاراشلىق قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدان 5-لىيەن دەپ ئاتالغان. 1978-يىلى بەشتوغراق كوممۇنا ئىسلىغ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى ئىسلىقدۆڭ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**سىياۋېشى كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى سىياۋېشى

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 2.1 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 185 ئائىلە، 697 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، 2100 مو تېرىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ. قوغۇن-تاۋۇز، بىدە كۆپ تېرىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى يېزا چوڭ تاشيولىغا تۇتىشىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە «سىياۋشى» دېگەن ئەسلى ئادەم ئىسمى بولۇپ، كەيكاۋۇس دېگەن

پادىشاھ خوتۇنىنىڭ يالغان گېپىگە ئىشىنىپ، ئوغلى سىياۋۇشنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن. ئوغلى سىياۋۇشى قېچىپ كېلىپ مۇشۇ يەردە ئۆلگەن ۋە دەپنە قىلىنغان. شۇڭا سىياۋۇشى دەپ نام ئالغان دېيىلىدۇ. بۇ يەردە سىياۋۇشىم دېگەن بىر مازار بولۇپ، تارىخى يىللاردىن بىرى يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان موقەددەس جاي ھېسابلىنىدۇ.

1960-يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا 3-باشقۇرۇش رايون بولغان①. 1965-يىلى قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدان 6-لىيەن بولغان. 1970-يىلى «شەرق قىزاردى» كوممۇنا 2-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1978-يىلى بەشتوغراق كوممۇنا قىزىلبايراقدۆڭ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى سىياۋۇشى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى سىياۋۇشى كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ئىلىقۇدۇق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى ئىلىقۇدۇقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 1.1 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 115 ئائىلە، 441 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1272 مو تېرىدىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، قوشۇمچە پاختا، مايلىقدان، بىدە تېرىلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى يېزا تاشيولىغا تۇتىشىدۇ.

«ئىلى» دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدا «بەلگۇ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەسلىدە بۇ يەر قۇمۇشلۇق جاڭگال بولغانلىقتىن چارۋىچىلار چارۋا سوغۇرۇدىغان قۇدۇق كولىغان ۋە قۇمۇش پاسىرىدا بەلگۇ قىلىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن «ئىلىقۇدۇق» دەپ نام ئالغان. كەنت بولغاندىن كېيىن يەنە شۇ نامنى ساقلاپ قالغان.

1960-يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدان 2-باشقۇرۇش رايون بولغان②. 1965-يىلى قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدان 7-لىيەن دەپ ئاتالغان. 1971-يىلى «شەرق قىزاردى» كوممۇنا 3-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1978-يىلى بەشتوغراق كوممۇنا يېڭى قۇدۇق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى ئىلىقۇدۇق دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى ئىلىقۇدۇق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**بوستانباغ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى بوستانباغدا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدىكى 0.85 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 107 ئائىلە، 471 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 2026 مو تېرىدىم يەرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، قوشۇمچە مايلىقدان، پاختا، قوغۇن-تاۋۇز، بىدە تېرىلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى پۈتۈن كەنتكە تۇتىشىدۇ.

ئەسلى بۇ يەر قويۇق ئۆسكەن توغراقلىق بولۇپ، 1960-يىلى ئادەم يۆتكەپ كەنت قىلغاندا مۇشۇ يەرنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىگە ئاساسەن بوستانباغ دەپ نام بەرگەن.

---

ئىزاھات ① سامپۇلنىڭ 3-باشقۇرۇش رايوندىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن.
② سامپۇلنىڭ 2-باشقۇرۇش رايوندىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن.

1960 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدان 2 ـ باشقۇرۇش رايون بولغان. 1965 ـ يىلى قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدان 7 ـ ليەن بولغان. 1971 ـ يىلى شەرق قىزاردى كوممۇنا 4 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1978 ـ يىلى بوستانباغ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى بوستانباغ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**چوڭيول كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى چوڭيولدا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 0.2 كىلومېتىر جايدا. بىر تەبىئىي كەنت، 84 ئائىلە، 312 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىدىم يېرى 1780 مو. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، قوشۇمچە مايلىقدان تېرىلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ. ئاددى تاشيولى باشقا كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ.

بۇ يەر ئەسلىدە ناھىيە بىلەن يېزىنى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭيول ئىدى. كەنت قۇرۇلغاندىن كېيىن چوڭيول نامىنى ساقلاپ قالغان.

**كادىردۆڭ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى كادىر دۆڭدە

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 1.7 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 102 ئائىلە، 434 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1406 مو تېرىدىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، قوشۇمچە پاختا، مايلىقدان، بىدە تېرىلىدۇ. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاددى تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

1960 ـ يىللاردا بۇ يەردىك كادىرلار دائىم موشۇ يەردىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يىغىن ئاچقانلىقتىن دېھقانلار «كادىردۆڭ» دەپ ئاتىغان كېيىن كەنت نامىغا ئايلانغان.

1960 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدان 4 ـ باشقۇرۇش رايون بولغان. 1965 ـ يىلى قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدان 8 ـ ليەن دەپ ئاتالغان. 1971 ـ يىلى «شەرق قىزاردى» كوممۇنا 6 ـ دادۈي دەپ ئاتالغان. 1978 ـ يىلى كادىردۆڭ دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى ئەسلىدىكى قۇرۇلۇش دادۈي بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كادىردۆڭ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**بەشتوغراق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئورنى بەشتوغراقتا.

ئورنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدىكى 3.9 كىلومېتىر جايدا. زېمىنى تەكشى، بىر تەبىئىي كەنت، 76 ئائىلە، 371 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1221 مو تېرىدىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، قوشۇمچە پاختا، مايلىقدان، بىدە تېرىلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئاددى تاشيولى ھەممە كەنتكە تۇتىشىدۇ.

بۇ يەر پۈتۈن بەشتوغراق يېزىسىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئورنى بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ بەش تۈپ توغراق قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى ھەم بۇ يەر لوپ بىلەن چىرا، كېرىيەگە بارىدىغان يول بويى بولۇپ، كىشىلەر لەڭگەر سېلىپ، ماكان تۇتقاندىن كېيىن بەشتوغراق دەپ نام ئالغان.

1960 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدان لەڭگەر دادۈي دەپ ئاتالغان. 1965 ـ يىلى قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدان 10 ـ ليەن دەپ ئاتالغان. 1971 ـ يىلى «شەرق قىزاردى» كوممۇنا 8 ـ دادۈي بولغان. 1978 ـ يىلى بەشتوغراق كوممۇنا 8 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى

بەشتوغراق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**باغئېرىق كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى باغئېرىقتا.

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 0.8 كىلومېتىر جايدا. بىر تەبىئىي كەنت، 90 ئائىلە، 390 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 700 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، قوشۇمچە مايلىقدان، پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ. بۇ يەر كەنت بولغاندىن كېيىنلا يەل يىمىش ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر باغچە شىپاۋدۇي قۇرۇلغان بولۇپ، مېۋىلىك دەرەخلەر يېتىشتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر ئېرىق ئېلىنغان. شۇڭا باغئېرىق دەپ نام بېرىلگەن. كەنت بولغاندىن كېيىن ئەسلى نامىنى ساقلاپ قالغان.

1960 ـ يىلى قىزىلبايراق كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدان 3 ـ باشقۇرۇش رايون بولغان. 1965 ـ يىلى قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدان 6 ـ ليەن بولغان. 1971 ـ يىلى «شەرق قىزاردى» كوممۇنا 2 ـ داdۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى باغئېرىق داdۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى باغئېرىق كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

**ياركوچا كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى ياركوچىدا

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 4.2 كىلومېتىر جايدا. بىر تەبىئىي كەنت، 92 ئائىلە، 288 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1226 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، قوشۇمچە مايلىقدان، پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار.

1961 ـ يىلى قىزىليۇلتۇز كوممۇناغا تەۋە بوز يەر مەيدان بولۇپ قۇرۇلغان. 1971 ـ يىلى قىزىليۇلتۇز كوممۇنا 16 ـ داdۇي بولغان. 1983 ـ يىلى بەشتوغراق كوممۇنا ياركوچا داdۇي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى ياركوچا كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

بۇ يەر بەشتوغراق ئۆستەڭنىڭ لىۋىگە جايلاشقان بولۇپ، ھەر يىلى كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ يارپېچىپ كېتىپ، يارلىققا ئايلانغان. كەنت قىلىنغاندىن كېيىن ياركوچا دەپ نام بېرىلگەن.

**توغراقدۆڭ كەنت كومىتېتى** تۇرۇشلۇق ئۇرنى توغراقدۆڭدە

ئۇرنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىدىكى 1.8 كىلومېتىر جايدا. بىر تەبىئىي كەنت، 139 ئائىلە، 725 نوپۇس بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. 1100 مو تېرىم يېرى بار. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 600 مو يايلاق بار.

بۇكەنتنىڭ ئەسلى ئۇرنى چوڭ توغراقلىق بولۇپ، قۇم دۆۋىسى كۆپ بولغاچقا توغراقدۆڭ دەپ نام ئالغان.

1961 ـ يىلى قىزىليۇلتۇز كوممۇنا بوز يەر مەيدان بولغان، 1971 ـ يىلى قىزىليۇلتۇز كوممۇنا 17 ـ داdۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى بەشتوغراق كوممۇناغا قوشۇلۇپ 11 ـ داdۇي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى توغراقدۆڭ كەنت كومىتېتى قۇرۇلغان.

# كەسپى تارماق ۋە ئورۇنناملىرى

# مۇھىم كەسپى تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئۆلچەملىك نامى

## لوپ ناھىيىلىك سۈپەتلىك ئورۇقچىلىق مەيدان

ئورنى ناھىيە شەھىرىنىڭ 12 كىلومېتر شىمالىدا بولۇپ، دول يېزىسىنىڭ راخمانپۇر كەنتىگە جايلاشقان. كۆلىمى 2300 مو، تېرىلغۇ يېرى 800مو، (بۇنىڭدىن ئورۇقچىلىق يېرى 400مو) قۇمساز زەيلىك تۇپراق، ھاۋاسى قۇرغاق. قۇم بوران كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 34.5 مىللىمېتر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن.

بۇ يەر ئەسلىدە چۆل باياۋانلىق بولۇپ، پارچە-پۇرات قۇم دۆڭلىرى بارئىدى. ئاز ساندا تېرىلغۇ يەرلىرى بارئىدى. 1959-يىلى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بۇ يەردە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرغان. 1960-يىلى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدانى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1962-يىلى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدانى كۆچۈپ كېتىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلار مەيدانى قۇرۇلغان. 1964-يىلى كادىرلار مەيدانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1965-يىلى 2-ئايدا سۈپەتلىك ئورۇقچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان. قۇرۇلۇش كۆلىمى 2718 كۋادرات مېتر. نوپۇسى 238، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 68 نەپەر (ياردەمچى ئاگرونوم ئىككى نەپەر، تېخنىك خادىم ئىككى نەپەر)، بۇنىڭدىن خەنزۇ 36 نەپەر، ئۇيغۇر 32 نەپەر.

ھازىر بار دېھقانچىلىق ماشىنا، سايمان ئۈسكۈنىلىرى: 74 تىپلىق زەنجىرتاپان تراكتور بىر «دوڭ فاڭخوڭ» 28 تىپلىق تراكتور ئىككى، قول تراكتورى ئىككى، ئورۇق تاللاش ماشىنىسى بىر، شۇنىڭدەك يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن تراكتور دېھقانچىلىق سايمانلىرى بار. توك بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە، ناھىيىمىزنىڭ يۇقىرى بېسىملىق توك سىم يولى بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا يەنە ئۆزىنىڭ 80 كىلوۋاتلىق بىرگېنېراتورى بار. ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن ئىككىسى بولۇپ ئۈسكۈنىلىرى تولۇق.

بۇ مەيداننىڭ مەركىزى ۋەزىپىسى-پۈتۈن ناھىيىگە سۈپەتلىك ئورۇق يېتىشتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت. مەيدان قۇرۇلغاندىن بۇيان سۈپەتلىك ئورۇق كەلتۈرۈش، يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە زور خىزمەتلەر ئىشلەندى. كۈزگە بۇغداي سورتلىرىدىن «يەندا 1817»، «1885 نومۇرلوق»، «خۋابى 187-نومۇرلوق»، «بېيجىڭ 11-نومۇرلۇق» لارنى كەلتۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتتى، 1965-يىلدىن باشلاپ بۇغداينىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەپ، يەتتە-سەككىز يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق «لوپ 1-نومۇرلۇق» سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ مەيداندا يېتىشتۈرۈلگەن «قىزىل قاسىراقلىق» بۇغداي سورتى ئاساسلىق سورتلىرىدىن بولۇپ قالدى. سىرتقى جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن چاغلى 5-نومۇرغا سېلىشتۇرغاندا مەھسۇلاتى يىللاردىكىدىن 30 پىرسەنتتىن كۆپرەك ئاشتى. يازغا بۇغداي تېرىشتا قەشقەر ئاق پوستلۇقىدىن

پايدىلىنىپ، سىلوس ”24 ـ 65 “نى ئانىلىق قىلىپ، بالدۇر پىشار، كېيىن پىشار سورت يېتىشتۈرۈپ، ئانىلىق قىلغانغا قارىغاندا مەھسۇلاتنى 20 پىرسەنتتىن كۆپرەك ئاشۇردى. 1984 ـ يىلى ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن يازغا بۇغدايىنىڭ بالدۇر پىشار سورتىنى تېرىپ، بىرلىكىنى 367.8 جىڭغا يەتكۈزدى.

قوناق سورتى جەھەتتە، باشقا جايدىن كەلتۈرگەن ئەسلى ئۇرۇقنى ۋە يېتىشتۈرگەن شالغۇت ئۇرۇق «ۋىر 42.156» قاتارلىق سورتلارنى ئاساس قىلىپ تېرىپ، بىرلىكىنى ئەسلى سورتتىن 20 پىرسەنت ئاشۇردى. بۇ مەيدان سىرتتىن سۈپەتلىك ئۇرۇق كەلتۈرۈش ۋە يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن 1974 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە مەھسۇلات يىلىغا 1 مىليون 200 مىڭ جىڭدىن ئېشىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ مەيدان ئۇرۇقلۇق چوشقا ۋە گۆش چوشقىسى بېقىش خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. قوتاندىكى چوشقىسى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1000 ــ 800 تۇياقچە بولۇپ كەلدى. 1981 ـ يىلدىن بۇيان دۆلەتكە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 60 مىڭ جىڭچە (تىرىك چوشقا ئېغىرلىقى بويىچە ھېسابلىغاندا) چوشقا گۆشى بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. بۇ مەيداننىڭ 1985 ـ يىلى ئىشلەپچىقارغان ئۇرۇقلۇق ئاشلىقى 116 مىڭ جىڭ، قوتاندىكى چوشقىسى 790 تۇياق، 1985 ـ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 150 مىڭ يۈەن.

**لوپ ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدان**

لوپ ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانى دول يېزىسىنىڭ شىمالى ئۇچىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ شەرقى شىمالى تەكلىماكان چۆل ياقىسىغا تۇتىشىدۇ. ناھىيە شەھىرى بىلەن بولغان تۈز ئارىلىقى 17 كىلومېتىر.

ھازىرقى ئومۇمىي كۆلىمى 2200 مو، قورۇلۇش كۆلىمى 1400 كۋادرات مېتىر، ئورمان كۆلىمى 1800مو، تەبىئىي توغراقلىق 400مو، باغ كۆلىمى 100مو، كۆچەت كۆلىمى 100مو، دېھقانچىلىق ئېتىز كۆلىمى 200مو، پۈتۈن مەيداننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 190، بونىڭدىن ئىشچى، خىزمەتچى 38 نەپەر، (بونىڭ ئىچىدە ياردەمچى باغۋەن 1 نەپەر)

بۇ مەيداننىڭ ئورنىدا ئەسلىدە 400 مو كېلىدىغان تەبىئىي توغداقلىق بارئىدى، يېرى چۆل ياقىسى بولغاچقا بوران ۋە قۇمدىن مۇداپىئەلىنىشتە مەلۇم رولى بارئىدى. ئورماننى موھاپىزەت قىلىش، قورۇلۇش ماتېرىياللىرىنى يەنىمو تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن 1960 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق بۇ يەردە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى ئورمان سېلىش، قورۇلۇش ئورمىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى، 20 نەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىسىدا ھازىر 2200 مولۇق ئورمانزارلىققا ئايلاندى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان سۈنئىي يول بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن ئورمان 1400 مو، ئەسلىدىكى 400 مولۇق تەبىئىي توغراقلىقنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 300 مىڭ تۈپتىن ئارتوق ئورمان يېتىشتۈرۈلدى، بولۇپمۇ 1977 ـ يىلدىن كېيىن كۆچەت يېتىشتۈرۈش سۈرئىتى تېز بولۇپ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەريىلىغا 20 مىڭ تۈپتىن توغرا كېلىدۇ، 20 يىلدىن بۇيان دۆلەتكە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ جۇغلانما يىغدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەتنىڭ سېلىقنى يەڭگىللىتىش، ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى

تېزلىتىش ئۈچۈن، ئۆزكۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاشلىقتا ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى كېڭەيتتى. (100 مولۇق مېۋىلىك باغ تەرەققىي قىلدۇردى. 200 تۇياق چارۋا باقتى)

هازىر بار بولغان ماشىنىلىرى: 55 ئات كۈچىگە ئىگە تراكتور، "شەرق قىزاردى" ماركىلىق 28 ئات كۈچىگە ئىگە تراكتور ئالتە، توپا تۇرتۇش ماشىنىسى بىر، 54 رىلىسلىق تىراكتور بىر، تاپ ئېچىش ماشىنىسى بىر، يۇقىرى بېسىملىق يۇقىرىغا پۈركەيدىغان دورا چېچىش ماشىنىسى بىر.

## لوپ ناهىيىلىك كۆچەتخانا

لوپ ناهىيىلىك كۆچەتخانا-لوپ ناهىيە شەھىرىنىڭ غەربىدىكى بۇيا يېزىسىغا جايلاشقان. ناهىيە شەھىرى بىلەن تۈز ئارىلىقى 17 كىلومېتىر، كۆچەتخانىنىڭ ئومۇمى كۆلىمى 280 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1125 كۋادرات مېتىر، هازىرقى كۆچەت يېتىشتۈرىدىغان يېرى 200 مو، بۇ كۆچەتخانا ناهىيە قارمىقىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانچىلىق كۆچەت بازىسى بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر بۇ يەرنى «ئېگىز بوستان» دەپ ئاتىشىدۇ. يەر شارائىتىدىن ئېيتقاندا يەر زېمىنى ھەم ئېگىز ھەم بۇرۇنمو دەرەخلىك بوستانلىق جاي بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

هازىر 33 نەپەر ئىشچى — خىزمەتچى بار. بۇلاردىن خەنزۇ 2 كىشى، (1 نەپەر باغۋەن، 1 نەپەر تېخنىك بار.) كۆچەتخانا 1956-يىلى 10-ئايدا قۇرۇلغان. ئازاتلىقنىڭ دەسلىپىدە بۇجايدا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بوز يەر ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىش قىلغان. 1954-يىلى ھەربىي قىسىم كېتىپ قالغاچقا ناهىيە باشقۇرغان. 1956-يىلى 10-ئايدا ئەسلىدىكى بار ئاساستا كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئاساس قىلىنغان كۆچەتخانا قۇرۇلغان. 20 نەچچە يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا بۇ يەرلوپ ناهىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش بازىسى بولۇپ قالدى ۋە شىنجاڭ تېرىكى، چىنار قاتارلىق 10 نەچچە خىل كۆچەت قوبۇل قىلىپ يېتىشتۈرۈلدى. 1958-يىلى كۆچەت سېتىشقا باشلاپ تاكى "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" غىچە ھەريىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 70 مىڭ تۈپ ھەرخىل كۆچەت سېتىلاتتى. 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن تېخىمۇ زورتەرەققىي قىلدى، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ھەريىلى ناهىيە ئىچىگە ۋە چەت ناهىيىلەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 250 مىڭ تۈپتىن 300 مىڭ تۈپكىچە كۆچەت تەمىنلەپ بەردى. پۈتۈن ناهىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە يېزىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، باشقا ناهىيە ۋە قېرىنداش ئورۇنلارنىڭ كۆچەت ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى.

1979-يىلدىن باشلاپ ھەرقايسى كەنتلەردىمۇ ئورمانچىلىق كۆچەتخانىلىرى قۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، تېخنىكا ۋە ماددى كۈچ جەھەتتە ياردەم بەردى. هازىر ناهىيە بويىچە 3 دەرىجىلىك كۆچەتخانا (يەنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، چوڭ كوللېكتىپ ۋەكىچىك كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدىكى) لار قۇرۇلدى. 1982-يىلدىن باشلاپ مۇشۇ 3 دەرىجىلىك كۆچەتخانا ھەريىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىليون تۈپ ئەتراپىدا كۆچەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇلار لوپ ناهىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئېتىز-ئېرىقلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى مۇددەتتىن بىريىل بۇرۇن

ئىشقا ئاشۇرۇشقا زور تۆھپە قوشتى.

ھازىر نورمال ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرىدىن باشقا، يېقىندا يەنە يۇقىرى بېسىملىق دورا پۈركۈش ماشىنىسى سېتىۋالدى، بۇلار ئورمانلارنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى زىيانداش قۇرت-ھاشارەتلەردىن مۇداپىئەلىنىشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

## لوپ ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى

لوپ ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى-ناھىيە شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ھاڭگىي يولىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. ناھىيە شەھىرىگە بولغان تۈز ئارىلىقى 1.3 كىلومېتىر، ئىدارىنىڭ ئۆزى ئىگەللىگەن كۆلىمى 33 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2771 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ كۆلىمى 16.7 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 984 كۋادرات مېتىر. سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى 1974-يىلى قۇرۇلغان. ئۇ چاغدا لوپ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سۇ ئىدارىسى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا (1955-يىلى قۇرۇلغان) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سۇ بۆلۈمى ئىدى. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" دىن بۇرۇن ۋە كېيىن دېھقانچىلىق ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىشلىرى مۇلازىمەت پونكىتى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ سۇ ئىشلىرى گورۇپپىسى، سۇ باشقۇرۇش پونكىتى دەپ ئاتىلاتتى. 1973-يىلى لوپ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ھازىرقى ئورنىغا قۇرۇلۇش سېلىپ ماكانلىشىپ، مۇستەقىل ئورۇن بولۇپ قۇرۇلدى. 1979-يىلى رەسمىي ھالدا ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

ھازىر 241 ئىشچى-خىزمەتچى (ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار. ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر 187 كىشى، خەنزۇ 54 كىشى، ھازىر بىر نەپەر ئىنژېنېر، 5 نەپەر ياردەمچى ئىنژېنېر، 18 نەپەر تېخنىك بار.

سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا قارىكۆل سۇ ئامبىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى، باش زاكۇ سۇ باشقۇرۇش پونكىتى، يۇرۇڭقاش دەريا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قوماندانلىق شتابى، سۇ ئېلېكتىر باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق 4 ئورۇن بار. بۇ ئورۇنلار سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە قارايدۇ. ئىدارىنىڭ ئۆزىدە ئىشخانا، ئۆلچەش-لايىھەلەش بۆلۈمى، سۇ باشقۇرۇش بۆلۈمى ۋە قۇرۇلۇش ئەترىتى بار.

بۇ ئىدارە پۈتۈن ناھىيىنىڭ سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىش، سۇ قۇرۇلۇشىنى ئۆلچەش-لايىھەلەش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە.

## لوپ ناھىيىلىك قارايانتاق سۇ ئېلېكتىر پونكىتى

بۇرۇنقى نامى باش ئۆستەڭ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى.

لوپ ناھىيە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، سامپۇل يېزىسىنىڭ قارايانتاق كەنتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، 1984-يىلى "قارايانتاق" سۇ ئېلېكتىر پونكىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە شەھىرى بىلەن تۈز ئارىلىقى 25 كىلومېتىر. پونكىت كۆلىمى 3600 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 900 كۋادرات مېتىر. 40 نەپەر ئىشچى، خىزمەتچىسى بار. ئۇيغۇر 38 كىشى، خەنزۇ ئىككى كىشى، بۇ پونكىت ئىككى دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتىر پونكىتى بولۇپ، 1-پونكىت 1974-يىلى قۇرۇلغان، 1975-

يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. 2-پونكىت 1977-يىلى قۇرۇلۇپ، 1978-يىلى توك ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى 120 مېتىر، ھەر ئىككىسىنىڭ ماشىنا قۇراشتۇرۇلۇشى ئوخشايدۇ. يەنى 75 × 4 كىلوۋات، ماتورى 4، ئىككى پونكىتتا جەمئىي 8 ماتور بار. ماشىنىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 600 كىلوۋات، يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 2 مىليون كىلوۋات لايىھەلەنگەن، يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ئارقىلىق ئۆتۈپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئېلېكتىر چىراغلىرىنى يورۇتۇش ۋە دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە كىتەرلىك توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 250 مىڭ يۈەن.

بۇ پونكىت مەمۇرى كەسپى جەھەتتە ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، كارخانا ئورۇن ھېسابىدا موستەقىل ھېسابات قىلىدۇ.

بۇ پونكىتتا قاتناش ماشىنىسى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى بار. 20 سۇڭلۇق رەڭلىك تېلېۋىزوردىن بىرسى، 16 مىللىمېتىرلىق كىنو ئاپاراتىدىن بىرسى بار.

**لوپ ناھىيىلىك قىرقاش سۇ ئېلېكتىر پونكىتى**

ئەسلى نامى "دوڭفاڭخوڭ" (شەرق قىزاردى) سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، بۇ ئىستانسا لوپ بازارنىڭ قىرقاش كەنتىگە سېلىنغانلىقتىن "قىرقاش" سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى دەپ ئاتالغان.

ئورنى ناھىيە شەھىرىنىڭ غەربىگە، لوپ بازارنىڭ قىرقاش كەنتىگە جايلاشقان. ناھىيە شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 5 كىلومېتىر. ئىگەللىگەن يەركۆلىمى 1800 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 400 كۋادرات مېتىر. 25 كىلوۋاتلىق، 55 كىلوۋاتلىق ۋە 75 كىلوۋاتلىق 3 ماشىنا بار. ئومۇمىي ماشىنا سىغىمچانلىقى 205 كىلوۋات. ھازىر نەخ بار ئىشچى-خىزمەتچىسى 12، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر 11 كىشى، خەنزۇ بىر كىشى.

بۇ ئىستانسا 1970-يىلى قۇرۇلۇپ، 1971-يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. 1975-يىلى قارايانتاق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ماڭدۇرغان. ھەريىلى 3-5-ئايغىچە، 10-12-ئايغىچە ئىشلىمەيدۇ، يىللىق ئەمەلى ئىشلىشى 7 ئاي بولىدۇ. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 60 مىڭ 250 يۈەن.

بۇ ئىستانسا 1975-يىلى قارايانتاق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بىلەن قوشۇلۇپ ماڭدۇرۇلغاندىن كېيىن مەمۇرى، كەسپى، مالىيە ئىشلىرى جەھەتتە قارايانتاق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلدى.

**لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇتى**

لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇتى ناھىيە شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى خاڭگي يولىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ئىگەللىگەن يەركۆلىمى 51 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3599 كۋادرات مېتىر.

زاۋۇت 1964-يىلى قۇرۇلغاندا لوپ ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ چاغدا 21 ھەرخىل تىپتىكى ئارىلاش تراكتور ۋە 74 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بار ئىدى. خىزمەت قىلىش

ئوبىكتى يېزا خەلق كوممۇنالىرى ئىدى.

1970 ـ يىلى ھەرقايسى كوممۇنالاردا ئارقا ـ ئارقىدىن تراكتور باشقۇرۇش پونكىتلىرى ۋە ماشىنا تېرىقچىلىق ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىدىكى بارلىق تراكتور، ماشىنىلار يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى ۋە ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەرقايسى كوممۇنالارغا تارقىتىۋېتىلدى.

1971 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى ئاساسىدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ياساش زاۋۇتى قۇرۇلدى. ھازىر 790 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈك، 169 مىڭ يۈەنلىك تۇراقسىز مەبلەغ بار. ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 48 نەپەر، (1 نەپەر ئىنژېنېر، 4 نەپەر ياردەمچى بوغالتىر بار). پۈتۈن زاۋۇت تراكتور رېمونتچىلىق سېخى، سوغۇق يەمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش سېخى، رېمونتچىلىق دۇكىنى قاتارلىق 4 چوڭ سېختا ئايرىلغان، جابدۇقلىرى جەھەتتە سۇ ئۆلچەش ماشىنىسى، سۇ بېسىمىنى تەكشۈرۈش بوتكىسى، ئېلېكتىر سايمانلىرىنى تەك ـ شۈرۈش بوتكىسى بار.

ھازىر بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇرۇن پەقەت ئادەتتىكى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنىلا رېمونت قىلالايتتى ۋە ياسىيالايتتى. ھازىر ئوتتۇ ـ را تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلالايدىغان ۋە ياسىيالايدىغان بولدى. ھازىر ھەرخىل تىپتىكى تراكتور ماشىنىلارنى چوڭ رېمونت قىلىشتىن باشقا يەنە بۇغداي، قوناق دانلىرىنى ئايرىش ماشىنىلىرى، ئوتتۇرا تىپلىق سېيالكا، 3 توننىدىن تۆۋەن بولغان ھەرخىل سۆرىگۈچى ماشىنا ۋە كىران ماشىنىلىرى (جۈملىدىن 1 توننىلىق سۆرىگۈچى ماشىنىلارنى تۈركۈملەپ ئىشلەپ ـ چىقىرالايدۇ.) ۋە ھەرخىل تىپتىكى ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساپ چىقالايدۇ ۋە ھەرخىل ماشىنىلارنىڭ نازۇك زاپچاسلىرىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلالايدۇ. بۇ زاۋۇت خېرىدارلارغا ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك مەھسۇلات بويۇملىرىنى ئاۋۇتتى. دەرس ئۈستەلى، ئىشىك دېرىزى ـ لەرنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدى. ئۇندىن باشقا سۇ تۇرۇبىلىرى ۋە پار تۇرۇببا جابدۇقلىرىنى قۇراشتۇرالايدىغان بولدى.

**لوپ ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى**

لوپ ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى 3 كىلومېتىر جايغا، يەنى ماڭ ـ يا دۆلەت موداپىئە، تاشيولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. زاۋۇتنىڭ ئارقا تەرىپى قارا كۆل سۇ ئامبىرىغا، شەرقى سايغا تۇتىشىدۇ. يەركۆلىمى 50 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا ئورۇن.

بۇ زاۋۇت دەسلەپتە 1972 ـ يىلى ناۋا يېزىسىنىڭ قاراقىر كەنتىدە (يەنى لوپ ناھىيە باش ئۆستەڭنىڭ 2 ـ زاكۇسى جايلاشقان يەردە) قۇرۇلغان ئىدى. 1974 ـ يىلى ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەپ كېڭەيتىپ قۇرۇلغان، 1977 ـ يىلى رەسمى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. ئۇ چاغدا ئىشلەپ ـ چىقىرىدىغان سېمونت 3 مىڭ توننا ئىدى. 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئۆلچەگەندىن كېيىن كېڭەيتىپ قۇرغان. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 20

مىلى تونۇنا پىلانلانغان.

ھازىر 235 ئىشچى-خىزمەتچى بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 185 كىشى، خەنزۇ 50 كىشى، پۈتۈن زاۋۇت ھازىر زاۋۇت بىلەن سېختىن ئىبارەت 2 دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدا تاش پارچىلاش، تىك خۇمدان، ماشىنا رېمونت قىلىش، كان ئېچىش قاتارلىق سېخلار بار. ئۇندىن باشقا زاۋۇت ئىشخانىسى، مالىيە بوغالتىر ئىشخانىسى، تەمىنلەش، سېتىش بۆلۈمى، يۆتكەش ئىشخانىسى، لابىراتورىيە بۆلۈم ۋە ماشىنا ئەترىدى بار. ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن 950×300 ⊖ مىللىمېتىرلىق شار بىلەن يۇمشۇتۇش ماشىنىسى ئۈچ، Φ1.2×4.5 مېتىرلىق ئادەتتىكى تىك خۇمدان ئۈچ، 1.7×7 ⊖ مېتىرلىق ماشىنىلاشقان تىك خۇمدان بىر، 1.5×5 ⊖ مېتىرلىق شار بىلەن يۇمشۇتۇش ماشىنىسى بىر، ۋە باشقا ئۈسكۈنىلىرى بار. لابىراتورىيەدە ھەر-خىل ئادەتتىكى ئاپاراتلىرى بار.

زاۋۇتقا كىتەرلىك خام ئەشيالار: ئاھاك، گەنجى، قىزىل سېغىز، رودا تاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ئاچچىق تاغ كان رايونىدىن چىقىدۇ. ئۇ يەر بىلەن زاۋۇتنىڭ ئارىلىقى 12 — 25 كىلومېتىر، تۆمۈركان چىرا ناھىيە نۇرى يېزىسىنىڭ يامۇن كان رايونى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇ يەرنىڭ زاۋۇت بىلەن ئارىلىقى 170 كىلومېتىر، يېقىلغۇ ماتېرىيالى دۇئا كۆمۈركانىدىن ئەكەلدۇرۈلىدۇ، ئۇ يەرنىڭ زاۋۇت بىلەن ئارىلىقى 160 كىلومېتىر، ھازىر 500-نومۇرلۇق سېمونت ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتنى پەيدىن-پەي ياخشىلاش ئۈچۈن ھازىر ناھىيە شەھىرى ئىچىدە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ياتىقى (بىر قىسمى) سېلىنىۋاتىدۇ. ئىشقا چۈشۈش، ئىشتىن چۈشۈش ۋاختىدا مەخسۇس ماشىنا قاتنايدۇ.

## لوپ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى

ئورنى ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى سامپۇل يولىنىڭ شىمالي تەرىپىگە جايلاشقان. بۇ پونكىت 1954-يىلى 4-ئايدا قۇرۇلغان، ھازىر 69 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 55 نەپەر، خەنزۇ 14 نەپەر، 5 بۆلۈمچە تەسىس قىلىنغان. يەركۆلىمى 24 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3060 كۋادرات مېتىر، ھەر خىل ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، ”شەرق شامىلى“ ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن بىرسى، قول تراكتۇردىن بىرسى بار.

1978-يىلدىن 1983-يىلغىچە دېھقانچىلىق يېڭى تېخنىكىسىدىن 25 تۈرلۈكنى (زىرائەت ئۆستۈرۈش، ئۆسۈملۈك ئاسراش، پىلە ئۈژمىچىلىك ئىشلەپچىقىرىش، تۇپراقنى ياخشىلاش قاتارلىق) كېڭەيتىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى رىۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم تۆھپە قوشتى.

## لوپ ناھىيىلىك ھاۋا رايى پونكىتى

لوپ ناھىيىلىك ھاۋا رايى پونكىتى ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا، سامپۇل يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. يەرلىك خەلقلەر بۇ يەرنى كۆلبېشى دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ شەرقي جەنۇبى ماك-يا دۆلەت موداپىئە تاشيولىغا تۇتۇشىدۇ. يەركۆلىمى 16 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 466.5

كۋادرات مېتىر، كۆزىتىش مەيدانىنىڭ كۆلىمى 625 كوۋادىرات مېتىر،
بۇ پونكىت 1959 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، 1961 ـ يىلى ئورگانلارنى ئىخچاملاشتۇرۇشتا قىسقارتىلغان. 1966 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ھازىرقى ئورنىدىن يەر ئىگەللەپ قۇرۇلۇش قىلىغان. ھازىر 7 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 5 كىشى، خەنزۇ 2 كىشى، بۇ پونكىت پۈتۈن ناھىيىنىڭ ھاۋا رايىنى تەكشۈرۈش، ھاۋا رايىنى ئالدىن ئۆلچەش، ھاۋا رايى ماتېرىياللىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان. ھازىرئۆي سىرتىدا شامال ئۆلچەش ئەسۋاپى، چوڭ بوتكا، يەرتېرمومېتىرى، تېرمومېتىر، جىڭ قاچى (يەرتىمپېراتورىسىنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئۆلچەش ئەسۋابى)، كۈن نۇرىنى ئۆلچەش ئەسۋابى بار. ئۆي ئىچىدە ئىشلىتىدىغان جابدۇقلاردىن بارومېتىر، توك ئۇلانغان شامالنىڭ يۆنىلىشى ۋە سۈرئىتىنى ئۆلچىگۈچى ئەسۋاب قاتارلىقلار بار. شامال يۆنىلىشى، شامال سۈرئىتى، ھاۋا تېمپېراتورىسى، يەر نەملىكى، يامغۇر مىقدارى، ھاۋانىڭ قۇرۇق نەملىكى، قارجۇغلانمىسنىڭ قېلىنلىقى قاتارلىقلارنى قارارلىق كۆزىتىدۇ. ۋە 3 ـــ DS تىپتىكى يەرتەۋرەشنى بايقاش ئەسۋابىدىن پايدىلىنىپ، ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىغا ماسلىشىپ يەرتەۋرەش ئەھۋالىنى كۆزىتىدۇ. بۇ پونكىت مەلۇم دائىرە ئىچىدىكى ھاۋا رايى ئەھۋالىنىڭ ئۆزگۈرۈشىنى سىستېمىلىق كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش ئېلىپ بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ ھاۋا رايىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات يۈرگۈزۈش ئۈچۈن مەلۇم قىممىتى بار ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتا رۇشەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بولدى.

## لوپ ناھىيىلىك خەلق مەدەنىيەت يۇرتى

ئورنى ناھىيە شەھىرىدىكى ھاڭگى يولىنىڭ شەرقى تەرىپىگە جايلاشقان. يەركۆلىمى 14.2 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 26. 1375 كوۋادرات مېتىر، ئاساسى بىنا ۋە مەدەنى كۆڭۈل ئېچىش ئىمارەت ئىككى بۆلۈمگە ئايرىلغان. ئاساسى بىنا سېمونت قۇرۇلما بولۇپ، ئىچى ئازادە ۋە يورۇق، سىرتقى كۆرۈنۈشى چىرايلىق. بىنانىڭ ئالدى ۋە يان تەرىپىگە گۈللۈك فونتان ياسالغان. كوچىغا قارىتىلغان تەرىپىگە كۆرگەزمە جازىلىرى ۋە گۈللۈك تام ياسالغان. بىنا ئىچىدە ئىككى ئېغىزلىق كۇتۇپخانا بولۇپ، 100 كىشى سىغىدۇ؛ كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، گۈزەل ـ سەنئەت بويۇملىرى كۆرگەزمەخانىسى، پىنسىيىگە چىققان ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى بىر ئېغىزدىن بولۇپ، باشقا قوشۇمچە ئۈسكۈنىلىرىمۇ بار. ھازىر بار ئىشچى خىزمەتچى 10 نەپەر. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر توققۇز نەپەر، خەنزۇ بىر نەپەر.

بۇ مەدەنىيەت يۇرتى 1951 ـ يىلى قۇرۇلغان. 1965 ـ يىلى كېڭەيتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئورنىنى يۆتكەپ يېڭىدىن سالغان. مەدەنىيەت يۇرتى ۋە كۇتۇپخانا 2 قىسمى ئايرىم سېلىنغان بولۇپ، يەنىلا مەدەنىيەت يۇرتى دەپ ئاتىلىدۇ. نۆۋەتتە ھەرخىل گېزىت ژورنال (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) دىن 313 تۈر، 430 نۇسخە بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرچىسى 16 خىل، 46 نۇسخا، خەنزۇچىسى 23 خىل، 26 نۇسخا، مەدەنى تەنتەربىيە بويۇملىرىدىن كالاكچور، پەي توپ، تىك تاك توپ، ھەرتۈرلۈك شاھمات، دامكا قاتارلىقلار بار. 24 سۇڭلوق رەڭلىك تېلېۋىزورئىككى، سۈرەت تارتىش ئاپاراتى،

سۈرەت يۇيۇش ئۇسكۇنىلىرى، سىنئالغۇدىن بىردىن بار.

بۇ مەدەنىيەت يۇرتى ناھىيە شەھىرى ۋە شەھەر ئەتراپى خەلقىنىڭ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىدىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق مەيدانى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. كۈنلىكى مەدەنىيەت يۇرتىغا كېلىپ ھەرخىل مەدەنى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغانلار 100 ئادەم قېتىمدىن يۇقىرى.

مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قارمىقىدا 9 يېزىدا 9 مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلغان. 1-2 گىچە خىزمەتچى خادىملىرى بار. ھەرخىل گېزىت، كىتاپ، ژورناللىرى 250 خىل، 10 مىڭدىن ئارتۇق. مەدەنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش سايمانلىرى كۆپخىل، ھەرقايىسى پونكىتلاردا تىلۋىزور بار بولۇپ، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا مەلۇم شارائىت يارىتىپ بېرىلگەن.

**لوپ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى**

لوپ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى بوشقان يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شەرق ۋە غەرب ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. شەرق قورۇسى داۋالاش رايونى، غەربى قورۇسى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆي ئولتۇرۇق رايونى بولۇپ، ئىككى قورۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 80 مو.

بۇ دوختۇرخانا 1951-يىلى قۇرۇلغان. ئۇ چاغدا لوپ ناھىيىلىك شىپاخانا دەپ ئاتىلاتتى. پەقەت 5 نەپەر خادىمى بولۇپ، كەسپى جەھەتتە ئامبۇلاتورىيەدە داۋالاش بىلەنلا چەكلىنەتتى. 1955-يىلى 15 كارۋاتلىق بىر بالنىس سالدى. 1958-يىلى لوپ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

ھازىر ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 6 مىڭ كۋادرات مېترغا يېتىپ، ھەرقايىسى بۆلۈم ئىشخانىلىرى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتتى. ئورۇنلىشىشى مۇۋاپىق، مەنزىرىسى كۆركەم. ئۆيلىرى ئازادە ھەم يورۇق، ھويلىسىنىڭ تۆت ئەتراپى گۈل چىمەنزارلىق بولۇپ، چوڭ-كىچىك يوللىرى خۇددى تاناپ تارتقاندەك، يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆستۈرۈلگەن ياپ-يېشىل سۆگەت بويلاملىرى كىشىگە زوق، ھەۋەس بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خادىملار ۋە جاھازلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىشى تۈپەيلىدىن ھازىر تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن بىر داۋالاش ئورگىنى بولۇپ قالدى.

ھازىر 116 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بار (بۇنىڭدىن دوختۇر 92 كىشى بولۇپ، پۈتۈن ئىشچى-خىزمەتچى ئومۇمىي سانىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.) خەنزۇ 56 كىشى، ئۇيغۇر 55 كىشى، خۇيزۇ بەش كىشى،

ئامبولاتورىيە بۆلۈمى تۆۋەندىكى بۆلۈم، ئاياللار بۆلۈم، باللار بۆلۈم، ئىچكى كېسەللەر بۆلۈم، چىش بۆلۈمى، لابىراتورىيە، رىنتېگىن بۆلۈم، فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈملىرىگە ئايرىلغان. بالنىس-ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈم، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈم، باللار بۆلۈم، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈم، تۇغۇتقا ياردەم بېرىش بۆلۈمى قاتارلىق ياتقۇزۇپ داۋالاش بۆلۈملىرىگە ئايرىلغان ۋە ئوپېراتسىيەخانا، دورا ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈم، تەمىنات بۆلۈم، بالنىس باشقارمىسى،

مەركىزى دوراخانا، دېزىنفېكسىيە قىلىپ يۇيۇش بۆلۈم، ئاشخانا، كۇتۇپخانا قاتارلىقلارغا ئايرىلغان. 120 كېسەل كارۋىتى بار.

دائىملىق داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىدىن باشقا ئونىۋېرسال چىش داۋالاش بوتكىسى، چوڭ ۋە ئوتتۇرا نۇرئۆتكۈزگۈچ ماشىنا بىردىن. يۈرەك ئېلېكترو كاردىئوگرامما ئەسۋابى، B تىپلىق ۋە A تىپلىق ئولتۇرا ئاۋاز دولقۇنلۇق دىئاگنوز ئەسۋابى، قىسقا دولقۇنلۇق داۋالاش ئەسۋابى، مىكرودولقۇنلۇق داۋالاش ئەسۋابى، ئوتتۇرا ئاۋاز دولقۇنلۇق داۋالاش ئەسۋابى، ئولتۇرا-بىئولېت نۇرى ئارقىلىق داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بار.

لابوراتورىيەدە ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلاردىن باشقا يەنە ئونمىڭدىن بىرلىك ئانالىز تارازىسى، ئېنىق كۆرسەتكۈچى مىكروسكوپ ئىككى، توك بىلەن توڭلىتىش ساندۇقى، تۇراقلىق تېمپېراتۇرا ساندۇقى، قۇرۇتۇش ساندۇقى قاتارلىق ئىلغار جابدۇقلارمۇ بار.

بۇ دوختۇرخانا ناھىيە بويىچە شەھەر يېزىلاردىكى 160 مىڭدىن ئارتۇق خەلقنى داۋالاش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان. داۋالاش مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئامبولاتورىيەدە ۋە بالنىستا ياتقۇزۇپ داۋالايدىغان ئادەم قېتىم سانى يىلمۇ-يىل ئاشماقتا. 1979-يىلى ئامبولاتورىيەدە 30 مىڭ ئادەم قېتىم داۋالىنغان. بالنىستا 863 ئادەم قېتىم داۋالىنغان. بولۇپمۇ يېڭى دوختۇرخانا كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئامبولاتورىيە ۋە بالنىستا داۋالانغانلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيدى. 1985-يىلى ئامبولاتورىيەدە داۋالانغانلار 40 مىڭ ئادەم قېتىمغا، بالنىستا يېتىپ داۋالانغانلار 2900 ئادەم قېتىمغا يەتتى. ھەممە كۆپ پونكىتسىيەلىك فىزىكىلىق داۋالاش، تەكشۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققى قىلدۇردى.

باشقۇرۇش تۈزۈمى كۈچەيتىلىپ، داۋالاش مۇلازىمەت سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، بۇ دوختورخانا ئۇدا ئىككى يىل ۋىلايەت ۋە ناھىيە بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك سەھىيە تارماقلىرىنىڭ ۋىلايەت ۋە ناھىيىنىڭ موكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

## لوپ ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى

لوپ ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا-بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى بوشقان يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. يەر كۆلىمى 12 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2061 كۋادرات مېتىر.

بۇ پونكىت 1973-يىلى رەسمى قۇرۇلغان، ھازىر 32 نەپەر ئىشچى — خىزمەتچى بار (بۇنىڭدىن ئىشچى خادىملار 26 نەپەر، باش ۋىراچ بىر نەپەر، ۋىراچ ئۈچ نەپەر، فېلشىر 17 نەپەر، سانىتاركا بەش نەپەر)، ئۇيغۇر 16 كىشى، خەنزۇ 16 كىشى، ئۇلار پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكى ۋە تارقىلۇچان كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

بۇ پونكىت ھازىر ئەسلىھە ۋە خادىملارنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاۋاتىدۇ. ئادەتتىكى ئەسلىھەلىرىدىن باشقا يەنە مىكرو ئانالىز تارازىسى، 72 تىپلىق نۇر پارچىلاپ ئۆلچىگۈچ ئەسۋابى، 58 تىپلىق ئېلېكترونلۇق رەڭ سېلىشتۇرۇش ئەسۋابى، كاربون قوش ئوكسىدى ئۆلچىگۈچ

ئەسۋابى، بىر ئۇنىۋېرسال كارۋات، توك بىلەن توڭلىتىش ساندۇقى، تورالقلىق تېمپىرا تۇرا ساندۇقى، ئىككى قۇرۇتۇش ساندۇقى، بىر كىسلوتا ئۆلچىگۈچ ئەسۋابى، 10 مىللىمېتىرلىق بىر رېنتىگىن ۋە ئىككى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى، بىر يۇقۇملۇنۇشتىن قوغدۇنۇش ماشىنىسى بار.

پونكىت ساقلىقنى ساقلاش، يوقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش گۇرۇپپىسى، يەرلىك كېسەللىكلەر گۇرۇپپىسى، ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، ئاياللار ۋە بالىلار-نىڭ ساقلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسى، مەمۇرى، ئارقا سەپ تەمىنات گۇرۇپپىسى دىگەنلەرگە بۆلىنىدۇ.

بۇ پونكىت ھەرخىل تارقىلۇچان كېسەللىكلەر ۋە يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ تېگىنى تېپىش، ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش ئارقىلىق رۇشەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ھازىر تېگىنى تېپىش ئارقىلىق ناھىيىمىزدە يەرلىك كېسەللىكلەردىن چوما كىسلى (1972 - يىلى تارقالغان)، يەرلىك خاراكتېرىدىكى قالقان بېزى، يەرلىك خارەكتېردىكى كىرېتىن كېسلى (قالقان بەزلىرىنىڭ يېتىشمەي قېلىشى سەۋىبىدىن كېلىپ چىقىدىغان تەن ۋە ئەقىل زەئىپلىشىش كېسەللىكى)، فېتور بىلەن زەھەرلىنىش، بىروتسلىيوز باكتېرىيەسى كېسەللىكى ۋە قوتۇركېسلى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئاساسەن ئېنىقلىنىپ تېپىلدى ۋە ئېنىقلاش ئاساسىدا ئالدىنى ئېلىش داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى. 1976 - يىلدىن بۇيان قوتۇركېسلى بىلەن ئاغرىغانلاردىن 58 مىڭ 230 كىشى داۋالاپ ساقايتىلدى. ناھىيىمىز يەرلىك قالقان بېزى كېسەللىكى ئېغىر بولغان ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى58.75 پىرسەنتكە يەتكەن. لۇدىيوم (يوت) مايلىق ئوكۇل بىلەن داۋالاش نەتىجىسىدە 1985 - يىلغىچە 80 مىڭ كىشى داۋالاپ ساقايتىلدى. نوقتىتا تاللاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق كېسەل بولۇش نىسبىتى 30.47 گە چۈشكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ كېسەلنى يوقۇتۇش ئۈنۈمى گەۋدىلىك. يەرلىك كىرېتىن كېسلىنىڭمۇ تيەنجىن تىببى شۆيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق تارقىلۇچان كېسەللىكلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىدىكىلەرنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا لوپ بازار ۋە يۇرۇڭقاش بازارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيە بويىچە 3 مىڭ كېسەلنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ئەقلى يەكۈن چىقىرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تارقىلۇچان كېسەللىكلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنى داۋالاش نەتىجىسىدە خۇشاللىنارلىق ئۈنۈم قازاندى. فتوركېسلىنىڭ قوزغىلىش ئۈنۈمىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى سەۋىبى يۇقىرى فتورلوق سۇنىڭ زىيىنىدىن بولغانلىقىنىمۇ ئېنىقلاپ چىقتى.

## لوپ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقىگە، دول يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. يەركۆلىمى 45 مو، قورۇلۇش كۆلىمى 5493 كۋادرات مېتىر،

بۇ مەكتەپ 1956 - يىلى قۇرۇلغان چاغدا لوپ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئاتالغان. قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە 6 تولۇقسىز سىنىپ، 300 ئوقۇغۇچى، 18 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. 1965 - يىلغا كەلگەندە تولۇق سىنىپ رەسمى قۇرۇلدى. 1970 - يىلى خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، لوپ ناھىيىلىك خوڭجۈەن (قىزىللىشىش - موتەخەسسىسلىش) ئوتتۇرا مەك-

تېپى دەپ ئاتالدى. 1972 ـ يىلى ئۇيغۇرمەكتەپ بىلەن خەنزۇ مەكتەپ ئايرىۋېتىلدى. ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئاتالدى. مائارىپ ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلغانلىقى ئۈچۈن 1981 ـ يىلدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى (مەخسۇس يېزا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش سىنىپى) قۇردى. بۇ مەكتەپ ھازىر ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە، بىلىم ئاشۇرىدىغان نوقتۇلۇق مەكتەپكە ئايلاندى. ھازىر 16 تولۇق سىنىپ، تۆت بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى بار. ئوقۇغۇچى 900 نەپەر. ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلىرى 85 نەپەر. بۇنىڭدىن ئوقۇتقۇچى 54 نەپەر. ئۇيغۇر 82 نەپەر، خەنزۇ ئۈچ نەپەر.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئوقۇتۇش ۋە باشقا ئەسلىھەلىرى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ كەلدى. ھازىر ئادەتتىكى جابدۇق ئەسلىھەلىرىدىن باشقا ئوقۇتۇش سايمانلىرى تولۇق. بەزى نازۇك سايمانلىرىمۇ بار. ھازىر فىزىكا، خىمىيە، بوتانىكا، زولوگىيە قاتارلىق 3 تەجرىبەخانا بار. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىلگەن. ئۇندىن باشقا "ئازاتلىق" ماركىلىق بىر ماشىنا، بىر تراكتور. 16 مىللىمېتىرلىق بىر كىنو ئاپاراتى، 20 سوڭلۇق بىر رەڭلىك تېلېۋىزور بار.

بۇ مەكتەپ قۇرۇلغان 30 يىلدىن بۇيان تولۇقسىز ۋە تولۇق سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 8370 نەپەر، بۇنىڭدىن نۆۋەت بىلەن ھەرخىل ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن ئوقۇغۇچى 745 نەپەر، ھەرخىل ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن ئوقۇغۇچى 2321 نەپەر. دۆلەتنىڭ ھەردەرىجىلىك ئورۇنلىرىغا چىقىرىپ بېرىلگەن ۋە يېزا ئاساسى قاتلام كادىرلىقىغا چىقىرىپ بېرىلگەنلىرى 1206 نەپەر. تېخنىكا مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ بېرىلگەنلىرى 710 نەپەر، دۆلەتكە كىرەكلىك ئادەم يېتىشتۈرۈپ بېرىش جەھەتتە مەلۇم تۆھپە قوشتى.

ئۇندىن باشقا دول يېزىسىنىڭ كۆتەمە كەنتىدە بۇ مەكتەپنىڭ بىر دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، 95 مو يېرى بار. بۇ مەيدان پۈتۈن مەكتەپنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆكتات ـ سەي، گۆش، يىمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ھەل قىلىشتا مەلۇم رول ئوينىماقتا.

## لوپ ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

لوپ ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ـ خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئورنى ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى مەدەنىيەت يولىنىڭ غەربى تەرىپىدە بولۇپ، غەربى سامپۇل يولى بىلەن چېگىرىلىنىدۇ. شىمالى 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن قوشنا، يەركۆلىمى 23 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 883.47 كۋادرات مېتىر، ئوقۇتقۇچىلار ئائىلە قورۇسىنىڭ يەركۆلىمى 9.8 مو، ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 505.2 كۋادرات مېتىر، جەمئى قۇرۇلۇش كۆلىمى 1388.67 كۋادرات مېتىر.

بۇ مەكتەپ 1978 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قۇرۇلغان. ئەسلىدە ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ (خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ) ئىدى، 1967 ـ يىلى تولۇقسىز سىنىپ كۆپەيتىپ قۇرۇلغان. 1971 ـ يىلى ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ) بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ،

خوڭجۇەن① مەكتىپى دەپ ئاتالغان. 1974 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ قۇرۇلغان. 1977 ـ يىلى مەمۇرى مەھكىمىنىڭ تەستىقى بىلەن خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان. ھەمدە لوپ ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ نام بېرىلگەن. ھازىر 42 نەپەر ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىلىرى، 250 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار. 6 تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى، بىر تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ تەسىس قىلىنغان.

### لوپ ناھىيىلىك كىنو ـ تىياتىرخانا

ئورنى ناھىيە شەھىرى ئىچىدىكى مەدەنىيەت يولىنىڭ غەربى تەرىپىدە بولۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسى بىلەن قارشى تۇرۇدۇ. 1972 ـ يىلى ئىش باشلىنىپ، 1974 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پۈتكەن.

كىنو ـ تىياتىرخانىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 6 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1600 كۋادرات مېتىر، چوڭ زال، كىچىك مەجلىسخانا ۋە ئىككى تەرىپىدىكى دەم ئېلىش ئۆيىدىن ئىبارەت 3 قىسمىغا بۆلىنىدۇ. چوڭ زالدا 1052 كىشىلىك ئورۇندۇق بار. سەھنە كۆلىمى 360 كۋادرات مېتىر، مۇزىكىچىلار ئورنى ۋە سەھنە ئاستى ئۆيى بار. كىچىك مەجلىسخانىغا 600 كىشى سىغىدۇ. بۇ كىنو ـ تىياتىرخانا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇن قويۇش مەيدانى بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك چوڭ يىغىنلارمۇ بۇ يەردە ئېچىلىدۇ. ناھىيىلىك مەدەنىيەت تەنتەربىيە ئىدارىسى باشقۇرىدۇ.

### لوپ ناھىيىلىك تەمىنات سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى

بىرلەشمە سودا خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادى ھەمكارلىقنى ئاساس قىلغان بىر پۈتۈن گەۋدە ئورۇن، بۇ ئورۇن دول يولىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە ئۆزىنىڭ كەسپى ماھىيىتى مۇناسىۋىتى بىلەن شۇنداق نام بېرىلگەن. بۇ ئورۇن 1952 ـ يىلى دۆلەتتىن مەبلەغ سېلىش ۋە ئەزالار پاي قوشۇش ئارقىلىق قۇرۇلغان. يەنى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىكىدە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتىن كېيىنكى ئۈچ چوڭ ھەمكارلىق ھەركىتىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا لوپ ناھىيە تەمىنلەش ھەمكارلىق كوپىراتىپى دەپ نام بېرىلىپ، كىشىلەر ھەمكارلىق كوپىراتىپى دەپ ئاتاپ كەلگەن. 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لوپ ناھىيە بىرلەشمە سودا كوپىراتىپى دىگەن ھەمكارلىق سودا سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئەسلى قىياپىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

بىرلەشمە كوپىراتىپنىڭ يەر كۆلىمى 6 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 700 كۋادرات مېتىر. تېۋەسىدە ئۆزىگە قارايدىغان ئۈچ شىركەت، بىر كارخانا (پاختا كەندىر شىركىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ۋە گىلەم كارخانىسى) بار. ئاساسەن ئاساسى قاتلاملاردىكى 8 بىرلەشمە كوپىراتىپنى باشقۇرىدۇ. پۈتۈن سىستېمىدا بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچى 675 نەپەر، (ۋاكالىتەنچىلەر ۋە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى ھېساپلاپ ھەق بېرىدىغان ئىشچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 45

---

① ئىزاھات خوڭجۇەن ـ خەنزۇچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچە قىزىللىشىش ـ موتەخەسسىسلىشىش دىگەن مەنىدە.

نەپەر، ئۇيغۇر ئىشچى ــ خىزمەتچىلەر 630 نەپەر. بۇ سودا تورلىرى ناھىيىمىزدىكى ھەرمىللەت يېزا ئاھالىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە يېزا تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش، شۇنداقلا ھەرمىللەت خەلقىنى تۇرمۇش بويۇملىرى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت زور ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.

بۇ بىرلەشمە كوپېراتىپ تەشكىلى جەھەتتىكى ئاممىۋىلىق، باشقۇرۇش جەھەتتىكى دېموكراتىيە، تىجارەتتىكى جانلىقلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئىگىلىكنى تۇتاشتۇرۇش، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە شەھەر يېزا بازارلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈستىگە ئالغان. دۆلەت ۋەزىپىسىدىكى تاۋارلارنى بازارلاردا سېتىش، دېھقانلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش قاتارلىق فونكتسىيەلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان.

1984 ـ يىلى كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلىشى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، سېتىۋېلىش ئومۇمى سوممىسى 18 مىليون 409 مىڭ يۈەن، سېتىش ئومۇمى سوممىسى 17 مىليون 284 مىڭ يۈەن. ساپ پايدا 634 مىڭ يۈەن بولغان. 1981 ـ يىلدىن بۇيان ئۇدا 4 يىل ۋىلايەتتىكى تەمىنلەش سېستىمىسى بويىچە ۋە ناھىيىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان.

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى

ناھىيە شەھىرىدىكى خوتەن يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇرۇلغان. ئومۇمى يەركۆلىمى 46 مىڭ 620 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5866 كۋادرات مېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 67 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچى 37 نەپەر. مىللى ئىشچى ـ خىزمەتچى 30 نەپەر، بۇ ئورۇندا پارتكوم ئىشخانىسى، ئارخىپخانا، يېزا خىزمەت بۆلۈم، تەشكىلات بۆلۈم، تەشۋىقات بۆلۈم، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، بىرلىكسەپ بۆلۈم، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، سىياسى قانۇن كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىنغان. «بېيجىڭ» ماركىلىق 2 كىچىك ماشىنا، «شەرق شامىلى» ماركىلىق بىر يۈك ماشىنىسى بار. بۇ ئورگان لوپ ناھىيىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورگىنى ھېساپلىنىدۇ.

## لوپ ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قورۇلتىيى دائىمى كومىتېتى

ئورنى لوپ بازىرى مەدەنىيەت يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ئومۇمى يەركۆلىمى 280 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 208 كۋادرات مېتىر، ئىشچى خىزمەتچىلىرى 11، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 4 نەپەر، مىللى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 7 نەپەر. بۇ ئورۇندا ئىشخانا، «بېيجىڭ» ماركىلىق بىر كىچىك ماشىنا بار. بۇ ـ لوپ ناھىيىسىدىكى دۆلەت ھوقۇقلۇق ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ.

## لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

ئورنى لوپ بازىرى مەدەنىيەت يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ئومۇمى يەركۆلىمى 27 مىڭ 429 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 6018 كۋادرات مېتىر، 169 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى

بار. بۇنىڭدىن خەنزۇ 86 نەپەر، ئۇيغۇر 83 نەپەر، ئاستىدا ئىشخانا، پىلان كومىتېتى، پەن-تېخنىكا كومىتېتى، مۇپەتتىش، ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، مەدەنىيەت تەنتەربىيە، مائارىپ، مالىيە، ئىقتىسادى كومىتېت، يېزا بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى، خەلق ئىشلار، سەھىيە قاتارلىق ئىدارىلار بار. 5 پىكاپ ۋە ھەرخىل ماشىنىلاردىن 14 ى بار.

بۇ ئورۇن لوپ ناھىيىسىدىكى مەمۇرى رەھبەرلىك ئورگىنىدۇر. لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1950-يىلى 4-ئايدا قۇرۇلغان. 1955-يىلى لوپ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1969-يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا لوپ ناھىيىلىك ئىنقىلابى كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1981-يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

**جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى**

بۇ ئورۇن لوپ ناھىيە بازىرى مەدەنىيەت يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. 1954-يىلى قۇرۇلغان. ھازىر 8 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بار. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنغان. بىر پىكاپ بار. ئۇ-ناھىيىنىڭ سىياسى كېڭەش ئورنىدۇر.

**لوپ ناھىيىلىك شەھەر 1-باشلانغۇچ مەكتەپ**

ئورنى لوپ بازىرىدىكى لوپ-خوتەن ئوق يولىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئومۇمى كۆلىمى 30 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3500 كۋادرات مېتىر، بۇ مەكتەپ 1912-يىلى قۇرۇلغان. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە 10 سىنىپ (بۇنىڭ بىرى خەنزۇ سىنىپ) بار ئىدى. 1968-يىلى "خوڭگۇيبىڭ①" باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئاتىغان. 1979-يىلى لوپ ناھىيە شەھەر 1-باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتكەن. ھازىر 47 نەپەر ئوقۇتقۇچى، 800 نەپەر ئوقۇغۇچى، 13 سىنىپ بولۇپ ناھىيە شەھىرى ئىچىدىكى مىللى ئۆسمۈرلەرنىڭ 6 يىللىق تولۇقسىز مەكتىپى ھېسابلىنىدۇ.

**لوپ ناھىيىلىك شەھەر 2-باشلانغۇچ مەكتەپ**

ئورنى لوپ بازىرى مەدەنىيەت يولىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئومۇمى كۆلىمى 6 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1784 كۋادرات مېتىر، بۇ مەكتەپ 1962-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ناھىيە شەھىرى ئىچىدىكى خەنزۇ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئېچىلغان. شۇ چاغدا خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئاتالغان. 1964-يىلغا كەلگەندە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ تەسىس قىلىنغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە خوڭجۇن مەكتەپ دەپ ئاتالغان. 1972-يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ ئۆزگەرتىلگەن. 1979-يىلى لوپ ناھىيە 2-باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ھازىر 27 نەپەر ئوقۇتقۇچى، 300 نەپەر ئوقۇغۇچى، 10 سىنىپ بولۇپ 6 يىللىق تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ ھېسابلىنىدو.

---

① «خوڭگۇيبىڭ» «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا قوللىنىلغان خەنزۇچە ئاتالغۇ بولۇپ، «قىزىل قوغدىغۇچى ئەسكەر» دېگەن مەنىدە.

**لوپ ناھىيىلىك شەھەر 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ**

ئۇرنى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى ھاڭگىي يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. 1983 - يىلى قۇرۇلغان. ئومۇمىي كۆلىمى 15 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر، ھازىر 23 ئىشچى خىزمەتچى، 6 سىنىپ، 211 ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، 6 يىللىق تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ھېساپلىنىدۇ.

**لوپ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى**

ئورنى لوپ بازىرىدىكى مەدەنىيەت يولىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئومۇمىي كۆلىمى 5.6 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 412 كۋادرات مېتىر، ھازىر 22 ئىشچى-خىزمەتچى، "ئازاتلىق" ماركىلىق 1 ماشىنا ۋە سەھنە ئۈسكۈنىلىرى بار، بۇ ئۆمەك 1959 - يىلى قۇرۇلغان. 1960 - يىلى تارقىتىۋېتىلگەن. 1962 - يىلى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1968 - يىلى يەنە تارقىتىۋېتىلگەن. 1979 - يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1985 - يىلى 1200 مەيدان ئويۇن قويۇپ 27 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان.

**لوپ ناھىيىلىك شىنخۇا كىتاپخانىسى**

ئورنى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى دول يولىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. 1957 - يىلى قۇرۇلغان. "شىنخۇاكىتاپخانىسى" مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئاتالغۇ، ئۇنىڭ ئومۇمىي يەركۆلىمى 5 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1322 كۋادرات مېتىر، ھازىر 6 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 2 نەپەر، ئۇيغۇر 4 نەپەر. ئۇنىڭ قارمىقىدا بىردوكان بولۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىتاپ، ژورناللار سېتىلىدۇ. 1984 - يىلى كىتاپ ساتقان ئومۇمىي سوممىسى 850 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

**لوپ ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى**

ئورنى لوپ بازىرى مەدەنىيەت يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. 1959 - يىلى قۇرۇلغان. بۇ ئورۇنغا ئۆزگىچە مۇناسىۋەتتى بىلەن پارتىيە مەكتەپ دەپ نام بېرىلگەن. ئومۇمىي يەركۆلىمى 22.5 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 87 كۋادرات مېتىر، ھازىر 9 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 1 نەپەر، ئۇيغۇر 8 نەپەر. بۇ مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاساسى قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت.

**لوپ ناھىيىلىك باللار يەسلىسى**

ئورنى ناھىيە بازىرى مەدەنىيەت يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ئومۇمىي يەركۆلىمى 5 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر. ھازىر 12 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 11 نەپەر، ئاساسەن چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك ياشتىكى باللار-سىنىپى دەپ 3 سىنىپقا ئايرىلغان. ھازىر 80 بالا بار. بۇ ئورۇن 1965 - يىلى قۇرۇلغان. ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىگە قارايدۇ. بۇ ئورۇن ئاساسەن ئوقۇش يېشىغا توشمىغان باللارنى تەربىيىلەشنى ئۈستىگە ئالغان.

**لوپ ناھىيىلىك رادىئو ئۆزېلى**

ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى يېڭىبازار يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. 1960 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان. خىزمەت خاراكتېرىگە ئاساسەن شۇنداق نام بېرىلگەن. ئومۇمىي يەركۆلىمى 12 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1150 كۋادرات مېتىر، ھازىر 16 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 8 نەپەر، خەنزۇلار 8 نەپەر، 9 يېزىدىكى رادىيو پونكىتلىرى ۋە بۇ پونكىتلاردىكى 25 ئىشچى - خىزمەتچى مۇشۇ ئورۇنغا قارايدۇ. بۇ ئورۇننىڭ كەسپى دائىرىسى پۈتۈن ناھىيىنى سىملىق رادىئو بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. ئاساسى قاتلاملاردىمۇ 1965 - يىلىدىن باشلاپ رادىيو پونكىتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىغان. 1973 - يىلغىچە قۇرۇلۇپ رەسمى ئىشقا چۈشكەن.

## لوپ ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى

ئورنى لوپ ناھىيە بازىرى بوشقان يولىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. يەركۆلىمى 660 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 660 كۋادرات مېتىر، ھازىر 6 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار. ئۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر پونكىتسىيىلىك ئورگىنى. 1953 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇ مەزگىلدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ساقلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسى دەپ ئاتالغان. 1956 - يىلىغا كەلگەندە ناھىيىلىك مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەدەنىي مائارىپ سەھىيە بۆلۈم دەپ ئاتالغان. 1965 - يىلى مۇستەقىل بۆلۈم قىلىپ قۇرۇلغان. 1968 - يىلىغا كەلگەندە لوپ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مەدەنىي مائارىپ سەھىيە گۇرۇپپىسى دەپ ئاتالغان. 1974 - يىلى ئايرىلىپ چىقىپ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سەھىيە بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. 1975 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سەھىيە ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان.

## لوپ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى

ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى سامپۇل يولىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. 1983 - يىلى قۇرۇلغان. ئومۇمىي كۆلىمى 16 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1878 كۋادرات مېتىر، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسۇس ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرىدىغان بىر پونكىتسىيىلىك ئورگىنى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئورمانچىلىق پونكىتى، ياغاچ ماتېرىياللىرى شىركىتى تەسىس قىلىنغان. بىرلىكتە ئىش بېجىرىدۇ. ھازىر 22 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن خەنزۇ 11 نەپەر، ئۇيغۇر 11 نەپەر. ھەر قايسى يېزىلاردىكى ئورمان پونكىتى بۇ ئورۇنغا قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چۆلدە 11 ئورۇندا تەبىئىي ئورمانلارنى تەكشۈرۈش، قوغداش پونكىتى ۋە 76 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار.

## لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى

ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى ھاڭگىي يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 237 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 148 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 6 نەپەر. بۇنىڭدىن خەنزۇ 3 نەپەر، ئۇيغۇر 3 نەپەر. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەمىنلەش پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىپ ياساش زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ۋە 9 يېزىدىكى ماشىنا باشقۇرۇش

پونكتى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ بۇ ئىدارىگە قارايدۇ. بۇ ئورۇن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرىدىغان خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. 1972-يىلى قۇرۇلغان. كەسپى خاراكتېرىگە ۋە مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى دەپ ئاتالغان.

### لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت مېھمانخانىسى

ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى خوتەن يولىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئومۇمى يەركۆلىمى 22 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1400 كۋادرات مېتىر، ھازىر 12 نەپەر ئىشچى خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 6 نەپەر، ئۇيغۇر 6 نەپەر، 1979-يىلى قۇرۇلغان. خىزمەت خاراكتېرىگە ئاساسەن شۇنداق نام بېرىلگەن.

### لوپ ناھىيىلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسى

ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى دول يولىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئومۇمى يەركۆلىمى 9 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1444 كۋادرات مېتىر، ھەر قايسى يېزا بازارلاردىكى باج ئىشلار پونكىتى موشۇ ئورۇنغا قارايدۇ. ھازىر 70 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 56 نەپەر، خەنزۇ 14 نەپەر. ناھىيە بويىچە باج ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئورگان. 1937-يىلى قۇرۇلغان. 1943-يىلدىن 1944-يىلغىچە باج يىغىش پونكىتى دەپ ئاتالغان. 1949-يىلى لوپ ناھىيىلىك باج ئىشلار بۆلۈمى دەپ ئاتالغان. 1950-يىلى ناھىيىلىك باج ئىشلار ئىدارىسى دەپ ئاتالغان. 1959-يىلى مالىيە بۆلۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمى دەپ ئاتالغان. 1962-يىلى ناھىيىلىك باج ئىشلار ئىدارىسى دەپ ئايرىم تەسىس قىلىنغان. 1970-يىلى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، مالىيە ئىدارىسى دەپ ئاتالغان. 1973-يىلى يەنە ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل ھالدا باج ئىشلار ئىدارىسى قىلىپ تەسىس قىلىنغان.

### لوپ ناھىيىلىك سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى

ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى ھاڭگىي يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ئومۇمى يەركۆلىمى 75 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1140 كۋادرات مېتىر، بازار ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇش كۆلىمى 2833 كۋادرات مېتىر، ھازىر 51 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار 34 نەپەر، خەنزۇ 17 نەپەر. ئۇنىڭ قارمىقىدا بازار باشقۇرۇش، سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئۆلچەم باشقۇرۇش قاتارلىق بۆلۈملەر بار. ھەر قايسى يېزىلاردا سودا سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتلىرى تەسىس قىلىنغان.

سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئەسلى نامى بازار باشقۇرۇش كومىتېتى بولۇپ، ئازاتلىقتىن ئىلگىرى سودا سانائەت باشقۇرۇش كومىتېتى دەپمۇ ئاتالغان. 1950-يىلى سودا سانائەتنى باشقۇرۇش بۆلۈمى دەپ ئاتالغان. 1963-يىلى بازار باشقۇرۇش كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان ھەمدە پىلان كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1978-يىلى سودا سانا-

ئەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قىلىپ قۇرۇپ چىققان. ھازىر ناھىيە بويىچە سودا سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئورگىنىدۇر.

**لوپ ناھىيەلىك خەلق بانكىسى**

ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى دول يولىنىڭ باشلىنىش ئېغىزىغا جايلاشقان، كۆلىمى 10 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2950 كۋادرات مېتىر بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزى ھېساپلىنىدۇ. ھازىر 42 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 21 نەپەر، خەنزۇ 20 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر، بۇ ئورۇن 1950-يىلى قۇرۇلغان. 1970-يىلى باج ئىشلار ئىدارىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، مالىيە ئىدارىسى دەپ ئاتالغان. 1973-يىلى ئايرىلىپ چىقىپ خەلق بانكىسى دەپ ئاتالغان.

**لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى**

ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى دول يولىنىڭ شىمالىغا جايلاتقان. ئومۇمى كۆلىمى 11 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4669 كۋادرات مېتىر، ھازىر 67 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 53 نەپەر، خەنزۇ 13 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر. ئۆزىگە قاراشلىق 9 يېزا بازاردىكى ئامانەت قەرز كوپراتىپلىرى ۋە 56 ئامانەت قەرز تارماق ئورنى بولۇپ، بۇ ئورۇنلاردا 63 نەپەر كادىر بار. يېزا ئىگىلىك بانكىسى پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا پۇل مۇئامىلە پائالىيەت مەركىزىدۇر. بۇ ئورۇن 1964-يىلى قۇرۇلغان. 1966-يىلى خەلق بانكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن. 1980-يىلى ئايرىلىپ چىقىپ موستەقىل ھالدا يېزا ئىگىلىك بانكىسى بولۇپ قۇرۇلغان.

**لوپ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى**

ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى بوشقان يولىنىڭ شەرق تەرىپىدە، يەركۆلىمى 33 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 17 مىڭ كۋادرات مېتىر، 3 چوڭ ئامبىرى بار. يېزا بازارلاردىكى ئاشلىق پونكىتلىرى بۇ ئورۇنغا قارايدۇ. ئىدارىغا بىۋاستە قارايدىغان ئاشلىق، ماي پىششىقلاش زاۋۇتى، ئاشلىق، ماي دۇكىنى ۋە كېلىشىم باھا شىركىتى بار. 1952-يىلى ئاشلىق بۆلۈم قۇرۇلغان، 1954-يىلى ئاشلىق شىركىتى بولۇپ قۇرۇلغان. 1956-يىلى ئاشلىق ئىدارىسى بولۇپ قۇرۇلغان.

**لوپ ناھىيىلىك ماشىنا ئەترىتى**

ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى مەدەنىيەت يولىنىڭ ئاياق ئۇچىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. 1969-يىلى قۇرۇلغان. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە كەسپىگە قاراپ شۇنداق نام بېرىلگەن. ئومۇمى كۆلىمى 50 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1180 كۋادرات مېتىر، ھازىر 21 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بولۇپ بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 8 نەپەر، خەنزۇ 13 نەپەر. بۇ ئورۇن پۈتۈن ناھىيىنىڭ يۈك ۋە يولۇچىلارنى توشۇش ئىشىغا مەسئۇل بولغان.

**لوپ ناھىيىلىك ئۇنىۋېرسال سودا سارىيى**

ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى ھاڭگىي يولىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئومۇمى كۆلىمى 3500 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1480 كۋادرات مېتىر، 27 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 15 نەپەر. خەنزۇ 12 نەپەر، سودا سارىيى 3 چوڭ زالغا بۆلۈنگەن.

تىجارەت تاۋارلىرىدىن 5 خىل مىتال، توك سايمانلىرى، يېمەك-ئىچمەك، هاراق تاماكۇ، تۈرلۈك مال-لار، ئەلىمە تۇقۇلما مال-لار بولۇپ، ناهىيىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسال سودا سارىيى هېساپلىنىدۇ. 1985-يىلى تىجارەت ئومۇمى سوممىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن. سودا سارىيى 1979-قۇرۇلغان. 1983-يىلى رەسمى تىجارەت باشلىغان. ناهىيىلىك سودا ئىدارىسىگە قارايدۇ.

**لوپ ناهىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش-قويۇش شىركىتى**

ئورنى ناهىيە بازىرىدىكى هاڭگىي يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ئومۇمى كۆلىمى 3600 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 196 كۋادرات مېتىر، 1974-يىلى قۇرۇلغان. ئۇ چاغدا كىنو باشقۇرۇش پونكىتى دەپ ئاتالغان. 1980-يىلى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن كىنو فىلىم تارقىتىش، قويۇش شىركىتى دەپ ئۆزگەرتكەن. هازىر 7 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 5 نەپەر، خەنزۇ 2 نەپەر. ئاساسى ۋەزىپىسى كىنو فىلىملىرىنى تارقىتىش، يېزىلاردىكى كىنو ئەترەتلىرىنى تېخنىكا جەهەتتىن باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. 1985-يىلى تارقاتقان كىنو فىلىمى 1824 قىسىم (قېتىم)

**يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى**

ئورنى لوپ بازار هاڭگىي يولىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. ناهىيە بويىچە يېزىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاچقا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى دەپ نام بېرىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا تەمىنلەش كوپېرا تىپ ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاهاتى ئېلىپ بارغاندا ئايرىپ قۇرۇلغان. كەسپى جەهەتتە ئەسلىدىكى تەمىنلەش كوپېراتىپ ئۈستىگە ئالغانلىقتىن، ئايرىلىپ قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ناهىيىلىك تەمىنات سودا بىرلەشمە كوپېراتىپ رەهبەرلىك قىلىدۇ. ئومۇمى كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 900 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 8 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 2 نەپەر، خەنزۇ 6 نەپەر. بۇ شىركەتنىڭ ئاساسلىق تىجارەت تاۋارلىرى خىمىيەۋى ئاق ئوغۇت، ئازوت، كىسلاتا قاتارلىق ئۈچ بىرىكمە قارا ئوغۇت ۋە هەر خىل دېهقانچىلىق دورىلىرى، دېهقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىشتىن ئىبارەت.

**پاختا كەندىر شىركىتى**

ئورنى لوپ بازار هاڭگىي يولىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئەسلى پاختا زاۋۇتى ئىدى. ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاهاتىغا ئەگىشىپ، 1984-يىلى 8-ئايدا ناهىيىلىك تەمىنات سودا بىرلەشمە كوپېرا تىپىنىڭ پاختا كەندىر شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان. هازىر ئۇنىڭغا قاراشلىق پاختا زاۋۇتى، پاختا سېتىۋېلىش پونكىتى، پاختا تەمىنلەش دوكىنى بار. هازىر 74 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بولۇپ بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 64 نەپەر، خەنزۇ 10 نەپەر، بۇ شىركەتنىڭ يەر كۆلىمى 58 مىڭ 608 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 6 مىڭ كۋادرات مېتىر، پاختا كەندىر شىركىتى پۈتۈن ناهىيىنىڭ پاختا سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، يۇقىرىغا يۆتكەش قاتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. پاختا پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق.

**گىلەم كارخانىسى**

ئورنى ناھىيە بازىرىدىكى ھاڭگىي يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. 1984-يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ لوپ ناھىيىلىك تەمىنات سودا بىرلەشمە كوپىراتىپىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ئەسلىدە لوپ ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىگە قاراشلىق بولۇپ، مۇستەقىل ھېساۋات ئورنى ئىدى. ئومۇمىي كۆلىمى 58 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5400 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 203 نەپەر. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 196 نەپەر. خەنزۇ 7 نەپەر. بۇ كارخانىنىڭ گىلەم ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق. 1985-يىللىق مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 4 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئىشلەپچىقىرىلغان گىلەم ئالاھىدە مىللىي ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، چىداملىق، نۇسخىسى چىرايلىق، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە داڭقى بار.

# لوپ ناھىيىسىدىكى كەسپى تارماقلار ناملىرى.

| ئۆلچەملىك نامى | قۇرۇلغان يىلى | تورۇشلۇق ئورنى |
|---|---|---|
| لوپ ناھىيىلىك تاشيول ئوچاستكىسى | 1956 | لوپ بازار دول يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك يول ئاسراش ئەترىتى | 1963 | لوپ بازار مەدەنىيەت يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى | 1958 | لوپ بازار سامپۇل يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى | 1953 | لوپ بازار دول يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى | 1955 | لوپ بازار دول يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈم | 1959 | لوپ بازار بوشقان يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك رادىئو تېلېۋىزىيە ئىدارىسى | 1983 | لوپ يېڭىبازار يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسى | 1979 | لوپ بازار خوتەن يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى | 1964 | لوپ بازار دول يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك شىركىتى | 1957 | لوپ بازار دول يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك پىششىقلاش زاۋۇتى | 1964 | لوپ بازار خوتەن يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك دورا شىركىتى | 1962 | لوپ بازار ھاڭگىي يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى | 1976 | لوپ بازار مەدەنىيەت يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك كۆندىلىك بويۇملار شىركىتى | 1984 | لوپ بازار دول يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى | 1984 | لوپ بازار دول يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك ماددى ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى | 1959 | لوپ بازار ھاڭگىي يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كورسى | 1969 | لوپ بازار ھاڭگىي يولىدا |

| ئۆلچەملىك نامى | قۇرۇلغان يىلى | تۇرۇشلۇق ئورنى |
| --- | --- | --- |
| لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمان تەمىنلەش پونكىتى | 1964 | لوپ بازار خوتەن يولىدا |
| (58) لوپ ناھىيىلىك 2-يىنىك سانائەت ئىدارە گىلەم كارخانىسى | 1981 | لوپ بازار خوتەن يولىدا |
| (56) لوپ ناھىيىلىك 2-يىنىك سانائەت ئىدارە بىناكارلىق كوپىراتىپى | 1962 | لوپ بازار ھاڭگىي يولىدا |
| (57) لوپ ناھىيىلىك 2-يىنىك سانائەت ئىدارە تۆمۈرچىلىك كوپىراتىپى | 1962 | لوپ بازار خوتەن يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك كۈتۈپخانا | 1957 | لوپ بازار مەدەنىيەت يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپ | 1984 | لوپ بازار مەدەنىيەت يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك ئەمگەك مولازىمەت شىركىتى | 1982 | لوپ بازار ھاڭگىي يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك توك ئېنېرگىيە شىركىتى | 1984 | لوپ بازار ھاڭگىي يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك قاتناش تىرانسپورت بىكىتى | 1956 | لوپ بازار خوتەن يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك تەنتەربىيە مەيدانى | 1984 | لوپ بازار ھاڭگىي يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتى | 1959 | لوپ بازار سامپۇل يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك ياغاچ ماتېرىياللىرى شىركىتى | 1984 | لوپ بازار مەدەنىيەت يولىدا |
| (78) لوپ ناھىيىلىك خەلق كىنوخانىسى | 1949 | لوپ بازار ھاڭگىي يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى | 1950 | لوپ بازار خوتەن يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | 1955 | لوپ بازار بوشقان يولىدا |
| لوپ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | 1950 | لوپ بازار بوشقان يولىدا |

# ئاپتونوم رايونىنىڭ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپتا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى نامى

# ئاپتونوم رايونلۇق خوتەن پىلە ئۆجمىچىلىك
# پەن تەتقىقات ئورنى

ئورنى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقى لىۋىدە بولۇپ، لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ قوتچى كەنتىگە، خوتەن-لوپ تاشيولىنىڭ شىمالىغاجايلاشقان. غەربى شىمالى خوتەن گىلەم كارخانىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. خوتەن شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 2.5 كىلومېتىر، لوپ شەھەر ئىچى بىلەن ئارىلىقى 24 كىلومېتىر، ئومۇمى كۆلىمى 520.2 مو، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆجمىلىك 187.5 مو، پىلە تەجرىبە قىلىش مەيدانى 300 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1680.6 كۋادرات مېتىر. ئىشچى-خىزمەتچى 86 كىشى، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 50 كىشى، خەنزۇ 36 كىشى، تېخنىك خادىم 21 كىشى، بۇنىڭدىن خەنزۇ 15 كىشى، ئۇيغۇر 6 كىشى، ياردەمچى تەتقىقاتچى 9 كىشى، بۇنىڭدىن خەنزۇ 7 كىشى، ئۇيغۇر 2 كىشى. بۇ ئورۇن 1942-يىلى قۇرۇلغان. يەنى ئەنخۇي يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتوتىنىڭ ئۆجمە يېتىشتۈرۈش ئالىمى پىرافېسسور جاۋخۇڭجى قۇرۇلۇشقا تەييارلىق قىلىپ، نامىنى "خوتەن پىلە ئۆجمىچىلىك مەيدانى" دەپ ئاتىغان. ئىسىل سورتلاردىن جۇڭنۇڭ 29-نومۇر، چاگۇي، جىن زى، خۇاچى، خۇابا، خۇاجو، خۇاشى قاتارلىقلارنى چەتتىن قوبۇل قىلغان ۋە كېڭەيتكەن. پىلە ئورىغىنىڭ يىللىق ئەڭ يۇقىرى مەھسۇلاتىنى 70 مىڭ قۇتىغا يەتكۈزگەن. ئۇچاغدا پەقەت 25 نەپەر خەنزۇ تېخنىك خادىم بار ئىدى. شىڭشىسەي گومىنداڭغا بېقىنغاندىن كېيىن ئەشۇ بىر تۈركۈم تېخنىك خادىملاركەينى-كەينىدىن قايتىپ كەتكەن. 1949-يىلغىچە پىلە ئورۇغى يېتىشتۈرۈش توختىلىپ كېتىپ، يىللىق مەھسۇلاتى 771 قۇتىغا قالغان ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن پىلە ئورۇغى تەجرىبە مەيدانى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى. 1956-يىلى خوتەن پىلە ئۆجمىچىلىك تەجرىبە پونكىتى (پىلەخانا) غا ئۆزگەرتىلدى. 1958-يىلى قوشۇمچە پىلە ئۆجمىچىلىك مەكتىپى ئېچىلىپ 180 نەپەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك پىلە ئۆجمىچىلىك خادىمى يېتىشتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 150 نەپەر، خەنزۇ 30 نەپەر. بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايۇن بويىچە پىلە ئۆجمىچىلىك خىزمىتىدىكى تايانچى كۈچلارغا ئايلىنىپ قالدى. 1961-يىلى پىلىچىلىك مەكتىپى خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكوم مەكتىپىگە قوشۇلۇپ، پىلە ئۆجمىچىلىك مەخسۇس سىنىپى قۇرۇلدى.

1979-يىلى 7-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خوتەن پىلە ئۆجمىچىلىك تەجرىبە-پونكىتىنى خوتەن ۋىلايەتلىك پىلە ئۆجمىچىلىك پەن-تەتقىقات ئورنىغا (ناھىيە دەرىجىلىك)

ئۆزگەرتىشنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشىنى قارارقىلدى. ئۇنىڭ تەشكىلى ئورگانلىرىدىن ئىشخانا، پىلە بېقىش تەتقىقات ئىشخانىسى، ئۈجمە يېتىشتۈرۈش تەتقىقات ئىشخانىسى، پىلە ئۇرۇقچىلىق تەجرىبە مەيدانى قاتارلىقلار بار.

خوتەن پىلە ئۈجمىچىلىك تەتقىقات ئورنى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ پىلە ئۈجمىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئەييەن تۆھپە قوشتى. پىلە ئۈجمىچىلىك پەن تەتقىقات خىزمىتىدە روشەن نەتىجە ياراتتى. 1956-يىلى قۇرۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ نەملىكنى ساقلاشنى ئاساس قىلغان ھالدا كىچىك ياشلىق قۇرتلارنى قۇرۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قەغەزدە بېقىش، چوڭ ياشلىق قۇرتلارنى يوپۇرماق مىدىقى بىلەن يۆيۈپ بىرىپ بېقىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قۇرتنىڭ پىلە بولۇش ئۈنۈمىنى 20-30 پىرسەنت ئۆستۈردى. 1965-يىلى ئەتىيازدا چىقىرىپ كۈزدە ئىشلىتىدىغان پىلە ئۇرۇقىنى قىسقا مۇددەت سوغۇق ساقلاش تېخنىكىسىنى بىرتەرەپ قىلىشنى مۇۋاپىقىيەتلىك ھەل قىلىپ، ۋىلايىتىمىزدە بىر يىل ئىچىدە كۆپ قېتىم پىلە بېقىشنىڭ ياخشى شارائىتىنى ياراتتى. 1982-يىلى خۇاشىن، خۇيىۋي دىگەن يېڭى سورتلارغا قارىتا پۈتۈن يېشىدا يوپۇرماقنى يۆيۈپ بىرىپ بېقىش ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ جۇملە قۇرتلارنى ئۇپچا بېقىش ئۆيلىرىدە سىناق قىلىپ، كۈتكەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۈجمە يېتىشتۈرۈش پەن تەتقىقاتى جەھەتتە 1965-يىلى يېزا ئىگىلىك 1-دېۋىزىيەنىڭ پىلە ئۈجمىچىلىك تەجرىبە پونكىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۈجمە دەرەخ خىللىرى مەنبەسىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى.

1983-يىلى دەسلەپكى كۆچەتخانىدا يېتىشتۈرۈلگەن 127 خىل شىنجاڭ ئۈجمىسىنى مۇددەتكە بۆلۈپ فىزىئولوگىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە تەكشۈرۈش ۋە سورت تۈرلىرى بويىچە رەتلەش ئېلىپ بېرىپ سىناق ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. پاكارغوللۇق ئۈجمىزارلىقنىڭ يىللىق مو مەھسۇلاتى (ئۈجمە غازىڭى) 2 مىڭ جىڭغا يەتتى. خوتەن ئاق ئۈجمىسىنى تېرىپ يېتىشتۈرۈش تەجرىبىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 1983-يىلى 12 پەن تەتقىقات تۈرىنى تاماملىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ تۆت، ۋىلايەتنىڭ بىر.

بۇ ئورۇننىڭ پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى سايمان، ئەسلىھە، قاتناش، تۇشۇش قوراللىرى بىرقەدەر تولۇق.

# ئاپتونوم رايونلۇق لوپ ساناتورىيەسى

ئۇرنى ناھىيە شەھەر ئىچىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 16 كىلومېتىرجايدا. ئازاتلىقنىڭ ئالدىدا بۇ يەر پومىشچىكلارنىڭ بېغى بولۇپ، "چەندۆڭ" (يەنى نىشانلىق دۆڭ، ياكى بەلگە قىلىنغان دۆڭ) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەر تەكلىماكان چۆلى ياقىسىدىكى سازلىق جاڭگال بولۇپ، پومىشچىكلارتالىشىپ جېدەل چىقارغاچقا ئۆتمۈشتىكى ھۆكۈمەت تەرەپ ئارىلىشىپ، جېدەلنى ئايرىغان ۋە شۇيەردىكى دۆڭنى بەلگە (پاسىل) قىلىپ، يەرنى بۆلۈپ بەرگەن. شۇندىن بويان بۇ يەرنىڭ نامى "چەندۆڭ" (يەنى نىشانلىق دۆڭ) دەپ ئاتالغان. ئازاتلىقتىن كېيىن ساناتورىيە قۇرۇلغان. باشقىچە ئاتىلىشى "چەندۆڭ لىبرا دوختۇرخانىسى".

بۇ دوختۇرخانا شىنجاڭدىكى لىبرا كېسەللىرىنى يىغىۋېلىپ داۋالايدىغان بىردىن بىر ئورگان بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە لىبرا كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش، يىغىۋېلىش ۋە داۋالاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

بۇ دوختۇرخانا 1952 ـ يىلى دەسلەپتە قۇرۇلغان. 1953 ـ يىلى رەسمى قۇرۇلغان. 1954 ـ يىلى كېسەل قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ئۇچاغدا خوتەن لىبرا كېسەللىكى دوختۇرخانىسى دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دوختۇرخانا باشقۇرۇشىدىكى لىبرا كېسەللەر كەنتى قۇرۇلدى ۋە "بەختلىك يېزا" دەپ ئاتىلىپ، بەختلىك يېزا خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. دوختۇرخانا بىلەن بەختلىك يېزا بىرگەۋدە قىلىنغان ھالدا لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە قاراشلىق قىلىندى.

1960 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق لوپ ساناتورىيەسى دەپ ئاتىلىپ، بىۋاستە ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىكىگە قارايدىغان لوپ ناھىيىسى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان بولغان. 1965 ـ يىلى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، خوتەن باشقۇرىدىغان بولغان. 1972 ـ يىلى لوپ ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. كېيىن يەنە خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولغان. 1984 ـ يىلى يەنە ئاپتونوم رايون باشقۇرىدىغان بولغان. پۈتۈن دوختۇرخانىنىڭ كۆلىمى 3500 مو (بەختلىك يېزىنىڭ دېھقانچىلىق كەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قۇرۇلۇش كۆلىمى 9346 كۋادرات مېتىر، ئاستىدا ئىشخانا، ئامبۇلاتورىيە بۆلۈم، بالىنىس بۆلۈم، بەختلىك يېزا بار. بالىنىس بۆلۈم يەنەرېنتگىنخانا، دوراخانا، دېزىنفېكسىيەخانا، لابىراتورىيە قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. 300 كېسەل كارۋىتى بار. ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 57 نەپەر، ئۇيغۇر 45 نەپەر. خەنزۇ 12 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپى دوختۇر 33 نەپەر. مەمۇرى خادىم 9 نەپەر. ئىشچى 15 نەپەر.

بۇ دوختۇرخانىنىڭ قاتناش ترانسپورت، ئېلېكتر، گاز ئەسلىھەلىرى، ئىشلەپچىقىرىش

قوراللىرى، داۋالاش جابدۇقلىرى تولۇق. ئىككى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى، بىر ئاپتوبۇس، ئىككى قارا ماشىنا، بىر جىپ ماشىنا، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئىككى تراكتور بار. سىرتتىن ئەكەلگەن يۇقىرى بېسىملىق توك تۇرلىرىدىن باشقا ئۆزىنىڭ 3110 تېپىلىق، 4135 تېپىلىق توك چىقىرىدىغان ئىككى سەييۇجى بار. داۋالاش سايمانلىرىدىن تاشقى كېسەل بۆلۈمىنىڭ بىر يۈرۈش ئوپېراتسىيە سايمىنى، بىر 200 ميللىمېتىرلىق رېنتېگىن ماشىنىسى، بىر 50 ميللىمېتىرلىق رېنتېگىن ماشىنىسى، بىر توك بىلەن توڭلىتىش ساندۇقى، بىر تۇراقلىق تېمپېراتورا ساندۇقى، بىر چىيپيەنجى، ھەرخىل تېپتىكى مىكروسكوپتىن بىرقانچىسى، بىر يۈرۈش چوڭ تىپتىكى دېزىنفېكسىيە ئۈسكۈنىلىرى، بىر يۈرۈش لابىراتورىيە ئۈسكۈنىلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتكۈر نۇرلۇق ۋە مىكرو دولقۇنلۇق داۋالاش ئەسۋابى قاتارلىق فىزىكىلىق داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بار.

بەختلىك يېزا ئاللىبۇرۇن ساناتورىيەگە بىۋاستە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلگەن. كېسەللەرساقىيىپ، دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن بارىدىغان پاناجايى يوقلار، مېيىپ، ئاجىز، ئەمما، مەلۇم ئەمگەك كۈچى بار كىشىلەر موشۇ يەردە قېلىپ، ئۆزكۈچىگە تايىنىپ، دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ. ساناتورىيە ئۇلارنى مۇددەت بەلگىلەپ تەكشۈرۈپ، داۋالاشنى توختاتمايدۇ. قىيىنچىلىقى بارلارنى دۆلەت تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋالىدۇ. دوختۇرخانىدا يېتىپ تېخى ساقايمىغان، ھەم ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان مېيىپ، ئاجىزكېسەللەرگە قارىتا داۋالاشنى ئاساس قىلىپ، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك ۋە ئۆي ئولتۇرۇقىنى دۆلەت ئۆزئۈستىگە ئالىدۇ. دوختۇرخانا قۇرۇلغاندىن بويان، جەمئىي 3203 كىشى قوبۇل قىلىپ داۋالىدى. ساقىيىپ چىققان كەتكەنلەر 2296 كىشى، ئۆلگەن، قېچىپ كەتكەنلەر 657 كىشى، ھازىر باركېسەل 250 كىشى، ئۇزاق يىللاردىن بويان ياتقۇزۇپ تەجرىبە قىلىش جەريانىدا بۇ دوختۇرخانا مەلۇم داۋالاش تەجرىبىلىرىنى توپلىدى ۋە ئىگەللىدى. يېقىنقى بىرنەچچەيىلدىن بۇيان يىغىپ داۋالاشتىن باشقا، مەلۇم كۈچ ئاجرىتىپ پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى لېپرا كېسەللىكىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئاساسەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. قىممەتلىك داۋالاش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چىقتى. مەملىكەتلىك سەھىيە تارماقلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

# خوتەن تاشقى سودا گىلەم كارخانىسى

ئۇرنى لوپ ناھىيىسى يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ غەربىدىكى قۇتچى كەنتىدە، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدا. شىمالى لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسى بىلەن تۇتۇشۇپ، خوتەن شەھىرى بىلەن دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. لوپ ناھىيە شەھەر ئىچى بىلەن ئارىلىقى 21 كىلومېتىر، ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 85 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2482 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭدىن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىر، ھازىر نەخ بار ئىشچى-خىزمەتچى 435 كىشى، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 327 كىشى، خەنزۇ 108 كىشى.

كارخانا 1951-يىلى قۇرۇلغان. ئازاتلىقتىن بۇرۇن بۇ يەر خوتەن ۋىلايىتى بويىچە داڭلىق بولغان قوي يۇڭى ۋە باشقا چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ ساتىدىغان بازار بولۇپ، "مويكا" دەپ ئاتىلاتتى. "مويكا" خەنزۇچە سۆز بولۇپ، ئېلىم-سېتىم تۈگۈنى دىگەن مەنىدە. كېيىن كىشىلەر بۇ يەردە قوي يۇڭىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ كىگىز، گىلەم قاتارلىق توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتكەنلىكتىن بۇيەر خوتەننىڭ شەرقىدىكى ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ قوي يۇڭى، كىگىز، گىلەم قاتارلىقلارنى ئېلىپ ساتىدىغان سودا مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغان. ئازاتلىقتىن كېيىن ھۆكۈمەت بۇ يەردىن پايدىلىنىپ، كىگىز، گىلەم قاتارلىق يۇڭ توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنى قۇردى. 1951-يىلى تېخىمۇ كېڭەيتىپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گىلەم كارخانىسىنى قۇردى. بۇ يەر ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايدۇ. ئاساسلىقى گىلەم ئىشلەپچىقىرىدۇ.

كارخانا خەرىتە لايىھەلەش ئىشخانىسى، گىلەم توقۇش سېخى، گىلەم يۇيۇش سېخى، گىلەم تۈزۈش سېخى، بوياقچىلىق سېخى، تاراش، يىپ ئىگىرىش سېخى دىگەنلەرگە بۆلىنىدۇ. 62 دانە گىلەم تۇقۇش ماشىنىسى، 16 دانە يۇڭ تاراش ئۈسكۈنىسى، 9 دانە تۈزۈش، رېمونت قىلىش، يۇيۇش، بۇياش ماشىنىسى، 10 دانە رېمونت قىلىش ئۈسكۈنىسى، 4 دانە گولۇ ئوچاق، 8 دانە ماشىنا ۋە توك بېرىش ئەسلىھەلىرى بار. يىلىغا ئوتتۇرا ھىساب بىلەن 10 مىڭ كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىدۇ. مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

خوتەن-شىنجاڭدىكى گىلەم يۇرتى بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە نامى بار. توقۇغان گىلەمنىڭ سۈپىتى ئېسىل، تۈۋتى يۇمشاق، ئەۋرىشىم، چىدامىلىق، نەمدىن، چىرىپ كېتىشتىن ساقلىنالايدۇ. ئىشلەتكەنسىرى پاقىرايدۇ. گىلەمنىڭ نۇسخىسى مىللى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبقا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا باشقىلارنىڭ نۇسخىسىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭىدىن ئىجات قىلىپ، بارغانسىرى كۆركەم، ئېسىل توقۇلماقتا، كىشىلەردە شىئىرى تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولماقتا. يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن

بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بۇ كارخانىغا نۇرغۇن قېتىم كېلىپ كۆزدىن كۆچۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. كامبودژا دۆلەت باشلىقى سىخانۇك چىڭۋاڭ قاتارلىق چەتئەل رەھبەرلىرى، سودىگەرلەر، دوستلار كۆپ قېتىم كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇنىڭ سىرتقا ئېكسپورت قىلىش كۆلىمى ۋە مىقدارى بارغانسىرى كېڭەيمەكتە، ئاۋۇماقتا. يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىتالىيە، بېلگىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، غەربىي گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، شاڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا ئاپىرىپ سېتىلماقتا.

بۇ كارخانىدا يەنە دوختۇرخانا، تازىلىق ئۆيلىرى (مۇنچا، ساتىراچخانا)، كىنوخانا، تېلېۋىزورخانا، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبى ۋە تەنتەربىيە ئۇسكۇنىلىرى بار. ھەم زىيالىي ياشلار سودا دۇكىنى، زىيالىي ياشلار ئاشخانىسى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى، بالىلار يەسلىسى قاتارلىق ئورۇنلىرى بار. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا بېرىش، ئىشتىن چۈشۈش ۋە بالىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىشىغا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن خوتەن بىلەن كارخانا ئارىلىقىدا مەخسۇس ئاپتوبۇس قاتنايدۇ.

# سۈنئىي قۇرۇلۇش نامىلىرى

# مۇھىم قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆلچەملىك نامى

## لوپ ناھىيىلىك باش ئۆستەڭ

لوپ ناھىيىلىك باش ئۆستەڭ ناھىيە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سامپۇل يېزا بىرلىكە نتىگە جايلاشقان. غەربىي جەنۇبىي يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قارايانتاق كەنتىدىن باشلىنىپ، شەرقىي لوپ ناھىيىلىك باش زاكۇغىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 6.5 كىلومېتىر، 1964 ـ يىلى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1967 ـ يىلى پۈتكەن. بۇ ئۆستەڭ پۈتۈنلەي تاش بىلەن قاتۇرۇلـغان. باش ئۆستەڭنى ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى ئۆلچەپ لايىھەلەپ ئىشلىگەن. ئۇ مۇنتىزىم ئۆستەڭ ۋە ۋاقىتلىق ئۆستەڭدىن ئىبارەت 2 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مۇنتىزىم ئۆستەڭ قىسمى (ئايىغى) باش زاكۇدىن تارتىپ، بويا تاش يولىنىڭ بۇرۇلۇش قىسمىغىچە ئۇزۇنلىقى 4.75 كىلو مېتىر، ئۆستەڭ تېگىنىڭ كەڭلىكى 22 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 29.4 مېتىر، قوش ئاتكوسلۇق، ئېقىش مىقدارى سېكونتىغا 135 كۇپمېتىر، ۋاقىتلىق ئۆستەڭ قىسمى (بېشى) بويا تاشيولىنىڭ بۇرۇلۇش جايىدىن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغىچە ئۇزۇنلۇقى 1.5 كىلومېتىر، ئۆسـتەڭ تېگىنىڭ كەڭلىكى 14 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىگى 21.2 مېتىر، ئېقىش مىقدارى سېكونتىغا 70 كۇپمېتىر لايىھەلەنگەن. ئەمەلىيەتتە سۇ كىرىش مىقدارى سېكونتىغا 100 كۇپمېتىر.

باش ئۆستەڭ پۈتۈن ناھىيىگە سۇ باشلايدىغان مۇھىم جان تومۇر بولۇپ، ئۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن باش زاكۇ ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيىدىكى 400 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغۇرۇش ۋە پۈتۈن ناھىيىدىكى 160 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىماقتا. ئۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ سۇ مەنبەسى بولغاچقا، لوپ ناھىيىلىك باش ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان ۋە يىل بويى مەخسۇس ئادەم قوغدايدۇ ھەم رېمونت قىلىدۇ. باش ئۆستەڭنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ ياسالغان 12 كىلومېتىرلىق چوڭ تاشيول بىۋاستە باش ئۆستەڭنىڭ بېشىغا ئېلىپ بارىدۇ. تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپى ئورمان بىلەن قاپلانغان. ئۆستەڭ بىلەن تاشيول ئورمىنى بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن.

## لوپ ناھىيىلىك باش زاكۇ

باش زاكۇ ناھىيە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 24 كىلومېتىر جايغا، سامپۇل يېزىنىڭ بىرلىكە نتىگە جايلاشقان بولۇپ، لوپ ناھىيىسىنىڭ سۇ تۈگۈن قۇرۇلۇشى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ پۈتۈن ناھىيىـدىكى ھەرقايىسى يېزىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك سۇنى ئومۇمىيۈزلۈك تەقسىم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا لوپ ناھىيىلىك سۇ ئايرىش باش زاكۇسى دەپ ئاتالغان. قىسقارتىپ باش زاكۇ دېيىلىدۇ. باش زاكۇنى خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ ئېلېكتىر باشـ

قارمىسى ئۆلچەپ لايىھەلىگەن. لوپ ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ ياسىغان، دەسلەپتە 1965 ـ يىلى ئىش باشلىغان، 1966 ـ يىلى دۆلەت بايرىمىدا پۈتكەن. پۈتۈن قۇرۇلۇش گائىجىنلىق سېمونت لاي بىلەن قاتۇرۇلغان. ئۆستەڭ تىگىگە 12 مېتىر چوڭقۇر قېزىپ ئۇل قۇرۇلغان. زاكوۇنىڭ ئومۇمى ئېگىزلىكى 4.8 مېتىر، زاكوۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 48 مېتىر، 3 ئېغىزلىق كەلكۈن سۇ ۋە لاي ئېقىتىدىغان چۈشۈرگىسى بار، ئوق زاكوۇ 8 ئېغىز بولۇپ ھەممىسى ئەگمە شەكىللىك. كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر، ھەممە ئېغىزلىرىغا ئېچىش، ئېتىش سۈپىسى (چىبى تەي) ۋە چوڭ تېپتىكى ئېچىش، ئېتىش ماشىنىسى (چىبى جى) ئورنىتىلغان. سۇ ئۆتۈش مىقدارى سېكونتىغا 85 كۇپمېتىر قىلىپ لايىھەلەنگەن. باش زاكوۇنىڭ تۆۋەن تەرىپى يەنە شەرق ۋە غەربى ئوق ئۆستەڭ دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. شەرقى ئوق ئۆستەڭنىڭ 1 ـ، 2 ـ 3 ـ زاكوۇسى، غەربى ئوق ئۆستەڭنىڭ 1 ـ، ۋە 2 ـ زاكوۇسى بار. شەرقى ئوق ئۆستەڭنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ زاكوۇسى دول، سامپۇل، ناۋا، لوپ، چارباغ، بەشتوغراق قاتارلىق 6 يېزىغا سۇ تەقسىم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. 2 ـ زاكوۇنىڭ سۇ مىقدارى سېكونتىغا 50 كۇپمېتىر دەپ لايىھەلەنگەن. غەربى ئوق ئۆستەڭنىڭ 1 ـ 2 ـ زاكوۇسى يۇرۇڭقاش، جىيا، ھاڭگىي قاتارلىق يېزىلارغا سۇ تەقسىم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

باش زاكوۇ بىلەن شەرقى ۋە غەربى ئوق ئۆستەڭنىڭ ھەر قايسى زاكوۇلىرى بىرگەۋدە سۈپىتىدە خوتەن ۋىلايىتى بويىچە چوڭراق سۇ ئىنشائاتلىرى توگۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ. 1966 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىشقا چۈشكەن.

ئۇندىن باشقا مېھمانخانا، تېلېۋىزور ئۆيى، كىنوخانا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ياتىقى بار. ھەر قايسى زاكوۇلاردا ئوتتۇراھال مېۋىلىك باغلار قۇرۇلغان بولۇپ، زور مىقداردا مېۋە ـ چېۋە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھازىرقى باش زاكوۇ ئەسلىدىكى تۇتاش كەتكەن تاشلىق جاڭگالدىن بىراقلا ياپ يېشىلزارلىققا، مېۋە ـ چېۋىلەر تولۇپ تۇرغان، يوللىرى ئازادە، سۈيى ئۇركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان، گۈللەپ ياشناۋاتقان مەنزىرىگە ئايلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بويان ھەر ياز پەسلى كەلگەندە چەتتىن كەلگەن ئېكسكورسىيەچىلەر ۋە مۇشۇ ناھىيىنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي بۇ جايغا كېلىشىدۇ.

### لوپ ناھىيە قاراكۆل سۇ ئامبىرى

قاراكۆل سۇ ئامبىرى ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى 3 كىلومېتىر جايغا جايلاشقان. بۇ جاي قەدىمدىن تارتىپ بىرتۇتاش سازلىق، پاتقاق يەر بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا سۇ يىغىلىپ كۆل ھاسىل بولغان. يىل بويى سۇ چىڭقىلىپ قاپقارا پاتقاق لاي بولۇپ قالغاچقا "قاراكۆل" دەپ ئاتالغان. بۇ جاي سۇ ئامبىرى قىلىپ ياسالغاندىن كېيىنمۇ ئەسلى يەرنامىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

1956 ـ يىلى سۇ ئامبىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىنشالار نازارىتى قەشقەر سۇ ئۆلچەش باش ئەترىتى ئۆلچەپ لايىھەلىگەن ۋە قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلغان. 1957 ـ يىلى پۈتكۈزگەن. شۇچاغدىكى سۇ سىغىمچانلىقى 8 مىليون كۇپمېتىر لايىھەلەنگەن. دەمبۇسى (قېيشى) نىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 2 مىڭ مېتىر، سۇ قويۇۋېتىش زاكوۇسى 2 جايغا لايىھەلەنگەن،

ياغاچتا ياسالغان بولۇپ، 1960 ــ يىلدىن 1961 ــ يىلغىچە كېڭەيتىپ قۇرۇلغان. كېڭەيتىلگەن دەمبۇئۇزۇنلۇقى 3600 مېتىر، ئېگىزلىكى 13 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 8 مېتىر، 7 كۇبمېتىرلىق ئىككى سېمونت زاكۇ ياسالغان. سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ سىغىمچانلىقى 25 مىليون كۇبمېتىرغا يەتكۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئامباردا توختايدىغان سۇ سىغىمچانلىقى 700 مىڭ كۇبمېتىر. نورمال ھالەتتە 20 — 22 مىليون كۇبمېتىر سۇ ساقلىغىلى بولىدۇ. سۇ يۈزىنىڭ ئەڭ چوڭ كۆلىمى 1000 مو. سۇغۇرۇش كۆلىمى 120 مىڭ مو. كېڭەيتىپ ياسالغاندىن كېيىن دول ۋە بەشتوغراق يېزىلىرىنىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى سۇغۇرۇشتا موھىم رول ئوينىدى.

سۇ ئامبىرىنىڭ ئىقتىسادى ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن 1964 ــ يىلى ئامبارغا بېلىجانلار قويۇپ بېرىلگەن. 1966 ــ يىلى بېلىق تۇتۇشقا باشلاپ، ھازىرغىچە ھەر يىلى 15 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق بېلىق سۈزۈۋېلىنىدۇ. بۇ يەر ھازىر ناھىيىمىزنىڭ مۇھىم بېلىقچىلىق بازىسى بولۇپ قالدى. ھازىر قاراكۆل سۇ ئامبىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. بۇ ئامبار ناھىيىمىز ياشلىرىنىڭ سۇ ئۈزۈپ، بەدەن چېنىقتۇرىدىغان كۆڭۈلدىكى يېرى بولۇپ قالدى. ھەر يىلى يازدا سۇ ئۈزگۈچىلەر بۇ يەرگە كۆپلەپ كېلىپ كېتىپ تۇرىدۇ.

### جىيا ئۆستىڭى

بۇ جىيا يېزىسىنىڭ ئۇق ئۆستىڭى بولۇپ، جىيا يېزىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1960 ــ يىلى ياسالغان. ئۆستەڭ جەنۇب تەرەپتە باش زاكۇنىڭ غەربى ئۇق ئۆستىڭىدىكى 2 ــ زاكۇ (بۇرجەك زاكۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىن باشلىنىپ، شىمال تەرەپتە جىيا يېزىسىنىڭ تاۋىغاز كەنتىگىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 14 كىلومېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.5 ــ 2 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئۆستەڭ پۈتۈنلەي تاش تېزىپ قوپۇرۇلغان، ئېقىش مىقدارى سېكونتىغا 1.5 كۇبمېتىر لايىھەلەنگەن. ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 30 مىڭ مو.

### ناۋا ئۆستىڭى

بۇ ناۋا يېزىسىنىڭ ئۇق ئۆستىڭى بولۇپ، ناۋا يېزىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1966 ــ يىلى ياسالغان. باش ئۆستەڭنىڭ شەرقى ئۇق ئۆستىڭىدىكى 3 ــ زاكۇ (موللەك زاكۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىن باشلىنىپ، ناۋا يېزىسىنىڭ ئاچادۆڭ كەنتىدە توختايدۇ ۋە دول ئۆستىڭىگە ئۇلىنىدۇ. پۈتۈن ناۋا يېزىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10.1 كىلومېتىر، كەڭلىكى 3.5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىر، پۈتۈنلەي تاش تىزىپ قوپۇرۇلغان. ئېقىش مىقدارى سېكونتىغا 6 كۇبمېتىر، ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 22 مىڭ 900 مو، ئۆستەڭ بويلاپ ياسالغان تاشيول ئورمان بىلەن قاپلانغان.

### سامپۇل ئۆستىڭى

سامپۇل ئۆستىڭى سامپۇل يېزىسىنىڭ ئاساسلىق ئۇق ئۆستىڭى بولۇپ، سامپۇل يېزىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1971 ــ يىلى ياسالغان. ئورنى سامپۇل يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز ئارىلىقى 1 كىلومېتىر، ئۆستەڭنىڭ جەنۇبى سايغا تۇتۇشىدۇ. تەمە چاقا كەنتىدىن باشلىنىپ، قوتاز لەڭگىرى كەنتىگىچە 2 كەنتنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن غەربى جەنۇبتىن شەرقى شىمالغا

قايرىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىر، پۇتۇنلەي تاش تىزىپ قوپۇرۇلغان. بۇ ئۆستەڭنىڭ باش ۋە ئوتتۇرا قىسمىدا ئۇدا 7 جايدا تىك 5 مېتىرلىق سەكرەتمە ياسالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يول بويلاپ 6 تارماق ئېقىمغا بۆلۈنىدۇ. ئومۇمىي ئېقىش مىقدارى سېكۇن-تىغا 10 كۇبمېتىر، ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 38 مىڭ 468 مو.

## بوشقان ئۆستىڭى

بۇئۆستەڭنىڭ باش، ئوتتۇرا ئېقىن قىسمى لوپ بازىرىغا جايلاشقان. ناھىيە شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەرققە قىيپاش بولۇپ، ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، بوشقان كەنتىگە قاراپ ئاققانلىقتىن بوشقان ئۆستىڭى دەپ نام ئالغان. ناھىيە شەھىرىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى سامپۇل ئۆستىڭىدىن باشلىنىپ، شىمالدىن راخمانپۇر ئۆستىڭىگىچە ئۇزۇنلۇقى 9.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.2 مېتىر، ئەڭ چوڭ ئېقىش مىقدارى سېكۇنتىغا 5 كۇبمېتىر، 1962-يىلى ياسالغان. بۇ ئۆستەڭنىڭ باش ۋە ئوتتۇرا قىسمى ناھىيە شەھىرىنىڭ مەر-كىزىدە غەربكە قىيپاش بولۇپ، غەربىدىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ كەينىدىكى ناھىيە شەھىرىنىڭ مەركىزىدىن شەرققە قىيپاش كەلگەن جايدىن باشلاپ، شىمالغا قاراپ يول بويلاپ 9 كەنتكە ئاقىدۇ. ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 13 مىڭ 200 مو، لوپ بازىرىنىڭ مۇھىم ئۇق ئۆستىڭى ھېساپلىنىدۇ.

## چاپال ئۆستىڭى

لوپ بازىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئاساسەن چاپال كەنت ئارقىلىق ئېقىپ ئۆتكەچكە چاپال ئۆستىڭى دەپ نام ئالغان. قىرقاش سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىسىدىن باشلىنىپ، شىمالدىن خېنى كەنتىگىچە غەربى جەنۇپتىن شەرقى شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى7.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.6 مېتىر، ئەڭ چوڭ ئېقىش مىقدارى سېكۇنتىغا 5 كۇبمېتىر، 6 كەنتتىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 7800 مو، 1965-يىلى ئەسلىدىكى كونا ئۆستەڭ ئورنىغا كېڭەيتىپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ياسالغان ۋە تاش تىزىپ قوپۇرۇلغان.

## چارباغ ئۆستىڭى

بۇ چارباغ يېزىسىنىڭ ئاساسلىق ئۆستىڭى بولۇپ، چارباغ كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇ يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. باش زاكۇنىڭ شەرقى ئۆستەڭ 1-زاكۇ (شېھىتلىق زاكۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) دىن باشلىنىپ، تاپان زاكۇغىچە ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 21 كىلومېتىر، كەڭلىكى 8 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، پۈتۈنلەي تاش تېزىپ قوپۇرۇلغان. ئېقىش مىقدارى سېكۇنتىغا 12 كۇبمېتىر، ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 70 مىڭ مو، 1970-يىلى كونا ئۆستەڭ ئورنىغا كېڭەيتىپ ياسالغان.

## دول ئۆستىڭى

بۇ دول يېزىسىنىڭ ئۇق ئۆستىڭى بولۇپ، يېزا نامى بىلەن ئاتالغان. ئۆستەڭنىڭ بېشى يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا، ئوتتۇرا قىسمى يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. ئۆستەڭ ناھىيىنىڭ قىرقاش سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىسىدىن باشلىنىپ، دۆڭئازما كەنت-

گىچە ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 12.8 كىلومېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.8 مېتىر، ئېقىش مىقدارى سېكونتىغا 12 كۇبمېتىر. پۈتۈن ئۆستەڭدە 7 زاكۇ، 3 تارماق ئۆستەڭ بار. ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 46 مىڭ 371 مو، 1966 ـ يىلى كونا ئۆستەڭنىڭ ئورنىغا قايتا ياساپ پۈتكۈزۈلگەن.

### ياندۇرما ئۆستىڭى

بۇ دول يېزىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاساسەن ياندۇرما كەنتىدىن ئېقىپ ئۆتكەنلىكتىن ياندۇرما ئۆستىڭى دەپ نام ئالغان. بۇ دول ئۆستىڭىنىڭ ئاساسلىق تارماقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دۆڭئازما كەنتىدىن باشلىنىپ، شوركۆتەك كەنتىگىچە 6 كەنتتىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئېقىش مىقدارى سېكونتىغا 4 كۇبمېتىر. ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 16 مىڭ 209 مو، 1975 ـ يىلى ياساپ پۈتكۈزۈلگەن.

### هاڭگى ئۆستىڭى

هاڭگى يېزىسىنىڭ ئاساسلىق ئۇق ئۆستىڭى بولۇپ، يېزا نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئۆستەڭ لوپ باش زاكۇنىڭ غەربى ئۆستەڭ 1 ـ زاكۇسىدىن باشلىنىپ، خوراز توغراق دېھقانچىلىق مەيدانىغىچە يۇرۇڭقاش بازارىنىڭ جەنوب ۋە شەرقىدىكى كەنتلىرى ئارقىلىق چارباغ يېزىسىنىڭ غەرب ۋە شىمالىدىكى كەنتلەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ هاڭگى تەۋەلىكىگە ئېقىپ كىرىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 41 كىلومېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.8 مېتىر، 50 پىرسەنتى تاش تېزىپ قوپۇرۇلغان. ئېقىش مىقدارى سېكونتىغا 12 كۇبمېتىر، پۈتۈن ئۆستەڭگە 13 جايغا سېمونت زاكۇ ياسالغان. 29 تارمېقى بار. ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 77 مىڭ مو، 1965 ـ يىلى كونا ئۆستەڭنىڭ ئورنىغا قايتا پىلانلاپ ياساشقا كىرىشكەن. 1975 ـ يىلى پۈتكەن. پۈتۈنلەي سېمىنتلاشقان.

### ئالتىملە ئۆستىڭى

يۇرۇڭقاش بازىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە جايلاشقان. بۇ ئالتىلە كەنتىگە بارىدىغان ئۇق ئۆستەڭ بولغاچقا ئالتىملە ئۆستىڭى دەپ ئاتالغان. جەنۇبى هالۇبويى كەنتىدىن باشلىنىپ، شىمالى يېڭىئاۋات كەنتىگىچە ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.6 مېتىر، 12 جايدا سېمونت زاكۇسى ۋە 19 تارمېقى بار. ئېقىش مىقدارى سېكونتىغا 5 كۇبمېتىر، ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 12 مىڭ مو.

### بۇيا ئۆستىڭى

بۇيا كەنتىنىڭ ئۇق ئۆستىڭى بولغاچقا كەنت نامى بىلەن شۇنداق نام ئالغان. 1971 ـ يىلى ياساپ پۈتكۈزۈلگەن. جەنۇبى سېرىقئىلەك كەنتىدىن باشلىنىپ، شىمالى شاخلىق كەنتىدە توختايدۇ. ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر بولۇپ 14 كەنتتىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. كەڭلىكى 6.5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.6 مېتىر، پۈتۈنلەي تاش تېزىپ قوپۇرۇلغان. 14 جايدا سېمونت زاكۇسى، 24 تارمېقى بار. ئېقىش مىقدارى سېكونتىغا 7.5 كۇبمېتىر، ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 20 مىڭ مو.

### تامئېغىل ئۆستىڭى

بۇ تامىغىل كەنتىگە تاقىدىغان مەخسۇس ئۆستەڭ بولغاچقا كەنت نامى بىلەن شۇنداق ئاتالغان. بۇ ئۆستەڭنىڭ جەنۇبى بوياتايرىش كەنتىدىن باشلىنىپ، شىمالىي ساي كەنتىدە توختايدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىر، 5 كەنتتىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. كەڭلىكى 2 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.6 مېتىر، پۈتۈنلەي تاش تېزىپ قۇيۇپ قۇرۇلغان. 5 سېمونت زاكۇ، 10 تارماق ئېرىقى بار. ئېقىش مىقدارى سېكونتىغا 4 كۇبمېتىر، ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 6 مىڭ مو. 1967 - يىلى كونا ئۆستەڭ ئورنىغا ياسالغان.

**كونىزي ئۆستىڭى**

بۇ كونىزي كەنتىنىڭ مەخسۇس ئۆستىڭى بولغانلىقتىن كەنت نامى بىلەن شۇنداق ئاتالغان. بۇ ئۆستەڭنىڭ جەنۇبى سېرىقئىلەك كەنتىدىن باشلىنىپ شىمالىي تاشقارقى چارباغ كەنتىدە توختايدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.6 مېتىر، پۈتۈنلەي تاش تېزىپ قۇيۇپ قۇرۇلغان. 12 سېمونت زاكۇ، 24 تارماق ئېرىقى بار. ئېقىش مىقدارى سېكونتىغا 7 كۇبمېتىر، ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇش كۆلىمى 17 مىڭ مو، 1968 - يىلى كونا ئۆستەڭ ئورنىغا رېمونت قىلىپ ياساپ، تاش تىزىپ پۈتكۈزگەن.

**جىيا يولى**

جىيا يولىنىڭ جەنۇبى يۇرۇڭقاش كۆۋرۈكىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تاۋىغاز كەنتىگە بارىدۇ. جىيا يېزىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر، يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى 9 مېتىر، ماي ياتقۇزۇلغان. 1959 - يىلى ياساپ پۈتكۈزۈلگەن. جىيا يېزا نامى بىلەن ئاتالغان. يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئورمان بىلەن قاپلانغان.

**ناۋا يولى**

ناۋا يولىنىڭ غەربى باش زاكۇنىڭ 3 - زاكۇسىدىن باشلىنىپ، شەرقى لوپ بازار قىرقاش كەنتىگە بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11.9 كىلومېتىر، ئىككى تەرىپى ئورمان بىلەن قاپلانغان. پۈتۈن ناۋا يېزىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ناۋا يېزا نامى بىلەن ئاتالغان. 1968 - يىلى ياساپ پۈتكۈزۈلگەن. 1983 - يىلى شېغىل ياتقۇزۇلغان.

**بوشقان يولى**

بۇ يولنىڭ غەربى سامپۇل كۆۋرۈكىدىن باشلىنىپ، شىمالى خېنى كەنتىگە بارىدۇ. ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 9.5 كىلومېتىر، شېغىل ياتقۇزۇلغان. ئىككى تەرىپىدە ئورمان بار. بۇ يول ئۇدۇل بوشقان كەنتىگە ياسالغاچقا بوشقان يولى دەپ نام ئالغان.

**چاپال يولى**

جەنۇبى قىرقاش سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن باشلىنىپ، شىمالىي خېنى كەنتىدە توختايدۇ. يول بويىدا چاپال ئۆستىڭى يانداشقان. ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 7.5 كىلومېتىر، ئىككى تەرىپىدە ئورمان بار. 1956 - يىلى چاپال ئۆستىڭىنى ياسىغاندا بىللە ياسالغان. 1980 - يىلى شېغىل ياتقۇزۇلغان. چاپال كەنتىنى توغرا كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن چاپال يولى دەپ نام ئالغان.

**بامىي يولى**

بۇ يولنىڭ جەنۇبى ئايردش زاكوۋدىن باشلىنىپ، شىمالي چارباغ كەنتىدە توختايدۇ. ئومۇمي ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر، شېغىل ياتقۇزۇلغان. 1970 ـ يىلى ياسالغان. ئاساسەن بامىي كەنتىنى كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن بامىي يولى دەپ نام ئالغان.

**گىجا يولى**

جەنۇبى باش ئۆستەڭ 1 ـ زاكوۋدىن باشلىنىپ، شىمالى تاپان زاكوۋغىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، شېغىل ياتقۇزۇلغان. 1972 ـ يىلى ياسالغان. بۇ يول گىجا كەنتىنى كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن گىجا يولى دەپ نام ئالغان.

**دول يولى**

غەربى جەنۇبى تەرىپى قىرقاش سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن باشلىنىپ، شىمالى دۆڭئازمىغىچە دول ئوق ئۆستىڭىنى بويلاپ ئېلىنغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر. كەڭلىكى 12 مېتىر، 1964 ـ يىلى ياسالغان. 1983 ـ يىلى ماي ياتقۇزۇلغان. بۇ ئاساسەن دولنىڭ يولى بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**هاڭگىي يولى**

جەنۇبى لوپ بازىرىدىن باشلىنىپ، شىمالى هاڭگىي ئوق ئۆستەڭ 5 ـ زاكوۋغىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر، 1964 ـ ياسالغان. 1983 ـ يىلى ماي ياتقۇزۇلغان. بۇ لوپ بازىرىدىن هاڭگىي يېزىسىغا بارىدىغان ئوق يول بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**قۇتچى يولى**

جەنۇبى تەرىپى خالدامەھەللىسىدىن باشلىنىپ، شىمالى تەرىپى قۇتچى كەنتىگىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7 كىلومېتىر. 1964 ـ يىلى ياسالغان. 1980 ـ يىلى شېغىل ياتقۇزۇلغان. بۇ مەخسۇس قۇتچى كەنتىگە بارىدىغان يول بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان.

**ئالتىلە يولى**

جەنۇبى هالۇبويى كەنتىدىن باشلىنىپ، شىمالى يېڭىئاۋات كەنتىگىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 9 كىلومېتىر، 1965 ـ يىلى ياسالغان. 1968 ـ يىلى شېغىل ياتقۇزۇلغان. بۇ يول ئالتىلە كەنتىنى كېسىپ ئۆتكەچكە شۇنداق نام ئالغان.

**بۇيا يولى**

جەنۇبى سېرىقئىلەك كەنتىدىن باشلىنىپ، شىمالى شاخلىق كەنتىگىچە ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، 1971 ـ يىلى ياسالغان. 1980 ـ يىلى شېغىل ياتقۇزۇلغان. بۇيا ئوق ئۆستىڭىنى بويلاپ ياسالغاچقا بۇيا يولى دەپ ئاتالغان.

**كونزي يولى**

جەنۇبى سېرىقئىلەك كەنتىدىن باشلىنىپ، شىمالى تاشقىرقى چارباغ كەنتىگىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر، 1969 ـ يىلى ياسالغان. 1980 ـ يىلى شېغىل ياتقۇزۇلغان. بۇ كونزي كەنتىگە بارىدىغان ئوق يول بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**سامپۇل يولى**

شىمالى تەرىپى لوپ بازار قىرقاش كەنتىدىن باشلىنىپ، جەنۇبى سامپۇل يېزىسىغىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6.5 كىلومېتىر، 1965 ـ يىلى ياسالغان. 1980 ـ يىلى شېغىل ياتقۇزۇلغان. بۇ لوپ بازىرىدىن سامپۇل يېزىسىغا بارىدىغان ئوق يول بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

**خوتەن ـ لوپ يولى**

غەربى تەرىپى خوتەن شەھىرىدىن باشلىنىپ، شەرقى تەرىپى لوپ ناھىيە شەھىرىگىچە بارىدۇ. بۇ ئەسلى خوتەندىن نىيە ناھىيىسىگە بارىدىغان تاشيول بولۇپ، خوتەن بىلەن لوپ ئارىلىقىدىكى بىر ئۇچاستكا بولغاچقا خوتەن ـ لوپ يولى دەپ نام ئالغان. 1941 ـ ياسالغان. ئازاتلىقتىن كېيىن بىرقانچە قېتىم كېڭەيتىلگەن ۋە رېمونت قىلىنغان. 1975 ـ يىلى قايتا ياساپ ماي ياتقۇزۇلغان. بۇ يول خوتەندىن باشلىنىپ، يۇرۇڭقاش بازار ۋە چارباغ يېزىدىن ئۆتۈپ، لوپ ناھىيە شەھىرىگە كىرىپ ئاندىن چىرا، كېرىيە، نىيىگە يۈزلىنىدۇ. خوتەن شەھىرى بىلەن لوپ ناھىيە شەھىرىگىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر. كەڭلىكى 10 مېتىر.

# تەبئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ ناملىرى

# مۇھىم تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ ئۆلچەملىك نامى

## (تاغ، تاغ چوققىسى، تاغ ئېغىزى، جىلغا، دەريا، ساي، چارۋىچىلىق نۇقتىلىرى)

**تىكىلىك تاغ** (تاغ)

تىكىلىك تاغ ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى 85 كىلومېتىر جايغا جايلاشقان. شەرقى چىرا ناھىيە تاغلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبى تەرىپى شىنزاڭغا تۇتىشىدۇ. غەربى تەرىپى خوتەن ناھىيە چېگرىسىدىكى تاغلارغا ئۇلىنىدۇ. شىمالى تەرىپى لوپ ناھىيىسىگە قاراپ تۇرىدۇ. ئۇ كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ بىر تارمىقى، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4 مىڭ مېتىر، ئاچچىق، ئوتتۇراقىر، قۇمات تاغلىرىدىن تەركىب تاپقان. پۈتكۈل تاغ لوپ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى قىسمىدىن توغرا كېسىپ ئۆتىدۇ ۋە 50 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنىسىغا سوزۇلۇپ بىر تەبىئىي توساق ھاسىل قىلغان. ئاساسى چوقا 5600 مېتىر ئېگىز بولۇپ، يىل بويى قارا تۇمان قاپلاپ تۇرىدۇ. ئادەم ۋە ھايۋان ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا تىكىلىك (تىك ئېگىزلىك) دەپ نام ئالغان. يەنە بىر خىل رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە، چوققىغا پەقەت كىيىك تېكىسلا چىقالىغاچقا «تېكىلىك» دەپ نام ئالغان.

دېڭىز يۈزىدىن 4800 مېتىر ئېگىز جايدا قار كۆپ بولۇپ، يىل بويى قار بىلەن قاپلىنىپ، خوددى مىس كىيىم كىيگەن باتۇرغا ئوخشاش ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. تاغ قاپتاللىرىدا يامغۇر، قار سۇلىرى تولۇق، يايلىقى مول بولۇپ، بۇ يەر ناھىيىمىزنىڭ مۇھىم يازلىق يايلىقى ھىساپلىنىدۇ. تاغدا كىيىك، ئۇلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ياشايدۇ.

**ئاچچىق تاغ** (تاغ)

ئۇرنى ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا. ناھىيە شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 60 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2500 مېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2700 مېتىر ئېگىز. ئاچچىق دەرياسى تاغ ئالدىدىكى تۇزلۇقسايدىن ئېقىپ ئۆتكەندىن كېيىن سۈيى ئاچچىق بولۇپ كېتىدو. شۇڭا ئاچچىق دەپ نام ئالغان. بۇ تاغدىن گەنجى، ئاھاك تېشى، كۆمۈر كۆپ چىقىدۇ. بولۇپمو ئاھاك تېشى بىلەن گەنجى كۆپ چىققانلىقتىن داڭقى بار. گەنجى داۋنى گەنجى ۋە ئاھاك تېشى چىقىدىغان موھىم بازا بولۇپ، يۈزەكى مۆلچەر بويىچە تاغ ئاستى مەھسۇلاتى 2 مىليارت 100 مىليون توننا كېلىدۇ. ئاچچىق تاغ بەلباغلىرى ئاساسلىق يازلىق يايلاق ھىساپلىنىدۇ.

**تۇگمەنتاشلىق** (تاغ چوققىسى)

ئورنى ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى 40 كىلومېتىر جايدا. بۇ تاغدىن ئاساسەن تۈگمەن تېشى

كۆپ چەقىچاقا تۇگمەنتاشلىق دەپ نام ئالغان. بۇ كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ بىر كىچىك تارمىقى بولۇپ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 3 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن 2200 مېتىر ئېگىز، يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق.

**پەشتاق** (تاغ ئېغىزى)

ئورنى ناھىيە شەھىرىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. ناھىيە شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 44 كىلومېتىر، كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا تاغ بەلبېغى ھېساپلىنىدۇ. غەربى يۇرۇڭ-قاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا تۇتۇشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2900 مېتىر، تاغ ئېغىزىدىكى ئاساسلىغان 2 مېتىر كەڭلىكتە تاغ يولى بولۇپ يولۇچىلار ۋە ھارۋا قاتنايدۇ. بۇ يول خوتەن-لوپتىن توگغۇزلۇققا بارىدىغان بىردىن-بىر قاتناش يولى ھېساپلىنىدۇ. پەشتاق پەلەمپەي دېگەن مەنىدە بولۇپ يول بارغانسىرى ئېگىزگە قاراپ ئۆرلىگەچكە شۇنداق نام ئالغان.

**سالمىلىق** (جىلغا)

ئورنى ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاچچىق تاغ ئېچىدە، ناھىيە شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 35 كىلومېتىر، ئاچچىق دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 2419 مېتىر ئېگىز. ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 250 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 100 مېتىر، كەلكۈن مەزگىلىدە جىلغا ئېچىدىكى ئېقىم مىقدارى سېكونتىغا 12 كۇپمېتىر، بۇ جىلغىدا سالما كۆپ بولغاچقا سالمىلىق دەپ نام ئالغان.

**خالىقجىلغىسى** (جىلغا)

ئورنى ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاچچىق تاغ ئېچىدە، ناھىيە شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 30 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 4 كىلومېتىر، كەڭلىكى 480 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 80 مېتىر، رىۋايەت قىلىنىشىچە تەخمىنەن 200 يىل بۇرۇن خالىق ئىسىملىك ئوۋچى مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن خالىقجىلغىسى دەپ نام ئالغان.

**سېسقيار** (جىلغا)

ئورنى دول يېزىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىدا. ناھىيە شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 14.6 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر، زېمىنى چوڭقۇر، ئوتتۇرىسى سازلىق، قۇمۇشلۇق، يىل بويى سۇ يىغىلىپ، سېسىق پۇراپ تۇرغاچقا سېسقياردەپ نام ئالغان.

**يۇرۇڭقاش دەرياسى**

يۇرۇڭقاش دەرياسى "ۋى شۇ" ناملىق كىتاپتا خەنزۇچە 首拔河 (مۇباخېي) دەپ يېزىلغان. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دا 玉河 (يۈيخې) دەپ يېزىلغان. «قورىغارنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە يۇرۇڭقاش قىر دەپ يېزىلغان. بۇ دەريا كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى چاڭچىمەن داۋىنىدىن باشلىنىدۇ. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە چاڭچىمەن نى 昌其满 دەپ يازغان. دەريانىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 197 كىلومېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 2 مىليارت 320 مىليون كۇپمېتىر، بۇ دەريانىڭ ئوتتۇرا قىسمى لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل، بۇيا، يۇرۇڭقاش، جىيا قاتارلىق يېزا بازارلىرىنىڭ غەربى چېتىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ھەر يىلى لوپ

ناھىيىسگە ئېقىپ كىرىدىغان سۇ مىقدارى 650 مىلڭ كۇب مېتىر، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئايىغى قۇرۇلۇش دېگەن يەردە قارىقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە تەكلىماكان چۆلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**ئاچچىق دەرياسى** (دەريا)

ئورنى سامپۇل يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدىكى 25 كىلومېتىر جايدا. بۇ دەريا تاغ ئىچىدىن ئېقىپ تاغ ئالدىدىكى تۇزلۇقسايغا كەلگەندە تەمى ئاچچىق بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئاچچىق دەريا دەپ نام ئالغان. جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. تىكلىك تاغنىڭ شەرقى جەنۇبىدىن 2500 مېتىر يىراقلىقتىكى ئوتتۇراتاغ بەلباغلىرىدىن باشلىنىپ، ئاچچىق تاغ بەلباغلىرىدا قوشۇلۇپ، بىر ئېقىن بولۇپ شەكىللەنگەن. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 150 كىلومېتىر، باش تەرەپتە قار ۋە مۇز ئاز ئېرىگەنلىكتىن سۈيى يېتىشمەي پەسىللىك دەريا قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ دەريا ئاچچىق تاغ جىلغىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ سايغا كىرگەندە سىڭىپ تۈگەيدۇ. ئىرىلغۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتۈش ئۇزۇنلۇقى 32 كىلومېتىر، سۇ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 12 مېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى سېكونتىغا 0.44 كۇبمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 14 مىليون كۇبمېتىر. ھەر يىلى 6 ـ ئايدىكى كەلكۈن مەزگىلىدە ئايلىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 650 كۇبمېتىر، سۇغۇرۇش كۆلىمى 2950 مو.

**ساقى دەرياسى** (دەريا)

ئورنى سامپۇل يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىدا. ناھىيە شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 25 كىلومېتىر، ئاچچىق تاغ جىلغىسىدىن باشلىنىپ، بەشتوغراق چۆلگە ئېقىپ كىرىپ سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ پەسىل خاراكتېرلىك دەريا. ھەر يىلى 5 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە تاغ يامغۇر سۈيى بىلەن تولۇقلىنىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 4 مېتىر، باشتىن ئاخىرى سايدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە پايدىلانغىلى بولمايدۇ. «ساقى» دېگەن سۆز «ساق»دىن ئۆزگەرگەن. تارىخى مەنبەلەردىن قارىغاندا، قەدىمكى خوتەندە ياشىغان ساق مىللىتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان دەپ پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

**پاختىلىق دەرياسى** (دەريا)

ئورنى لوپ ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى 35 كىلومېتىر جايدا. تىكلىك تاغلىرىنىڭ ئالدىنقى تاغ بەلباغلىرىدىن باشلىنىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 150 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 5 مېتىر. تاغ ئىچىدىكى يامغۇر سۈيى بىلەن تولۇقلىنىدۇ. بۇ پەسىل خاراكتېرلىك دەريا لوپ بىلەن چىرا ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سايدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. پايدىلانغىلى بولمايدۇ. ئەڭ يۇقىرى ئېقىن مىقدارى سېكونتىغا 10 كۇبمېتىر، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بويان ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، باش تەرەپتە سۈيى يوق. دەريا قۇرۇپ كېتىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە دەريا بېشىدىكى تاغ ئارىسىدا ئاپئاق بولۇتلار خۇددى پاختىغا ئوخشاش كوكتە لەيلەپ تۇرغانلىقتىن پاختىلىق دەپ نام ئالغان.

**ئوتتۇرا قىر دەرياسى** (دەريا)

ئورنى ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى 25 كىلومېتىر جايدا. پەسىل خاراكتېرلىك دەريا.

ئاساسەن باش ئۈتتۈرا قىر ۋە تۆۋەن ئۈتتۈرا قىر تاغلىرىدىن ئېقىپ كەلگەنلىكتىن شۇنداق نام ئالغان. تىكلىك تاغنىڭ ئالدىنقى تاغ بەلباغلىرىدىن باشلىنىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 100 كىلو- مېتىر. كەڭلىكى 4 مېتىر. تاغ ئىچىدىكى يامغۇرسۈيى بىلەن تولۇقلىنىدۇ. ھەر يىلى 5-ئايدىن 9- ئايغىچە سۇ ئاقىدۇ. ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 25 كۇپمېتىر. باشتىن ئاخىرى سايدىن ئېقىپ ئۆتكەنلىكتىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ.

(دەريا)

**قۇراملىق دەرياسى**

ئۇرنى ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى 23 كىلومېتىر جايدا. ئوتتۇرا قىر تاغ جىلغىسىدىكى ئاق قۇمدىن باشلىنىپ، بەشتوغراق يېزىسىنىڭ چۆلگە ئېقىپ كىرىپ سىڭىپ كېتىدۇ. پەسىللىك دەريا: تاغ ئىچىدىكى يامغۇرسۇيى بىلەن تولۇقلىنىدۇ. ھەريىلى 5-ئايدىن 9-ئايغىچە سۇ ئاقىدۇ. ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى سېكونتىغا 15 كۇپمېتىر. بۇ دەريا باشتىن ئاخىرى سايدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە پايدىلانغىلى بولمايدۇ. «قۇرام» دىگەن چوڭ تاش دىگەن مەنىدە بولۇپ دەريانىڭ باش تەرىپى قۇرام تاشلىق بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان .

(كۆلمەك)

**ئىلەككۆلمىكى**

ئۇرنى چارباغ يېزىسىنىڭ شەرقىدىكى 4.7 كىلومېتىر جايدا، زېمىنى پەس، يەر ئاستىدىن چىققان سۇ يىغىلىپ كۆلمەك ھاسىل بولغان. كۆلىمى تەخمىنەن 20 مو، بېلىق باقىلى بولىدۇ. بۇ، يەر ئاستى بۇلاق سۈيى بىلەن سىرتتىن ئېقىپ كەلگەن ساقىندى سۇ بىرلىشىپ كۆلمەك ھاسىل بولغاچقا ئىلەككۆلمىكى دەپ ئاتالغان.

(چارۋىچىلىق مەيدانى)

**تىكلىك**

ئۇرنى ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 80 كىلومېتىر جايدىكى تىكلىك تاغ رايونىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تىكلىك دەپ نام ئالغان. كۆلىمى 828 مو، بۇ پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئاساسلىق يازلىق يايلاق بولۇپ، تەبىئى شەكىللەنگەن. بۇ يەردە 10 مىڭ تۇياق چارۋا باقىلى بولىدۇ. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن كىيىك، ئۇلا قاتارلىقلار ياشايدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**ئاچچىق يايلىقى**

ئۇرنى ناھىيە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى 60 كىلومېتىر جايدا. بۇ يەر ئاچچىق تاغ ئىچىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق نام ئالغان. ئومۇمى كۆلىمى 274 مىڭ 600 مو، يازلىق ۋە قىشلىق يايلاق بولۇپ، ناھىيىمىزدىكى موھىم يايلاقلارنىڭ بىرى. بۇ يايلاقتا 13 مىڭ 730 تۇياق قوي باقىلى بولىدۇ. كىيىك، ئۇلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋاناتلار ياشايدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**شىرەمەلىك**

ئۇرنى سامپۇل يېزىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىدا، ناھىيە شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 80 كىلومېتىر، تاغ ئالدى تۈزلەڭ جاڭگاللىق. بۇ يەر شۋاق كۆپ ئۆسىدىغان زەيلىك، شورلۇق بولغاچقا شىرەملىك دەپ نام ئالغان. كۆلىمى 2 مىڭ مو، قومۇش، چىم ئۆسىدۇ. 800 قوي باقىلى بولىدۇ.

(چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

**شامالباغ**

ئورنى دول يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا. ئارىلىقى 1.7 كىلومېتىر. قۇم، بوران كۆپ چىققانلىقتىن شامالباغ دەپ ئاتالغان. تۈت ئەتراپى جىگدىلىك، كۆلىمى 300 مو، 520 قوي باققىلى بولىدۇ.

**مامۇتكۆلمەك** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

ئورنى دول يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 9.3 كىلومېتىر جايىدا، زېمىنى چوڭقۇر، دەسلەپتە مامۇت ئىسىملىك چارۋىچى ئۆي سېلىپ چارۋا باققانلىقتىن مامۇتكۆلمەك دەپ نام ئالغان. كۆلىمى500 مو، 400 قوي باققىلى بولىدۇ.

**چىلەكقۇم** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

ئورنى دول يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 7 كىلومېتىر جايىدا، بۇ يەردە ئىككى چوڭ قۇم دۆۋىسى چىلەك (+) شەكلىدە كېسىلىشىپ تۇرغاچقا چىلەكقۇم دەپ نام ئالغان. چۆللۈك يايلاق، كۆلىمى 600 مو، 400 قوي باققىلى بولىدۇ.

**قوشقۇدۇق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

ئورنى دول يېزىسىنىڭ شەرقىدىكى 20 كىلومېتىر جايىدا. بۇرۇن چارۋىچىلار ھايۋان سۇغۇرۇش ئۈچۈن ئىككى قۇدۇق كولىغان، شۇڭا قوشقۇدۇق دەپ نام ئالغان، چۆللۈك يايلاق، كۆلىمى 1000 مو، 2000 قوي باققىلى بولىدۇ.

**شورلۇقئويمان** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

ئورنى دول يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 18 كىلومېتىر جايىدا. بۇ يەرنىڭ زېمىنى چوڭقۇر، زەيلىك بولغاچقا شورلۇقئويمان دەپ نام ئالغان. قىش پەسىللىك چۆللۈك يايلاق. كۆلىمى 6000 مو، 3000 قوي باققىلى بولىدۇ.

**زۇلاۋتوغراق** (چارۋىچىلىق نۇقتىسى)

ئورنى ھاڭگى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىدىكى 6.5 كىلومېتىرجايىدا. زۇلاۋى ئىسىملىك ئادەم نامىغا قويۇلغان توغراق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. چۆللۈك يايلاق بولۇپ، يانتاق قومۇش، يۇلغۇن كۆپ ئۆسىدۇ. چۆل ئوتتۇرىسىدا بىرتۈپ توغراق قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. كۆلىمى 1200 مو، 700 قوي باققىلى بولىدۇ.

**گۇرۇنجىلىق** (ساي)

ئورنى ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 12 كىلومېتىر جايىدا. ئاچچىق دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا، كۆلىمى 1.2 كۋادرات كىلومېتىر، ھېچنەرسە ئۈنمەيدىغان ساي بولۇپ، ئۇششاق ئاق شېغىل كۆپ بولغاچقا ئاق شېغىلنى گۇرۇچكە ئوخشىتىپ «گۇرۇنجىلىق» دەپ نام قويۇلغان (گۇرۇنجا يەرلىك شىۋە تىل بولۇپ گۇرۇچ دىگەن مەنىدە).

**تۇزلۇقساي** (ساي)

ئورنى ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى 6.5 كىلومېتىر جايىدا. جەنۇبى ئاچچىق تاغقا تۇتىشىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 10 كۋادرات كىلومېتىر، شېغىللىق، بۇ جايدىن يەرلىك تاش تۇز كۆپ چىققانلىقتىن تۇزلۇقساي دەپ نام ئالغان.

**ناچى** (چۆل)

ئورنى جىيا يېزىسىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 21 كىلومېتىر جايدا. كۆلىمى تەخمىنەن 1200 مو، قۇمۇش، يانتاق كۆپ ئۆسىدۇ. «ناچى» دېگەن قۇمۇشتىن ياسالغان، مەشۇت يىپ تۈرۈدىغان غالتەك بولۇپ بۇ يەرنىڭ قۇمۇشىدىن كۆپلەپ ناچى ياسىغىلى بولىدۇ. شۇڭا ناچى دەپ نام ئالغان.

**سېغىزدۆڭ** (چۆل)

ئورنى جىيا يېزىسىنىڭ شىمالىغا قىيپاش شەرقىدە، ئارلىقى 9 كىلومېتىر، تەكلىماكان چۆلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. كۆلىمى 140 كۋادرات كىلومېتىر، يانتاق بىلەن توغراق ئۆسىدۇ. بۇ يەرقەدىمكى يۇرۇڭقاش دەريا ئورنى بولغانلىقتىن سېغىز كۆپ، ئورنى ئېگىز، شوڭا سېغىزدۆڭ دەپ نام ئالغان.

# ئاسارئەتىقلەر نامى

# مۇھىم بولغان قەدىمكى يادىكارلىق، قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ ئۆلچەملىك نامى

## راۋاق بۇتخانا خارابىلىقى (خارابە ئىزى)

«راۋاق» دىگەن نام يەرلىك خەلقنىڭ (ئۇيغۇر خەلقنىڭ) مۇشۇ يەردىكى بۇتخانىنىڭ ساقلىنىپ قالغان گۇمبەز شەكلىدىكى كۆرۈنىشىگە قاراپ قويغان ئۇيغۇرچە ئىسمى بولۇپ، بۇتخانىنىڭ ئەسلى نامى ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇڭا ئۇنى ھازىرچە راۋاق بۇتخانىسى (گۇمبىزى) دەپ ئاتايمىز. راۋاقنىڭ ئورنى جىيا يېزىسىنىڭ شىمالىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چۆل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. 4 ئەتراپى بىپايان قۇم دۆۋىلىرى بىلەن قاپلانغان. بۇتخانىنىڭ ئەتراپىدىكى ئورغۇن قۇرۇلۇشلار ئاللىقاچان قۇم تىگىدە كۆمۈلۈپ ياتقان بولسىمۇ ئىنتايىن ئازساندىكى قالدۇق تامنىڭ ئۈستى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇتخانىنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇشنى خېلى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

راۋاق-بۇتخانىنى مەركەز قىلغان بۇددا دىن قۇرىلىشى بولۇپ، گۇمبەزنىڭ ئۈستى يۇمۇلاق، ئاستى 4 بۇرجەكلىك، گۇمبەزنىڭ چوققىسى بۇزۇلغان، ھازىر ئېشىپ قالغىنى ئۈچ قەۋەت بولۇپ، 1-قەۋىتى 4 بۇرجەك شەكلىدە، ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، ئايلانما ئۇزۇنلىقى 24 مېتىر، 2-قەۋىتىمۇ تۆت بۇرجەك شەكلىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 2.8 مېتىر، ئايلانما ئۇزۇنلىقى 11 مېتىر، 3-قەۋىتى (چوققىسى) يۇمۇلاق شەكىلدە، ئىچى كاۋاك، ئېگىزلىكى 3.6 مېتىر، چوققىسىنىڭ دىئامېتىرى 9 مېتىر، گۇمبەزنىڭ تۆت تەرىپىدە ئۈستىگە چىقىدىغان بىردىن پەلەمپەي ياسالغان، كەڭلىكى 3.5 مېتىر بولۇپ، بىۋاستە 2-قەۋەتكە چىققىلى بولىدۇ. پۈتكۈل گۇمبەز ناھايىتى قاتتىق چاپلىشىدىغان ئاق سېغىز كېسەك بىلەن ياساپ قوپۇرۇلغان.

راۋاق بوتخانىسىنىڭ (گۇمبەزنىڭ) تۆت ئەتراپىدا تۆت چاسىلىق ھويلا تېمى قوپۇرۇلغان. تام ئانچە-مۇنچە يىقىلىپ چۈشكەن بولسىمۇ لېكىن ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ شەرق ۋە شىمال تەرەپتىكى 2 يول تام خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. شەرقى تامنىڭ ئۇزۇنلىقى 49 مېتىر، شىمالى تامنىڭ ئۇزۇنلىقى 46 مېتىر، غەربى تام قۇم تىگىدە قالغان. جەنۇبى تامنى ئېغىر دەرىجىدە شامال يالاپ بۇزۇۋەتكەن. بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان شەرقى ۋە شىمالى تامنىڭ ئېگىزلىكى 2.75 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 0.75 مېتىر، تامنىڭ ئىچكىرىكى تەرىپى ئاھاك بىلەن ئاقارتىلغان. تامغا سېغىز بۇتلار چاپلاپ قوپۇرۇلغان. بۇتلار ئولتۇرغان شەكىلدە ياسالغان. بۇت ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1.3 مېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 0.90 مېتىر، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن. قولى بىلەن پۇتىنىڭ ھالىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەربىر بۇتنىڭ ئارىلىقى 15 سانتىمېتىر قىلىپ ياسالغان. بۇتلارنىڭ ئارىلىقىدىكى بوش ئورۇنغا تام سۈرەت سىزىلغان. قول بىلەن سىزىلغان بۇ تام سۈرەتلىرىنىڭ سىزىقچىلىرىمۇ ئېنىق، بەدەن قىياپىتى تولۇق، بۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى

دەۋردە سىزىلغان ئالاھىدىلىكلىرى ئېنىق ۋە جەنۇبى ئاسىيالىقلارنىڭ كىيىنىش شەكىللىرىمۇ كۆرۈنىدۇ.

تۆت تەرەپتىكى تامنىڭ ئېچى سىرتىدا دىڭگۇدەك سىغىز بۇتلار چاپلاپ قوپۇرۇلغان بولۇپ، 140 نەچچە بۇت بارلىقى ھىساپلانغان. ھويلا تېمىنىڭ سىرتىدا يەنە بىر مۇھاپىزەت تېمى بار. ئۇنىڭ پەقەت جەنۇب تەرىپىنىڭ بىر بۆلىگىلا ساقلىنىپ قالغان، قالغانلىرى بۇزۇلۇپ تۆكۈلگەن. ھويلا-تېمىدىن 3 مېتىر يىراقلىقتا بۇت پارچىلىرى كۆرۈنىدۇ. راۋاق خارابىلىقى تارىختا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. 1901-يىلى ئەنگلىيىلىك ستەيىن راۋاققا كېلىپ زور تۈركۈمدىكى مەدەنى-ئاسارئەتىقىلەرنى ئوغۇرلاپ قاچقان ۋە خارابىلىقنىڭ پۈتۈن كۆرۈنىشىنى خەرىتىگە ئېلىۋالغان. 1906-يىلى ستەيىن بۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم كېلىپ، بىر تۈركۈم مەدەنى ئاسارئەتىقە بويۇملىرىنى ئېلىپ قاچقان. 1929-يىلى ئەتىيازدا گىرمانىيەلىك چۇنكىمو بۇ يەرگە كېلىپ، مەدەنى ئاسارئەتىقىلەرنى ئېلىپ قاچقان. ھەتتا گۇمبەزنىڭ شەرقى شىمالىدىكى بەزى بۇتخانىلارغىچە بارغان. ھازىر بىر جايدا ئېچىپ قازغان ئالامەتلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. 1943-يىلى لوپنىڭ ھاكىمى جۇباۋچىڭ ئادەم ئەۋەتىپ، ئالتۇندىن ياسالغان ئۇچ دانە بۇتنى ۋە باشقا مەدەنى ئاسار ئەتىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن. (بۇ مەدەنى ئاسارئەتىقىلەرنىڭ ئالىنىغاچان ئىزدىرىكى قالمىغان).

1929-يىلى 6-ئايدا ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ئارخېئولوگىيە ئالىمى، پىرافىسسور خۇاڭ ۋىنبي بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن ئېتىقان بۇرجەك ئىشكىنى ھازىر تاپقىلى ۋە پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. بۇتخانىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىن 300 مېتىر سىرتتا لايدىن ياسالغان بۇتنىڭ يەنە نۇرغۇن سۇنۇقلىرى بار. شۇنى ئويلاپ يەتكىلى بولۇدىكى، قەدىمدا بۇ يەر بۇددا دىنىنىڭ ئەۋجىگە چىققان يېرى بولۇپ، ئەتراپتا نورغۇن بۇتخانىلار سېلىنغان. خېلى كەڭ دائىرىدە بۇددا دىنىنىڭ شەھەر راۋاقلىرى قۇرۇلغان.

پىرافىسور خۇاڭ ۋىنبىينىڭ قارىشىچە قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 165 يىلدا يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 74-يىلى ئۆپچۆرىسىدە بىروۋنا بۇ يەرگە كېلىپ بۇددا دىنىنى تارقاتقان. بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇن دۆلىتىدە كەڭ تارقالغان ۋاختى مىلادى 132 — 152 يىللىرى ئارىلىقىدىكى ئىش. بۇددا دىنىدىن بۇرۇن ئۇدۇنلۇقلار شامان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. خەن سۇلالىسى تارىخىدىكى «بەنچاۋ تەرجىمە ھالى» دا ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ كىشىلىرى شامان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى دېيىلگەن. جەنۇبى ئاسىيادىن باشلانغان بۇددا دىن مەدەنىيىتى ئۇدۇن دۆلىتىگە كىرگەندىن كېيىن 7-8 يىللىق تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئالىبۇرۇن قورىغارغا ئېقىپ كىرگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن قوشۇلۇپ، گۈللەپ ياشنىغان قورىغار بۇددا دىن مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تاڭ سۇلالىسى پادىشاسى كۈندىن-كۈنگە بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىشقا باشلىدى. قورىغار مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا تېخىمۇ گۈللەندى. راۋاق بۇزۇلۇشتىن ئىلگىرى قورىغارنىڭ بۇددا دىن مەدەنىيىتى گۈللەپ ياشناش دەۋرىگە قەدەم قويغان ئىدى. ئۇدۇن بىلەن چەرچەننىڭ بۇددا دىن راھىپلىرى بېرىش-كېلىش جەريانىدا كۆپچىلىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىن ماڭاتتى. راۋاق دەل مۇشۇ قاتناش لىنى-

يېسىگە جايلاشقانلىقتىن تېخىمۇ گۈللەنگەن. كېيىن ئاللىقانداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇپ كېتىپ تەكشۈرۈشكە ئامال بولمىدى. ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىي ئاسارە ئەتىقىلەرنى قوغداش ئورنى ھېساپلىنىدۇ.

**ئاقسىپىل** (خارابە ئىزى)

ئورنى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈز ئارىلىقى 15 كىلومېتىر، ئۇ بىر قەدىمكى شەھەر خارابىلىقى بولۇپ، يەر يۈزىدە ئاق سېغىز خىشتىن ئىشلەنگەن قەدىمكى شەھەر سېپىلىنىڭ مەلۇم قىسمى ساقلىنىپ قالغانلىقتىن ھازىرقى يەرلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى بويىچە ئاقسىپىل دەپ نام ئالغان.

ئاقسىپىل قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ شەھەرلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، ئاللىبۇرۇن قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان. ھازىر شەھەر سېپىلىنىڭ تەخمىنەن 90 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، 5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قىسمى يەر يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ۋە ئەسلى زامانغا تەئەللۇق بەزى قىياپەتلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. 1959-يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خەن، تاڭ، سۇڭ دەۋرىدىكى قەدىمكى مىس داچەن پۇل ۋە قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ بۇت ھەيكەل بېشى، شۇنداقلا پىلە نۇسخىلىرىنى تاپقان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا ستەيىن (ئەنگىلىيەلىك) بۇ يەرگە كېلىپ، بىر تۈركۈم مەدەنىي مىراسلارنى ئوغۇرلاپ قاچقان. ھۆكۈم قىلىشقا قارىغاندا غەربىي خەن دەۋرىدىكى قەدىمكى شەھەر دىيىشكە بولىدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە 1-دەرىجىلىك قوغداش ئورنى ھېساپلىنىدۇ.

**باغداتمازار** (قەدىمكى قەبرە)

ئورنى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دولىسېرىق كەنتىدە، ناھىيە بازىرى بىلەن ئارىلىقى 3 كىلومېتىر، «باغدات» ئىراقنىڭ پايتەختى باغدات شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قەدىمكى قەبرە بولۇپ، رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، مىڭ يىل بۇرۇن ئىراقنىڭ پايتەختى باغداتلىق سەيىدىن دېگەن كىشى ئىسلام دىنىنى تارقىتىش مەقسىدى بىلەن كېلىپ شېھىت بولغاندىن كېيىن مۇشۇ مازارغا قويۇلغان. شۇندىن ئېتىبارەت باغداتمازار دەپ ئاتىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادارلىرى قازا قىلسا مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان. يېقىنقى دەۋرلەرگىچە خېلى چوڭ دائىرىگە كېڭەيگەن. پۈتۈن مازارنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 360 مو بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تاۋاپ قىلىنىدىغان مۇقەددەس جايلىرىدىن بىرسى بولۇپ قالغان. ھازىر بىر مەسچىت بار بولۇپ، كۆلىمى 333.5 كۋادراتمېتىر، بىرقېتىمدا 600 كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنى ھېساپلىنىدۇ.

**سومە** (قەدىمكى قەبرە)

ئورنى جىيا يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ 9.5 كىلومېتىر شىمالىدىكى جايدا، تەكلىماكان چۆل ياقىسىغا جايلاشقان. «سومە» دېگەننى شۇ يەرلىك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنىي زاتلىرى «ھەربىي نىشان» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە 900 يىل بۇرۇن ئىمام جاپپار ۋە ئىمام ئاسىم بۇ يەرگە دىنىي تەرغىپ قىلىپ كېلىپ، يەرلىك خاقان سەنسۇل بىلەن ئۇرۇشۇپ، مۇشۇ يەرنى ھەربىي

نىشان قىلىنغان. شۇڭا بۇ يەر «سۇمە» دەپ ئاتالغان. ئىسلام دىنىنىڭ ئەژداتلىرى شېھىت بولۇپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

**ئىمام ئاسىم** (قەدىمكى قەبرە)

ئورنى جىيا يېزا تۇرۇشلۇق يەرنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئارىلىقى 10 كىلومېتىر، تەكلىماكان چۆلىگە تۇتاش. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ يەر ئىمام ئاسىمنىڭ قەبرىسى بولۇپ، تەخمىنەن 900 يىل ئىلگىرى ئىمام ئاسىم بۇ يەرگە كېلىپ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش جەريانىدا يەرلىك خاقانلار بىلەن قوراللىق توقۇنۇش قىلىپ، سەنسېۋىل بىلەن ئۇرۇشقان. ئۇرۇشتا شېھىت بولغاندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە قويۇلغان. ئىسلام دىنىنىڭ تاۋابچىلىرى كېيىن ئۇنىڭغا قەبرە قاتۇرۇپ تاۋاب قىلىش نەتىجىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ تاۋاپچىلىرى تاۋاب قىلىدىغان مۇقەددەس جاي بولۇپ قالغان. هەر يىلى 4 ـ 5 ـ ئاي ئارىلىقىدا هەرھەپتىنىڭ پەيشەنبەكۈنى 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاردىن بىرنەچچە مىڭدىن تارتىپ 20 مىڭغىچە تاۋابچىلار بۇ يەرگە يىغىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى دەسلەپتە تاۋاب قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا بۇگۈنكى كۈندە تەرەققى قىلىپ، خەلق ئارىسىدىكى ئىجتىمائى پائالىيەتلەرگىچە كېڭەيگەن. يېقىنقى 100 يىلدىن بويان، تاۋاب قىلىشتىن باشقا يەنە چېلىشىشقا ئوخشاش مەدىنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە سودا سېتىق قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى قىزىتىپ كەلمەكتە. بۇ جاي هازىر ناهىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن هىساپلىنىدۇ.

**بۇيامازار** (قەدىمكى قەبرە)

بۇيا يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئارىلىقى 500 مېتىر. مازارنىڭ كۆلىمى 80 مو ئەتراپىدا، هازىر بىر مەسچىت، بىر دەرۋازا، قەبرە قاتۇرۇلغان ئىككى ئېغىز ئۆي، ئىككى ئېغىز زىكرىخانا بار. بۇيا مازار هەققىدە 2 رىۋايەت بار. بىرسى بۇيامازاردا بۇيا (ئۆسۈملۈك ئوت) كۆپ ئۆسىدىغان بولغاچقا بۇيا مازار دەپ نام ئالغان. ئىككىنچىسى، تەخمىنەن بۇندىن 900 يىل بۇرۇن ئەرەب ئەللىرىدىن ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلغۇچى ئىمام مۇهەممەت نەقىي بىلەن ئىمام مۇهەممەت تەقىي (ئاتا ـ بالا) مۇشۇ يەردە شېھىت بولۇپ، جەسىدى بۇ مازارغا قويۇلغان. يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن قەشقەردىكى ئىسلام دىنىنىڭ ۋارىسچىسى يۈسۈپ قادىرخان غازى بۇ يەرگە كېلىپ، ئىككى ئىمامنىڭ قەبرىسىنى تېپىش مەقسىتىدە بۇي كېپەك سالغاچقا «بۇي مازار» دەپ نام ئالغان دېيىلىدۇ. هازىر بۇ مازار ئىسلام دىنى تاۋابچىلىرىنىڭ تاۋاب قىلىدىغان مۇهىم مازارلىرىدىن بىرسى بولۇپ كەلمەكتە.

**جەمە** (مەسچىت)

ئورنى ناهىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى 500 مېتىر جايغا، خوتەن يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. كۆلىمى 2 مو. بۇ ناهىيە شەهەرى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق مەسچىتى بولۇپ، 100 يىل بۇرۇن هازىرقى ناهىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئورنىغا سېلىنغانىدى. 1958 ـ يىلى يېقىپ بۇزۇۋېتىلگەن. 1981 ـ يىلى سىياسەت قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئاممىسى پۇل ئىئانە قىلىپ، مەبلەغ توپلاپ، هازىرقى ئورنىغا قايتىدىن سالغان.

ھازىر بىر چوڭ مەسچىت ۋە جەمە ھۆيلىسى بار. بىر قېتىمدا 1500 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

**سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى** (قەدىمكى قەبرە)

ئورنى سامپۇل يېزىسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىن 2 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ساي داۋان باغرىغا جايلاشقان. 1983-يىلى كۆز پەسلىدە تېپىلغان، 1983 — 1984-يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق موزېيخانا ئارخېئولوگلىرى بۇ يەردە ئىككى قېتىم قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق قەدىمكى بۆز گىلەم، ياغاچ قوراللار، ساپال قورال، گەج بىلەن قاتۇرۇلغان بۇت، قەدىمكى بۇتخانا جابدۇقلىرى، چاقماق تاش، تاغاق، شۇنداقلا جەسەت يۆگەيدىغان ھەرخىل يىپ، يۇڭ، يىپەك توقۇلما ماللارنى تاپقان ۋە بو ئىشلار بۇددا دىنى دەۋرىدىكى ئاسارئەتىقە ئىزى ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملىغان.

# سۆرەتلەر




لوپ شەھەر ١ ـ باشلانغۇچ مەكتىپى


ياڭاقزارلىق




گىلەم توقۇش


سېمونت زاۋۇتى


پاختا سېتىۋېلىش



دولقۇنلاپ ئاققان مەرۋايىت سۇلار (باش زاكو)




قارا كۆل سۇ ئامبىرى




سازلىقتىكى ئوتلاق



قۇملۇقتىكى بوستانلىق



ئۆستەڭ بويىدىكى ئورمان بەلباغلار




ئۈجمىزارلىق

قۇرۇلۇش ئالدىدىكى سۇ-ئېلېكتر ستانسىسى






پىلەچانلار



مەدەنىيەت يولى




ئەتلەس



مەدەنىيەت يۇرتى


بەش توغراق






سامپۇلدىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەدىمكى تېرەك

يۈز ياشلىق ئۈزۈم پادىشاھى






ئاقسىپىل قەدىمكى شەھەر خارابىلىقى

راۋاق بۇتخانا خارابىلىقى





باغداتلار جامەسى



ئاچچىق تېغىدىكى ئۈچمازار



تىكىلىك تاغ



باغداتمازار



راۋاق بۇتخانىسىدىكى بۇتلار

# یەرنامی خاتیرسی

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپ ناھىيىلىك
# خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججىتى

ل خ ھ (1983) 3-نومۇرلۇق

---

## لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەرناملىرى ئىشخانىسى قۇرۇپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

ھەرقايسى گۇڭشې پارتكوم، خەلق ئىشلار بۆلۈم، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، مەدەنى مائارىپ بۆلۈم. سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى، ئورمانچىلىق مەيدانى، سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىگە:

خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ (1983) 94-نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن ناھىيىمىزدە يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تولۇقلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق مۇنداق قارار قىلىندى:

1. ناھىيىلىك يەرناملىرى ئىشخانىسى قۇرۇپ، ناھىيىمىزنىڭ يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تولۇقلاپ تەكشۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. مۇئاۋىن ھاكىم مەترۇزى سادىق مۇدىرلىققا، خەلق ئىشلار بۆلۈمىدىن يولداش جاڭ جىڭگو، سۇ ئىدارىسىدىن يولداش شۈي شىڭكۈي مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلىنىدۇ. ھەمدە ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، خەلق ئىشلار بۆلۈم، سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى، مەدەنى مائارىپ بۆلۈملەرنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىر نەپەردىن كادىر ئاجرىتىپ، يەرناملىرى ئىشخانىسىدا خىزمەت ئىشلەيدۇ. (بۇندىن كېيىن خىزمەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا قاراپ مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن ۋاقىتلىق كۆپەيتىپ خادىم ئاجرىتىلىدۇ.) پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، قوراللىق بۆلۈم قاتارلىق تارماقلار زوركۈچ بىلەن ماسلىشىشى، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى قوللىشى، ھەرقايسى گۇڭشېلارمۇ مۇناسىپ ھالدا گۇڭشې يەرناملىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

2-مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىدىن توختى ئەخمەتشا، مەدەنى مائارىپ بۆلۈمىدىن غېنى توختىنى مەسلەھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈ-

رۇشنىڭ ئىسپاتلاش خىزمىتىگە ماسلاشتۇرۇش قارار قىلىندى.

3 ـ يەرنامىلىرى ئىشخانىسى ۋاختىنچە ھۆكۈمەت ئىشخانىسى ئىچىدە بولۇدۇ. 1983 ـ يىلى كىتەرلىك خىراجەتنى يەرنامىلىرى ئىشخانىسى مالىيەگە مەلۇم قىلىدۇ.

لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

1983 .1 .20

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججىتى

ل خ ھ (1984) 14-نومۇرلۇق

## لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ

### ناھىيە شەھىرىدىكى كوچىلارغا نام بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

ھەرقايسى گۇڭشى باشقۇرۇش كومىتېتى، ناھىيىگە قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلارغا:

ناھىيە شەھىرىدىكى كوچىلارغا نام بېرىش بىر تۈرلۈك سەل قاراشقا بولمايدىغان، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، تارىخى خاراكتېرلىك خاتىرە نام. بۇ شەھەر بازارلارنى باشقۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ خەت ئالاقە، جەمئىيەت تەرتىپىنى ئىدارە قىلىش، شەھەر بازار مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش، شەھەر بازارلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك گۈيىخۇاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تارىخى ماتېرىياللارغا ۋە رېئال ئەھۋالغا ئاساسەن ناھىيىلىك يەر نامىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ناھىيە شەھىرىدىكى ھەرقايسى كوچىلارنىڭ نامىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھاكىملار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش ئارقىلىق، ھەمدە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق كوچا نامىلىرى تۆۋەندىكىچە ئېلان قىلىندى.

1-تۆت چاسا يول ئېغىزىنى مەركەز قىلىپ شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمالدىن ئىبارەت تۆت ئاساسى كوچىغا ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىدەك نام بېرىلدى.

(1) شەرقى چوڭ كوچا: تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىدىن مالدوختۇرلۇق پونكىتىغىچە دول گۈڭشىگە تۇتاشقاچقا "دول يولى" دەپ نام بېرىلدى.

(2) غەربى چوڭ كوچا: جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن، يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغىچە بولۇپ، ئاساسلىقى خوتەن تەرەپكە بارىدىغان يول بولغاچقا "خوتەن يولى" دەپ نام بېرىلدى.

(3) جەنۇبى چوڭ كوچا: بانكا بىناسىدىن ماشىنا ئەترىتىگىچە بولۇپ، ئاساسلىقى دول گۈڭشىنىڭ يۇقىرىسىغا باردۇ. بۇ يول بويىغا مەدەنى مائارىپ ئورۇنلىرى ئاساس قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا "مەدەنىيەت يولى" دەپ نام بېرىلدى.

(4) شىمالى چوڭ كوچا: ئۈنۈۋېرسال سودا سارىيىدىن پاختا زاۋۇتىغىچە بولۇپ ئاساسلىقى

ھاڭگىي گۇڭشېغا بارىدىغان يول بولغاچقا "ھاڭگىي يولى" دەپ نام بېرىلدى.

2 ـــ توققۇز تارماق يول

(1) خوتەن يولىدىن جەنۇپقا سوزۇلۇپ، ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىغا بارىدىغان يول ئاساسلىقى "دۆۋەت» (يەرنامى) كە تۇتاشقاچقا "دۆۋەت يولى" دەپ نام بېرىلدى.

(2) خوتەن يولىدىن باشلىنىپ، شىمالغا سوزۇلۇپ "چاپال"غا بارىدىغان يولغا "چاپال يولى" دەپ نام بېرىلدى.

(3) لوپ گۇڭشى ماشىنا تېرىقچىلىق ئەترىتىدىن جەنۇپقا سوزۇلۇپ، ھاۋارايى پونكىتىغا بارىدىغان يولغا "يېڭىبازار يولى" دەپ نام بېرىلدى.

(4) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتىدىن شىمالغا سوزۇلۇپ، يېڭى مەھەللىگە بارىدىغان يولغا "قورغان يولى" دەپ نام بېرىلدى.

(5) 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن جەنۇپقا سوزۇلۇپ، ھاۋارايى پونكىتىغا بارىدىغان يول ئاساسلىقى سامپۇل گۇڭشېغا بارىدىغان يول بولغاچقا "سامپۇل يولى" دەپ نام بېرىلدى.

(6) قىزىل كۆۋرۈكتىن غەربكە سوزۇلۇپ، يېڭى مەھەللىگە بارىدىغان يولغا "بوستان يولى" دەپ نام بېرىلدى.

(7) ھۆكۈمەتنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن شەرققە سوزۇلۇپ زەيدانىنىڭ كۆۋرۈكىگە بارىدىغان يولغا "يېڭىباغ يولى" دەپ نام بېرىلدى.

(8) دول يولىدىن شەرقى شىمالغا سوزۇلۇپ ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى ئەترىتىگە بارىدىغان يولغا "بوشقان يولى" دەپ نام بىرىلدى.

(9) لوپ بازارلىق پەيچۇسودىن شەرققە سوزۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە بارىدىغان يولغا "قازانباغ يولى" دەپ نام بىرىلدى.

يۇقارقى شەھەر كوچا ناملىرىنى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى (شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى) مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئاممىغا ئېلان قىلىندى.

لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

1984. 6 .28.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججىتى

ل خ ھ (1985) 58-نومۇرلۇق

## لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ

### ناھىيە شەھەر كوچىلىرىغا نام بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرىشى

يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ناھىيىگە قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلارغا:

شەھەرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ پىلانلاش تەلىپىگە ئاساسەن ناھىيىمىزنىڭ ناھىيە شەھىرىدىكى 16 كوچىنىڭ نامى ناھىيىلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلار يىغىنىدا تەكشۈرۈپ موھاكىمە قىلىش پىرىنسىپىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1985-يىلى 11-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى ھاكىملار ئىشخانا يىغىنىدا تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىچە ئېلان قىلىندى.

1-تۆت چاسا يول ئېغىزىنى مەركەز قىلىپ، شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمالدىن ئىبارەت تۆت ئاساسلىق كوچىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىچە نام بېرىلدى.

(1) تۆرلى ماللار ماگىزىنىدىن مال دوختۇرخانىسىغا بارىدىغان يول "دول يولى"

(2) جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن باشلاپ خوتەن تەرەپكە بارىدىغان يول "خوتەن يولى"

(3) بانكىنىڭ چوڭ بىناسىدىن باشلاپ ماشىنا دۇيىگە بارىدىغان يول "مەدەنىيەت يولى"

(4) بىرلەشمە سودا مەيدانىدىن پاختا زاۋۇتىغا بارىدىغان يول "ھاڭگىي يولى"

2-شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان 3 يول تۆۋەندىكىچە:

(1) خوتەن-نىيا تاشيولىدىن باشلىنىپ "دول ئۆستىڭى"نى بويلاپ نېفت شىركىتىدىن ئۆتۈپ، ماشىنا دۇيىدىن مال دوختۇرلۇق پونكىتىگە بارىدىغان، شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يول "دول ئۆستەڭ يولى".

(2) ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى خوتەن-نىيا تاشيولىنىڭ دول ئۆستىڭى كېسىپ ئۆتىدىغان يېرىدىن غەربكە سوزۇلۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى خوتەن يولىنىڭ غەربىي ئۇچى بىلەن تۇتىشىدىغان يېرىگىچە ناھىيە بازىرىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يول «لوپ تاشيولى».

(3) ھاڭگىي يولى بىلەن تۇتىشىپ، لوپ بوشقان كەنت كومىتېتىدىكى تەرەپنى دول ئۆستەڭ يولى بىلەن تۇتىشىدىغان، شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يول "ئېگىز ئېرىق يولى"

3 ـ باشقا كوچىلار

(1) ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتى بىلەن لوپ تاشيولى تۇتۇشۇپ، خوتەن يولىدىن ئۆتۈپ، چاپال ئۆستەڭگە بارىدىغان يول "قورغان يولى"

(2) ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن مەدەنىيەت يولى تۇتۇشۇپ غەربتىن ھاۋا رايى پونكىتى تەرەپكە سوزۇلۇپ، لوپ تاشيولى بىلەن تۇتۇشىدىغان يول "سامپۇل يولى"،

(3) ھاۋا رايى پونكىتى بىلەن سامپۇل يولى تۇتۇشۇپ، خوتەن يولى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتىدىن ئۆتۈپ، يېڭى مەھەللىدىن چاپال ئۆستەڭ يولىغىچە بولغان يول "يېڭىبازار يولى"؛

(4) ھۆكۈمەت ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى جاي بىلەن مەدەنىيەت يولى تۇتۇشۇپ، شەرققە سوزۇلۇپ، زەيدانىنى بويلاپ، دول يولى بىلەن شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان ئېگىز ئېرىق يولى بىلەن تۇتۇشىدىغان يول "يېڭىبازار يولى"؛

(5) ھاڭگىي يولىدىن غەربكە سوزۇلۇپ چاپال كەنتىگە بارىدىغان يول "بوستان يولى"؛

(6) ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن شەرقى شىمالغا سوزۇلۇپ، ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى ئەترەت ۋە ناھىيە شەھىرىنى ئايلىپ ئۆتىدىغان ئېگىزئېرىق يولى بىلەن تۇتۇشىدىغان يول "بوشقان يولى"؛

(7) ناھىيىلىك پەيچۇسودىن شەرققە سوزۇلۇپ، بوشقان يولى، ئېگىز ئېرىق يولىغا بارىدىغان ئىككى يول "قازانباغ كوچىسى"؛

(8) ئېگىز ئېرىق يولىدىن باشلىنىپ ھاڭگىي يولىدىن ئۆتۈپ قورغان يولىغا بارىدىغان يول "جايتېرەك يولى"؛

(9) دورا شىركىتىنىڭ يېنىدىكى جاي بىلەن ئېگىزئېرىق يولىدىن ئاياغ قورغان كەنتىگە بارىدىغان يول "ئاياغ قورغان يولى".

**لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى**

1985. 11 .28 .

# لوپ ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمەت خۇلاسىسى

لوپ ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرى كومىتېتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يەر ناملىرى ئىشخانىسىنىڭ كونكرېت رەھبەرلىكى، ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى، شۇنداقلا ناھىيىدىكى يېزا-بازارلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قىزغىن ياردىمى ئاستىدا، ناھىيىلىك يەر ناملىرى ئىشخانىسىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى بىلەن بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ھەمدە 1984-يىلى 10-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 16-كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق لاياقەتلىك دەپ ئېلان قىلىندى.

بىز 9 ئايلىق جىددىي سىرتقى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى بارلىق يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ چوڭ كىچىك كەنتتىن 1430 نى تەكشۈرۈپ چىقتۇق، بۇنىڭدىن كاپىيەن تۇرغۇزۇپ، كاپىيەن توشقۇزغان يەر نامى 943، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىنىڭ يەر نامى بىر. بازارنىڭ يەر نامى 2، ئاھالە كومىتېتىنىڭ يەر نامى 5، كوچا (يول) يەر نامى 7، يېزا يەر نامى 8، كەنت كومىتېت يەر نامى 190، تەبىئىي كەنت يەر نامى 526، ھەرقايسى كەسپىي تارماقلار نامى 61، ئاسارە ئەتىقە نامى 8، سۈنئىي قۇرۇلۇش نامى 48، تەبىئىي جۇغراپىيەلىك جىسىم نامى 30، تەكشۈرۈپ ئەمەللەشتۈرگەن ئىسمى بار، جىسمى يوقلىرى 16، خاتا خەت، خاتا ئاھاڭدىكىلىرى 78، نامى ئۆزگەرتىلگىنى 62، نام بېرىلگىنى 28، تىل تۈرىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق: ئۇيغۇرچە 853، موڭغۇلچە 7، قوش تىل 6، تىل پەرقى ئېنىق بولمىغىنى 17. مەمۇرىي رايوننىڭ تارىخى ئۆزگىرىشى ۋە ئومۇمىي ئەھۋالى ماتېرىيالىدىن 45 پارچە يېزىلدى. $\frac{1}{50000}$ ۋە $\frac{1}{100000}$ ماسشتابلىق خەرىتىدىن 6 سى چىقىرىلدى. لوپ ناھىيىسى، لوپ بازىرى، شۇنداقلا ھەرقايسى يېزىلارنىڭ خەرىتىسىدىن جەمئىي 12 سى سىزىلدى.

"شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تولۇقلاپ تەكشۈرۈشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى" دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن بىز يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش ۋە يەر ناملىرىنىڭ ئىملاسىنى توغرىلاپ، ئۆلچەملەشتۈرۈپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، بىرتەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئاھاڭنى تەرجىمە قىلىش توغرا بولماسلىق، خەتنى مۇۋاپىق ئىشلەتمەسلىك، بىر جاينىڭ كۆپ نامى بولۇش، بىر خىل نامنى كۆپخىل يېزىشتەك

قالايمقان ھالەتىنى ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەرناملىرىنىڭ ئىملاسىنى توغرىلاش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش يولىغا كىرگۈزدۇق.

ناھىيىمىزنىڭ يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى 1983 ـ يىلى 3 ـ ئايدا باشلىنىپ ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە سىرتقى تەكشۈرۈش ئورۇنلىنىپ، ئىچكى ماتېرىياللارنى رەتلەش خىزمىتى ئىشلىنىپ بولدى.

يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى 4 باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچى باسقۇچ: يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاپاراتلىرىنى قۇرۇپ، خادىم ئاجرىتىش؛ ئىككىنچى باسقۇچ: كادىر تەربىيىلەش، نۇقتىدا سىناق ئېلىپ بېرىش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ ئالدىدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەتراپلىق پۇختا ئىشلەش؛ ئۈچىنچى باسقۇچ: سىرتقى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىش؛ تۆتىنچى باسقۇچ: ئىچكى ماتېرىيال رەتلەشتىن ئىبارەت.

**1 ـ تولۇق تەييارلىق قىلىپ، تەشكىلىي ئاپاراتلارنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى.** يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش تېخنىكىلىقى ۋە سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك خىزمەت. يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن بىز كۆپ تەرەپلىمىلىك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدۇق. ئاۋال 1983 ـ يىلى 2 ـ ئايدا لوپ ناھىيىلىك يەرناملىرى كومىتېتى قۇرۇشنى قارارقىلدۇق، بىر نەپەر مۇئاۋىن ھاكىم مۇدىرلىققا تەيىنلەندى. 3 نەپەر بۆلۈم ـ ئىدارە رەھبىرى مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى ئۆزئۈستىگە ئالدى ھەمدە يەرناملىرى ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. ئاپارات قورۇلغاندىن كېيىن يەنە ھەرقايسى ئورۇنلاردىن 13 نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يەنە 6 نەپەر يولداشنى ئىچكى ماتېرىياللارنى رەتلەشكە ئاجراتتۇق. ئاجرىتىلغان يولداشلارنىڭ ھەممىسى كۆپ يىللىق خىزمەت تەجرىبىسى بار، بەلگىلىك كەسپچانلىقى بار پىشقەدەم يولداشلار، شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى باسقۇچلۇق تەشكىللىنى تولۇقلاش خىزمىتى كېيىنكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

**2 ـ تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كەسپىي ماھارەتنى ئىگەللەش ـ يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەشنىڭ دەسمايىسى.** يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى ياخشى ئىگەللەش ـ يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئاساسى. بىز ھەر قايسى ئورۇنلاردىن ئاجراتقان يولداشلارنىڭ كۆپ يىللىق خىزمەت تەجرىبىسى ۋە بەلگىلىك خىزمەت قابىلىيىتى بولسىمۇ لېكىن يەنىلا يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئانچە كۆپ چۈشەنمەيدۇ. يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ كەسپىي بىلىم-

لىردىن ئانچە خەۋىرى يوق. دەسلەپتە بەزى يولداشلار ئاددى ھالدا، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش پىرىنلارنىڭ يەرنامىلىرىنى بىرقېتىم ئىستاتىستىكا قىلىشتىن ئىبارەت دەپ تونۇغان ئىدى. ئالىمىمو بۇنىڭ ئەھمىيتىنى چوشەنمىگەچكە بىزنىڭ زور تۈركۈمدىكى تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز 1983 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە خىزمەتچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، مەركەزدىن ۋىلايەتكىچە بولغان رەھبىرى ئورگانلارنىڭ يەرنامىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھوججەتلىرىنى ئۆگەندۇق، ئۆگىنىش ئارقىلىق تونۇش ئۆستۈرۈلدى. ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىدىن كېيىن كەسپى ئۆگىنىشكە باشلىدوق. يەرنامىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن كەسپىنى بىلىدىغان، خادىملىرى خىل، پۇختا خىزمەت بەنىزىسى بولۇش لازىم دەپ قارىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يەر نامىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قائىدىسىنى يەنىمو چوڭقۇر ئۆگەندۇق. دەرس سۆزلەش، موزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ دائىرىسىنى، ئۇسۇلىنى ۋە تەلىپىنى شۇنداقلا دەسلەپكى كاپىيەن توشقۇزۇش ئۇسۇلىنى ئىگەللىدۇق. بىر قاتار ئۆگىنىش ئارقىلىق قائىدە تەلىپىنى ئىگەللەش ئاساسىدا قوشۇننى باشلاپ يۇرۇڭقاش گوڭشىدا سىناق ئېلىپ باردوق. يولداشلار تۆۋەندە پىشقەدەم كادىر، پىشقەدەم دېھقان، پىشتەدەم زىيالىلاردىن تەكشۈرۈپ قائىدە تەلىپى بويىچە كاپىيەن توشقۇزۇشنى، خەرىتە سىزىشنى، ئومۇمى ئەھۋال ماتېرىيالى يېزىشنى ئۆگىنىپ، نەتىجە سۇپىتىگە كېپىللىك قىلدى. شۇڭا كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ ھەرتەرەپلىمىلىك قانات يېيىشىغا ئاساس سېلىندى.

**3 - جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش - يەرنامىرىنى ئومۇميۈز-لۈك تەكشۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.**

سىرتقى تەكشۈرۈش بىر تۈرلۈك مۇشەققەتلىك خىزمەت. قاتناش قۇلايسىزلىقى، خادىم ئاز، ۋەزىپە ئېغىر بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا بىز ئەمىلىيەتنى چىقىش قىلىپ، كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قاتتىق جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يېزىمو - يېزا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردۇق. ھەر گوڭشىغا بارغاندا گۇرۇپپىغا، ئۈچاستىكىغا ئايرىلىپ ھەركىم ئۆز ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگەللىدى. ھەر بىر گوڭشىغا بارغاندا ئاۋۋال گوڭشى پارتكومىنىڭ رەھبەرلىرىگە خىزمەت تەلىپىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پىكىرىنى ئېلىپ، قوللىشىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشتوق. ئۇنىدىن كېيىن كونكرېت ئورۇن-لاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردۇق. كونكرېت ئۇسۇلىمىز مۇنداق بولدى: ئاۋۋال دادۇي، باشقۇرۇش رايون مەسلىھەتچىلەر يىغىنىنى ئېچىپ، ئەھۋال ئىگەللەپ، ماتېرىيال توپلىدۇق. ئاندىن كېيىن ياشانغان دېھقانلارنى تېپىپ، سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ئەھۋال ئىگەللى-دوق، شۇ كۈنى ماتېرىيال رەتلىدۇق ھەرقايسى گۇرۇپپىلار ئۆزلىرىگە ئايرىپ بېرىلگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرىدا گوڭشى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلەر يىغىنىنى ئېچىپ، ماتېرىياللارنى يەنە بىر قېتىم كونترول قىلدۇق، ئاخىرىدا گوڭشى رەھبەرلىرىگە ئەھۋالنى دوكلات قىلدۇق. ھەر بىر گوڭشىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن بىر قېتىم پۈتۈن خادىملار يىغىنى ئېچىپ،

تەجربە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۈنـدىن كېيىن باشقا گۈڭشىنىڭ تەكشۈرۈش ۋەزىـپىسـىنى ئورۇنلاشتۇردۇق.

پۈتۈن سىرتقى تەكشۈرۈش خىزمىتى جەريانىدا بىز ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە ئىشنى ئورۇنلىدۇق.

1) ھەرقايسى گۈڭشى، باشقۇرۇش رايون، دادۈي رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئاچقۇچ. ھەر بىر جايغا بارغاندا ئۇلارغا ئاۋال ئەھمىيىتـىنى تەشۋىق قىلـىپ، قوللىشـىغا ئېرىشتۇق، ئۇلار بىزگە ئاكتىپ ھالدا ئەھۋال يەتكۈزۈپ بەردى، تونۇشـتۇردى، ئەھۋالـىنى بىلىدىغان كىشىلەرنى يىغىپ بەردى. بىر يەنە گۈڭشىنىڭ رادىئو ئاڭلىتىش، كىنو قويۇش قاتارلىق بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، كەڭ ئەزالارغا تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلىدۇق. ئۈنـدىن باشقا دىنى زاتلارنىڭ ناماز ئوقۇغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا تەشۋىق قىلدۇق. يۇقارقى ئۇسۇللار ئارقىلىق كەڭ ئاممىغا يەرنامـىلىرـىنى ئومۇمـيۈزلۈك تەكشۈرۈشـنىڭ ئەھمىيىتى كەڭ تەشۋىق قىلىنـدى، ئاما بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قوللىدى. بەزىلەرقولىدىكى ئالدىراش ئىشلىرىنى تاشـلاپ قويۇپ، بىزنى ئىزدەپ كېلىپ ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋالنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى.

2) خەرىتىگە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يەرنامىلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلـگەن يەرنامـىدىن بىرىـنى كەم قىلماي، بىرىنى چۇشۇرۇپ قويماي تولۇق تەكشۈردۇق. خەرىتىگە ۋە يەرناملـىرى توپلىمـىغا كىرگۈزۈلمىگەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە بار بولغان يەرنامىلىرىنىمۇ ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتلىك بىلەن تەكشۈردۇق. خەرىتىلەرنى سېلىشتۇرۇپ، خاتالىق پەرقىنى تېپـىپ چىقـىپ، تولۇقـلاش ئېلىـپ باردۇق.

3) "تەپسىلى قائىدە" دىكى تەلەپ بويىچە ئىش قىلدۇق. سىرتقى تەكشۈرۈش جەريانىدا ھەر بىر يەرنامىنىڭ كېلىش تارىخىنى، مەنىسىنى ۋە ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىنقىلاشنى قولغا كەلتۈر- دۇق. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بىز ئەمىلى جايغا چۆكۈر چۆكۈپ، ئىزلەپ بېرىپ، سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، گۇمانلىق جايلارنى قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىدۇق. پۈتۈن تەكـشۈرۈش جەريانىدا جەمئى 390 قېتىمدىن كۆپرەك سۆھبەت يىغىنى ئاچتوق، قاتناشقان ئادەم 2980 ئادەم قېتىمغا يەتتى. تەكشۈرۈش داۋامىدا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئاڭلاپـلا ئىشىنىپ كېتىش، يېزىـپ قويۇپلا بىكتتۇېتىش خاھىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇق. ھەر بىر يەرنامىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، كۆپ تەرەپتىن تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىدۇق. مەسىلەن: "ئالتىلە" دىگەن نامنى نۇرغۇن كىشلەر "ئالتە ئائىلە" دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ قارىـغان. كېيىـن كۆپ قېتىم ئىزدىنىش، ئانالىز قىلىش ئارقىلىق "ئالتە ئىلە" دىن ئۆزگەرگەنلىكى ئىسپاتلاندى.

4) سىرتقى تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ خىزمەتـلىرىگە قارىتا ئۆتـكەلـنى چىڭ ئىگەلـلەپ، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ئۇسۇلنى قوللاندۇق. بىزمەلۇم سەۋىيىسى بولغان تەرجىمان ۋە ماتېرىيال رەتلەش خادىملىرىنى سەپلەپ، تۆۋەندىن كەلگەن دەسلەپكى كاپىيەنى تەرجىمە قىلغاندا يېزىقى ئۇچۇق بولمىغان ياكى مەزمۇنى قالايمقان بولۇپ قالغانلىرى سىزىلـسە ۋاختىدا قايتۇرۇپ، قايتا ئەملىلەشتۇردۇق. بۇنىڭ بىلەن سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلدوق.

5) سىرتقى تەكشۈرۈش خادىملىرى قىينىچىلىقتىن قورقماسلىق، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدى. سىرتقى تەكشۈرۈش دەل ياز پەسلىگە، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەسلىگە، ھاۋا ئىسسىق، قاتناش قورالىرى كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋالغا توغرا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يولداشلىرىمىز ھەرخىل قىينىچىلىقلارنى يەڭدى. ھەر بىر يولداش ھەركۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 چاقىرىمدىن پىيادە يول ماڭدى. قورسىقى ئاچقاندا قۇرۇق نان غاجىدى. ئۇسسىغاندا سوغۇق سۇ ئىچتى. ئەسلا ۋايسىمىدى. يولداشلارنىڭ مۇشۇنداق كۈچلۈك كەسىپچانلىقى بولغاچقا ۋەزىپە ۋاختىدا ئورۇنلاندى.

**4 - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىچكى ماتېرىياللارنى رەتلەشنى ياخشى ئىشلىدۇق.**

يەرناملىرى ماتېرىياللىرىنى رەتلەش جاپالىق ھەم ئىنچىكە خىزمەت. يەنى يەرناملىرى مېۋىسىنى چىقىرىشنىڭ مۇھىم باسقۇچى، بىز پارتىيىگە، خەلققە، تارىخقا مەسئۇل بولۇشتەك روھ بىلەن سۈپەت بىرىنچى بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈشتىن ئۈتەلەيدىغانلىرىنى چىقىش نوقتىسى قىلىپ، ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىچكى ماتېرىياللارنى رەتلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق.

بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن بىز يەنە بىر قېتىم "تەپسىلى قائىدە"نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، خىزمەت بەنزىلىرىنى تەقسىمەپ، خەرىتە، كاپىيەن، جەدۋەل، ماتېرىيال قاتارلىق ھەرقايسى گۇرۇپپىنىڭ ۋەزىپىسىنىئايدىڭلاشتۇردۇق. ھەم ئىش تەقسىماتى بولۇش، زىچ ماسلەشىشمۇ بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. خەرىتە، كاپىيەن، جەدۋەل، ماتېرىيال بىردەك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. گۇمانلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە قائىدىنى قايتا-قايتا ئۆگىنىپ، بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈردۇق.

1) يەرناملىرى كاپىيەنى پۈتۈن يەرناملىرى ماتېرىياللىنىڭ ئاساسى ھەم يەرناملىرى ماتېرىياللىنىڭ مەركىزى خىزمىتى. تەكشۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن يەرناملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش تەلىپى بويىچە تەدرىجى ھالدا خەتنى، ئىملانى توغرىلاپ، ئۆلچەملەشتۈرۈپ، بىرتەرەپ قىلدۇق. كاپىيەندىكى تارىخى ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە مەنىسىنى يېزىق جەھەتتە توغرىلىدۇق. ئومۇمى ئەھۋال ماتېرىيالىدىكى سان سىپىرلارنى تەپسىلى سېلىشتۇردۇق، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر بىركاپىيەننى ئىلگىرى كېيىن 20 نەچچە قېتىم كۆزدىن كۆچۈردۇق. بارلىق كاپىيەنلەرنى قايتا-قايتا تۈزۈتۈش ئارقىلىق ئاساسى جەھەتتىن خەرىتە، كاپىيەن، جەدۋەل، ماتېرىيال بىردەك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇيغۇرچە يەرناملىرىنى خەنزۇچە يېزىشتا خاتا خەت، خاتا ئاھاڭ ئىشلىتىش ھادىسىگە ئاساسەن خاتىمە بېرىلدى.

2) ئومۇمى ئەھۋال ماتېرىيال قائىدىسىدىكى تەلەپ بويىچە يېزىقچە ئومۇمى ئەھۋال ماتېرىيال ۋە كاپىيەننىڭ بىردەكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. زور تىرىشچانلىق بىلەن قەدىمكى شۇنداقلاھازىرقى تارىخى يازما خاتىرىلەرنى تەكشۈرۈپ تاپتۇق. ھەمدە ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ساختىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، راستىنى ساقلاپ قالدۇق. مەناسى كۆپخىل چۈشەندۈرۈلگەن يەرناملىرىنى ئومۇمىي ئەھۋال ماتېرىيالىدا كۆپخىل چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق. بەزى مەنىسى ۋە كېلىش تارىخى ئېنىق بولمىغان يەرناملىرىنى بىز ئانچە كۆپ چۈشەندۈرمەي، ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىپ، بۇندىن كېيىن ئىسپاتلاشقا قالدۇردۇق.

3) خەرىتە سىزىشتا ئۆلچەملەشتۈرۈپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، بىر تەرەپ قىلىنغان يەرناملىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنى قائىدىدىكى تەلەپ بويىچە بەلگۈلىدۇق. تاشيول، ئوق ئۆستەڭنىڭ ئورنى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى موناسىۋەتلىك تارماقلاردىن مەخسۇس كەسپتىكى تېخنىك خادىملاردىن سوراپ ئىگەللىدۇق.

4) بىز ناھىيىمىزنىڭ جۇغراپىيە، تارىخ، ئىقتىسادى قۇرۇلۇش، مەدەنى مائارىپ، قاتناش، سودا قاتارلىق جەھەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەسىملىرىنى تاللاپ تارتتۇق.

5) يوليۇرۇق سوراپ، دوكلات قىلىپ، يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن قوللاشقا ئېرىشتۇق. پۈتۈن خىزمەت داۋامىدا بىز يوليۇرۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇردۇق. خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ۋە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ناھىيە رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ، يېتەكلىشىنى قولغا كەلتۈردۇق. 1983-يىلى 3-ئايدا يەر ناملىرى كومىتېتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985-يىلى 6-ئايغىچە بولغان 2 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ناھىيە رەھبەرلىرى 14 قېتىم يىغىن ئېچىپ، يەرناملىرى خىزمىتىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ، خادىم، خىراجەت جەھەتتە زور كۈچ بىلەن قوللاپ، خىزمەتلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

**لوپ ناھىيىلىك يەرناملىرى كومىتېت ئىشخانىسى**

1985. 10. 10

# قوشومچه

# مەمۇرى رايونلارنىڭ يېڭى-كونا نامىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| هازىرقى نامى | ئەسلىدىكى نامى |
| --- | --- |
| **لوپ بازىرى** | **لوپ گوڭشې** |
| 1-ئاھالە كومىتېتى | يوق |
| 2-ئاھالە كومىتېتى | يوق |
| 3-ئاھالە كومىتېتى | يوق |
| 4-ئاھالە كومىتېتى | يوق |
| 5-ئاھالە كومىتېتى | يوق |
| يېڭىبازاركەنت كومىتېتى | يېڭىبازاردادۈي |
| كونابازاركەنت كومىتېتى | كونابازاردادۈي |
| ئوتتۇرا بوشقان كەنت كومىتېتى | ئوتتۇرا بوشقان دادۈي |
| جايتېرەك باغۋەنچىلىك كەنت كومىتېتى | ناھىيىلىك باغچە |
| خەلپەچۈشۈرگە كەنت كومىتېتى | دول گۇڭشى خەلپەچۈيكە دادۈي |
| دول تۈگمەنبېشى كەنت كومىتېتى | دولگۇڭشى قوشقۇلاق دادۈي |
| قىرقاش كەنت كومىتېتى | قىرقاش دادۈي |
| دۆۋەت كەنت كومىتېتى | دۆۋەت دادۈي |
| ئاچا كەنت كومىتېتى | بوشقان دادۈي |
| بوشقان كەنت كومىتېتى | بوشقان دادۈي |
| قارا دۆۋە كەنت كومىتېتى | قارادۆۋە دادۈي |
| گۈمبات كەنت كومىتېتى | گۈمبات دادۈي |
| قورغان كەنت كومىتېتى | قورغان دادۈي |
| ئاياغچاپال كەنت كومىتېتى | ئاياق چال دادۈي |
| باشچاپال كەنت كومىتېتى | باش چال دادۈي |
| چاپاللەڭگەركەنت كومىتېتى | چاپال لەڭگەر دادۈي |
| تاپان كەنت كومىتېتى | تاپان دادۈي |

## ھازىرقى نامى

**يۇرۇڭقاش بازار**

ئالتىلە كەنت كومىتېتى
ھالۇبويى كەنت كومىتېتى
داۋابازىرى كەنت كومىتېتى
يۇڭبازىرى كەنت كومىتېتى
ئېگىزئېرىق كەنت كومىتېتى
قىرىغئېرىق كەنت كومىتېتى
باشمىقلا كەنت كومىتېتى
ناغرىچى كەنت كومىتېتى
قۇتچى كەنت كومىتېتى
قۇتچىلەڭگەر كەنت كومىتېتى
ئاياغمىقلا كەنت كومىتېتى
ئاچما كەنت كومىتېتى

**جىيا يېزىسى**

تاۋىغاز كەنت كومىتېتى
سۇيائۆزمىلىك كەنت كومىتېتى

ئاياغ كۆلئېرىق كەنت كومىتېتى
سويالەڭگەر كەنت كومىتېتى
ھېلىماتام كەنت كومىتېتى
جىلغائېرىق كەنت كومىتېتى
ئاقمەھەللە كەنت كومىتېتى
ئازنەبازار كەنت كومىتېتى
تېرەكلىك كەنت كومىتېتى
كالتەتۈگمەن كەنت كومىتېتى
مەدرىسبويى كەنت كومىتېتى
يارتۈگمەن كەنت كومىتېتى

**بۇيا يېزىسى**

تېتىر كەنت كومىتېتى

كانچىئېرىق كەنت كومىتېتى

## ئەسلىدىكى نامى

**يۇرۇڭقاش گوڭشې**

ئالتىلە دادۈي
ھالۇۋۇي دادۈي
بازار 1 ـ دادۈي
بازار 2 ـ دادۈي
ئېگىزئېرىق دادۈي
قىرىغئېرىق دادۈي
باشمىقلا دادۈي
ناغرىچى دادۈي
قۇچچى دادۈي، ئىگەچى دادۈي
قۇتچى لەڭگەر دادۈي، ئاقچىغ دادۈي،
ئاياق مىقلا دادۈي
يېڭى ئاۋات دېھقانچىلىق مەيدان

**جىيا گوڭشې**

تاۋىغاز دادۈي
ئۆزمىلىك دادۈي
ئۆتۈنچى ئېرىق دادۈي
ئاياق كۆلئېرىق دادۈي
سويا لەڭگەر دادۈي، قۇمباغ دادۈي
ھېلىماتام دادۈي
جىلغا ئېرىق دادۈي، قوتازباغ دادۈي
ئاق مەھەللە دادۈي، شاخباغ دادۈي
بازار دادۈي
تېرەكلىك دادۈي
جىيا دادۈي
بەختىيار دادۈي، كالتە تۈگمەن دادۈي
يارتۈگمەن دادۈي، باش يارتۈگمەن دادۈي

**يۇرۇڭقاش گوڭشې بۇيا باشقۇرۇش رايون**

يۇرۇڭقاش گوڭشې تېتىردادۈي، يايلىغان دادۈي
يۇرۇڭقاش گوڭشې كانچى ئېرىق دادۈي،

**هازىرقى نامى**

چالمىي كەنت كومتېتى
دۆڭزارەت كەنت كومتېتى

باشكونزى كەنت كومتېتى
ئوتتۇراكونزى كەنت كومتېتى
ئاياغچالمىي كەنت كومتېتى
بۇيامازار كەنت كومتېتى
بۇيائايرىش كەنت كومتېتى
ئاياغكونزى كەنت كومتېتى
ئېگىزبوستان كەنت كومتېتى
تامچىلا كەنت كومتېتى
تامئېغىل كەنت كومتېتى

ئۇچلۇققۇم كەنت كومتېتى

ئىچكىرىكى چارباغ كەنت كومتېتى

سولۋا كەنت كومتېتى

شاخلىق كەنت كومتېتى

**ناۋا يېزىسى**

ئاچادۆڭ كەنت كومتېتى
ئەمەشلەڭگەر كەنت كومتېتى

گاپا كەنت كومتېتى
ناۋا كەنت كومتېتى
باشگاپا كەنت كومتېتى
ناۋاكاخانا كەنت كومتېتى
ناۋاقۇمباغ كەنت كومتېتى

**ئەسلىدىكى نامى**

قۇم ئازما دادۋي
يۇرۇڭقاش گۇڭشې چالمىيا دادۋي
يۇرۇڭقاش گۇڭشې دۆڭ زارەت دادۋي،
كەنتە ئېرىق دادۋي
يۇرۇڭقاش گۇڭشې باش كونزىيا دادۋي
يۇرۇڭقاش گۇڭشې كونزىيا دادۋي
يۇرۇڭقاش گۇڭشې باش ئالتىله دادۋي.
يۇرۇڭقاش گۇڭشې بۇيا مازار دادۋي
يۇرۇڭقاش گۇڭشې بۇيا دادۋي
يۇرۇڭقاش گۇڭشې ئاياق كونزىيا دادۋي.
يۇرۇڭقاش گۇڭشې ئېگىز بوستان دادۋي.
يۇرۇڭقاش گۇڭشې تامچىلا دادۋي.
يۇرۇڭقاش گۇڭشې ساي دادۋي، گۇزە
دادۋي، تامئېغىل دادۋي
يۇرۇڭقاش گۇڭشې ئۇچلۇققۇم دادۋي،
سۆگەت ئېرىق دادۋي.
يۇرۇڭقاش گۇڭشې چارباغ دادۋي،
باش چارباغ دادۋي
يۇرۇڭقاش گۇڭشې باش سولۋا دادۋي،
ئاراسولۋا دادۋي.
يۇرۇڭقاش گۇڭشې شاخلىق دادۋي،
باغ ئېرىق دادۋي
**ناۋاگۇڭشې**
ئاچادۆڭ دادۋي
ئەمەش لەڭگەر دادۋي، ئاياق گاپا
دادۋي
گاپا دادۋي
ناۋا دادۋي
زەڭگۇ دادۋي
ناۋاكاخانا دادۋي
باغچە دادۋي

## ھازىرقى نامى

گاپائايرىش كەنت كومىتېتى
تۆۋەن قاراقىر كەنت كومىتېتى
باش قاراقىر كەنت كومىتېتى
گىجائايرىش كەنت كومىتېتى

**سامپۇل يېزىسى**

تەمەچاقا كەنت كومىتېتى
كۆچكەن كەنت كومىتېتى
لەڭگەر كەنت كومىتېتى
كىلەنتە كەنت كومىتېتى
سامپۇل ئايدىڭكۆل كەنت كومىتېتى
ئاقمەدىرىس كەنت كومىتېتى
چاقماق كەنت كومىتېتى
جايئېرىق كەنت كومىتېتى
قۇرباغ كەنت كومىتېتى
قوتاز لەڭگەر كەنت كومىتېتى
ئىلدام كەنت كومىتېتى
قىيقو كەنت كومىتېتى
كۇكۇلا كەنت كومىتېتى
سامپۇلسېرىق كەنت كومىتېتى
قارايانتاق كەنت كومىتېتى
بىزلىي كەنت كومىتېتى
ئاياغبىزلىي كەنت كومىتېتى
قۇرۇق كەنت كومىتېتى
ئاچچىق كەنت كومىتېتى
يېڭىلەڭگەركەنت كومىتېتى
بوستانكۆل كەنت كومىتېتى

**چارباغ يېزىسى**

جايتوغراق كەنت كومىتېتى
چوڭ كۆلبېشى كەنت كومىتېتى
چارباغ كەنت كومىتېتى

## ئەسلىدىكى نامى

گاپا ئايرىش دادۇي
گىجا ئايرىش دادۇي، قارا قىر مەھەللە
تۆۋەن قاراقىر دادۇي
گىجا ئايرىش دادۇي

**سامپۇل گۇڭشې**

ئارا مەھەللە دادۇي
كۆچكەن دادۇي
باش لەڭگەر دادۇي
باش چاقماق دادۇي
ئايدىڭكۆل دادۇي
ئاياق لەڭگەر دادۇي
ئاياق چاقماق دادۇي
جاي ئېرىق دادۇي
قۇرباغ دادۇي
قوتاز لەڭگەر دادۇي
ئىلدام دادۇي، ئاياق قىقو دادۇي
باش قىقو دادۇي، قاراڭغو يار دادۇي
كۇكۇلا دادۇي
سېرىق دادۇي.
قارا يانتاق دادۇي
بىزلىيا دادۇي
ئاياق بىزلىيا دادۇي
بالداقباغ دادۇي
ئاچچىق باشقۇرۇش رايون.
يېڭى لەڭگەر بوز يەر مەيدان 1-دادۇي
يېڭى لەڭگەر بوز يەر مەيدان 2-3-4-
دادۇي

**چاۋاغ گۇڭشې**

جايتوغراق دادۇي
چوڭ كۆلبېشى دادۇي
چاۋاغ دادۇي

| ھازىرقى نامى | ئەسلىدىكى نامى |
| --- | --- |
| ئۈيلا كەنت كومىتېتى | ئۈيلا دادۈي |
| ئايماق كەنت كومىتېتى | ئايماق دادۈي، ئۈستەڭ دادۈي |
| باش سوغاققۇم كەنت كومىتېتى | سوغاققۇم دادۈي |
| خەلپە ئېرىق كەنت كومىتېتى | خەلپە ئېرىق دادۈي |
| قوچاقئېرىق كەنت كومىتېتى | قوچاق دادۈي |
| بامىي كەنت كومىتېتى | بامىي دادۈي، باش قۇمئېرىق دادۈي |
| ئۇقچى كەنت كومىتېتى | ئۇقچى دادۈي |
| ياركەنت كەنت كومىتېتى | يار كەنتى دادۈي |
| تېتىرباغ كەنت كومىتېتى | تېتىرباغ دادۈي |
| تايلاق مەھەللە كەنت كومىتېتى | تايلاق مەھەللە دادۈي |
| گىجا قاراقىر كەنت كومىتېتى | گىجا قاراقىر دادۈي |
| دۆڭمەھەللە كەنت كومىتېتى | دۆڭ مەھەللە دادۈي |
| قۇملەڭگەر كەنت كومىتېتى | قۇملەڭگەر دادۈي |
| ئارامەھەللە كەنت كومىتېتى | ئارامەھەللە دادۈي |
| ھەيرانباغ كەنت كومىتېتى | ھەيرانباغ دادۈي، تاشئېرىق دادۈي |
| تېرەكئېرىق كەنت كومىتېتى | تېرەك ئېرىق دادۈي |
| كالۇئېرىق كەنت كومىتېتى | كالو ئېرىق دادۈي |
| گىجا كەنت كومىتېتى | تۆۋەن گىجا دادۈي |
| چارباغ ئايدىڭكۆل كەنت كومىتېتى | ئايدىڭكۆل دادۈي |
| چولاقتېرەك كەنت كومىتېتى | چولاق تېرەك دادۈي، كۆلئېرىق دادۈي |
| باشپىچەكچى كەنت كومىتېتى | تۆۋەن قۇم ئېرىق دادۈي، باش پىچەكچى دادۈي |
| ئۈستەڭئۇچى كەنت كومىتېتى | ئۈستەڭ ئۇچى دادۈي |
| كۆكۆمەت كەنت كومىتېتى | كۆكۆمەت دادۈي |
| كوچائېرىق كەنت كومىتېتى | كوچا ئېرىق دادۈي |
| ئاتەشدۆڭ كەنت كومىتېتى | چاۋاغ مەيدان 1 ـ دادۈي |
| يېڭىئاۋات كەنت كومىتېتى | چاۋاغ مەيدان 2 ـ دادۈي |
| سەگۇلۇك كەنت كومىتېتى | چاۋاغ مەيدان 3 ـ 5 ـ دادۈي |
| گۇلباغ كەنت كومىتېتى | چاۋاغ مەيدان 4 ـ دادۈي |
| **ھاڭگىي يېزىسى** | **ھاڭگىي گۇڭشې** |

## ھازىرقى نامى

ئارقائىلەك كەنت كومىتېتى
پاڭەھەللە كەنت كومىتېتى
كەڭتوقاي كەنت كومىتېتى
ساقال كەنت كومىتېتى
چىلىگەجاي كەنت كومىتېتى
تۆۋەنپىچەكچى كەنت كومىتېتى
پىلەكئېرىق كەنت كومىتېتى
قۇمباغ كەنت كومىتېتى
چوڭقۇرئېرىق كەنت كومىتېتى
راخمانپۇر كەنت كومىتېتى
ئاياغ سوغاققۇم كەنت كومىتېتى
بەگئېرىق كەنت كومىتېتى
توڭكايئېرىق كەنت كومىتېتى
لەڭگەرئېرىق كەنت كومىتېتى
ئۈجمىلىك كەنت كومىتېتى
ئوتتۇرائېرىق كەنت كومىتېتى
يېڭىباغ كەنت كومىتېتى

ئاۋامسلىم كەنت كومىتېتى
دۆڭئېرىق كەنت كومىتېتى
ئاچمائېرىق كەنت كومىتېتى
ئاقئېرىق كەنت كومىتېتى
قەغەزئېرىق كەنت كومىتېتى
زەمچىئېرىق كەنت كومىتېتى
ئايرىش كەنت كومىتېتى
زاغۇنئېرىق كەنت كومىتېتى
قوغاچبېشى كەنت كومىتېتى
توققۇزكاللا كەنت كومىتېتى
داڭلىقمونجاق كەنت كومىتېتى
باش خانىقائېرىق كەنت كومىتېتى
كوناھاڭگىي كەنت كومىتېتى

## ئەسلىدىكى نامى

بىرلەشمە دادۋي (سوغاققۇم)
تايلاق تۈگمەن دادۋي
كەڭتوقاي دادۋي
ساقال دادۋي
تاپان دادۋي
تۆۋەن پىچەكچى دادۋي
پىلەك ئېرىق دادۋي
باش قۇمباغ دادۋي، قۇمباغ دادۋي
چوڭقۇر ئېرىق دادۋي
راخمانپۇردادۋي، باش راخمانپۇر دادۋي
ئاياق سوغاققۇم دادۋي
باغ ئېرىق دادۋي
توڭكاي ئېرىق دادۋي
لەڭگەر دادۋي
ئۈژمىلىك دادۋي
سولۋا دادۋي
ئوتتۇرا ئېرىق دادۋي
يېڭى باغ دادۋي
دۆڭ ئېرىق دادۋي
قالغاچ ئېرىق دادۋي
ئاچما ئېرىق دادۋي
ئارقا ئېرىق دادۋي
قەغەز ئېرىق دادۋي
زەمچى دادۋي
زاغۇن ئېرىق دادۋي
زاغۇن ئېرىق دادۋي
كونا ھاڭگىي دادۋي
قوغاچ بېشى دادۋي
توققۇز كاللا دادۋي
داڭلىق مونجاق دادۋي
خانىقا ئېرىق دادۋي

## هازىرقى نامى

يېڭىئوستەڭ كەنت كومىتېتى
چىپەرچىئېرىق كەنت كومىتېتى
خورازتوغراق كەنت كومىتېتى

**دول يېزىسى**
دول خەلپەئېرىق كەنت كومىتېتى
قوغاچئېرىق كەنت كومىتېتى
دولسېرىق كەنت كومىتېتى
كۆتەمە كەنت كومىتېتى
كالتەكۆتەمە كەنت كومىتېتى

دۆڭكۆزلەك كەنت كومىتېتى
يولچىكۆل كەنت كومىتېتى
قۇيرۇقئېرىق كەنت كومىتېتى
ئويمانىيانتاق كەنت كومىتېتى
بوستان كەنت كومىتېتى
قاراڭغۇتوغراق كەنت كومىتېتى
كۆلئېرىق كەنت كومىتېتى

باشياندۇرما كەنت كومىتېتى
ئاياغياندۇرما كەنت كومىتېتى
شوركۆتەك كەنت كومىتېتى
تاڭماخېنىي كەنت كومىتېتى
مازارئۆستەڭ كەنت كومىتېتى
چوڭقۇرئۆستەڭ كەنت كومىتېتى

كاۋا تۇگمەنبېشى كەنت كومىتېتى
تولغاش كەنت كومىتېتى
**بەشتوغراق يېزىسى**
ئىسلىغدۆڭ كەنت كومىتېتى
سىياۋىشى كەنت كومىتېتى

## ئەسلىدىكى نامى

يېڭى ئۆستەڭ دادۈي
هاردوققۇم دادۈي
هاڭگىي بوز يەر مەيدان
باغچا
**دول گۇڭشې**
كولئېرىق دادۈي، دول دادۈي
قوغاچ ئېرىق دادۈي
سېرىق دادۈي
كۆتەمە دادۈي
جالان ئېرىق دادۈي
كۆچۈرمە بېشى دادۈي
خالۋاپ دادۈي، دۆڭكۆزلەك دادۈي
يولچىكۆل دادۈي
توغراق ئېرىق دادۈي، چاقما دادۈي
پەشتاق دادۈي
بوستان دادۈي
دول مەيدان
سۆگەت مازار دادۈي
دۆڭ ئازما دادۈي
باش ياندۇرما دادۈي
ئاياغ ياندۇرما دادۈي
شوركۆتەك دادۈي
تاڭما خېنىي دادۈي
ئازنە بازار دادۈي، مازار ئۆستەڭ دادۈي
چوڭقۇر ئۆستەڭ دادۈي
قاغا ئېرىق دادۈي
كاۋا تۇگمەنبېشى دادۈي
تولغاش دادۈي
**بەشتوغراق گۇڭشې**
ئىسلىغ دۆڭ دادۈي
قىزىلبايراق دۆڭ دادۈي

## ھازىرقى نامى

ئۇلقۇدۇق كەنت كومىتېتى
بوستانباغ كەنت كومىتېتى
چوڭيول كەنت كومىتېتى
كادىردۆڭ كەنت كومىتېتى
بەشتوغراق كەنت كومىتېتى
باغئېرىق كەنت كومىتېتى
ياركوچا كەنت كومىتېتى
توغراقدۆڭ كەنت كومىتېتى

## ئەسلىدىكى نامى

يېڭى قۇدۇق دادۈي
بوستان دادۈي
چوڭ يول دادۈي
كادىردۆڭ دادۈي، قۇرۇلۇش دادۈي
بەشتوغراق دادۈي
باغئېرىق دادۈي
لوپ گۇڭشې بوز يەر مەيدان 16 ـ دادۈي
لوپ گۇڭشې بوز يەر مەيدان 17 ـ دادۈي

# لوپ ناھىيىسىنىڭ ئۆلچەملىك يەر نامىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى

# 洛浦县标准地名维汉对照索引

## 1 - مەمۇرىي رايونلار ۋە تەبىئىي كەنتلەرنامى

## 一、行政区划和自然村名称


| خەنزۇچە 汉字 | بەت 页 | ئۇيغۇرچە 维语 |
|---|---|---|
| 洛浦县 | ( 21 ) | لوپ ناھىيىسى |
| 洛浦镇 | ( 21 ) | لوپبازىرى ١ |
| 第一居民委员会 | ( 21 ) | 1 ـ ئاھالە كومىتېتى |
| 第二居民委员会 | ( 21 ) | 2 ـ ئاھالە كومىتېتى |
| 第三居民委员会 | ( 21 ) | 3 ـ ئاھالە كومىتېتى |
| 第四居民委员会 | ( 21 ) | 4 ـ ئاھالە كومىتېتى |
| 第五居民委员会 | ( 22 ) | 5 ـ ئاھالە كومىتېتى |
| 和田路 | ( 22 ) | خوتەن يولى |
| 杭桂路 | ( 22 ) | ھاڭگىي يولى |
| 多鲁路 | ( 23 ) | دول يولى |
| 文化路 | ( 23 ) | مەدەنىيەت يولى |
| 山普鲁路 | ( 23 ) | سامپۇل يولى |
| 英巴扎路 | ( 23 ) | يېڭىبازار يولى |
| 博西坎路 | ( 24 ) | بوشقان يولى |
| 英巴扎村委会 | ( 24 ) | يېڭىبازار كەنت كومىتېتى |
| 英巴扎 | ( 24 ) | يېڭىبازار |
| 拉塔阔恰 | ( 24 ) | لاتاكوچا |
| 派热阔恰 | ( 24 ) | پەرەكوچا |
| 阔纳巴扎村委会 | ( 24 ) | كونابازار كەنت كومىتېتى |

| خەنزۇچە | بەت | ئۇيغۇرچە |
| --- | --- | --- |
| 汉　语 | 页 | 维　语 |
| 吐孜鲁克艾日克 | ( 25 ) | تۇزلۇقئېرىق |
| 库木恰克巴格 | ( 25 ) | قومچاقباغ |
| 欧吐拉博西坎村委会 | ( 25 ) | ئوتتۇرابوشقان كەنت كومىتېتى |
| 喀瓦买里 | ( 25 ) | كاۋامەھەللە |
| 依格孜艾日克 | ( 25 ) | ئېگىزئېرىق |
| 加依铁热克巴格万其勒克村委会 | ( 25 ) | جايتېرەك باغۋەنچىلىك كەنت كومىتېتى |
| 海力派曲许尔盖村委会 | ( 26 ) | خەلپەچۇشۇرگە كەنت كومىتېتى |
| 喀帕克勒克买里 | ( 26 ) | قاپاقلىقمەھەللە |
| 巴什多鲁 | ( 26 ) | باشدول |
| 多鲁吐格曼贝希村委会 | ( 26 ) | دول تۇگمەنبېشى كەنت كومىتېتى |
| 多鲁吐格曼贝希 | ( 27 ) | دول تۇگمەنبېشى |
| 康帕艾日克 | ( 27 ) | كامپائېرىق |
| 克尔喀什村委会 | ( 27 ) | قىرقاش كەنت كومىتېتى |
| 喀勒普克买里 | ( 27 ) | كالپۇكمەھەللە |
| 托格拉克阿勒地 | ( 28 ) | توغراقئالدى |
| 加朗买里 | ( 28 ) | جالانمەھەللە |
| 多外特村委会 | ( 28 ) | دۆۋەت كەنت كومىتېتى |
| 西依提买里 | ( 28 ) | شىيتمەھەللە |
| 巴其古买里 | ( 28 ) | باچكۇمەھەللە |
| 阿恰村委会 | ( 28 ) | ئاچا كەنت كومىتېتى |
| 阿　恰 | ( 29 ) | ئاچا |
| 古古提其买里 | ( 29 ) | گۇگۇتچىمەھەللە |
| 博西坎村委会 | ( 29 ) | بوشقان كەنت كومىتېتى |
| 曲吉买里 | ( 29 ) | چۇجەمەھەللە |
| 兴台买里 | ( 29 ) | شىڭتەيمەھەللە |
| 喀尕买里 | ( 29 ) | قاغامەھەللە |
| 喀拉都外村委会 | ( 29 ) | قارادۆۋە كەنت كومىتېتى |
| 布古拉阔恰 | ( 30 ) | بۇغراكوچا |
| 苏喀买里 | ( 30 ) | سوقامەھەللە |
| 古木巴特村委会 | ( 30 ) | گۇمبات كەنت كومىتېتى |
| 琼库尔买里 | ( 30 ) | چوڭقۇرمەھەللە |

| خەنزۇچە 汉语 | بەت 页 | ئۇيغۇرچە 维语 |
|---|---|---|
| 合依西买里 | ( 30 ) | تېيىشمەھەللە |
| 巴依塔勒买里 | ( 31 ) | بايتالمەھەللە |
| 喀日古买里 | ( 31 ) | قارىغۇمەھەللە |
| 库尔干村委会 | ( 31 ) | قورغان كەنت كومىتېتى |
| 墩艾日克 | ( 31 ) | دوڭئېرىق |
| 托格热艾日克 | ( 31 ) | توغرائېرىق |
| 合　尼 | ( 31 ) | خېنى |
| 阿亚克恰帕勒村委会 | ( 32 ) | ئاياغچاپال كەنت كومىتېتى |
| 艾则旦木艾日克 | ( 32 ) | ھەزتەمئېرىق |
| 恰热买里 | ( 32 ) | چارامەھەللە |
| 尤布旦买里 | ( 32 ) | يوبدانمەھەللە |
| 巴什恰帕勒村委会 | ( 32 ) | باشچاپال كەنت كومىتېتى |
| 墩艾日克 | ( 33 ) | دۆڭئېرىق |
| 恰帕勒兰干村委会 | ( 33 ) | چاپاللەڭگىرى كەنت كومىتېتى |
| 恰帕勒兰干 | ( 33 ) | چاپاللەڭگىرى |
| 麻扎艾日克 | ( 33 ) | مازارئېرىق |
| 塔盘村委会 | ( 33 ) | تاپان كەنت كومىتېتى |
| 加喀买里 | ( 34 ) | جاقامەھەللە |
| 吐格曼阿依玛克 | ( 34 ) | تۆگمەنئايمىقى |
| **玉龙喀什镇** | ( 39 ) | **يۇرۇڭقاش بازىرى** |
| 永巴扎 | ( 39 ) | يۇڭبازىرى |
| 阿勒提来村委会 | ( 39 ) | ئالتلە كەنت كومىتېتى |
| 哈勒达买里 | ( 39 ) | خالدامەھەللە |
| 铁提尔巴格 | ( 39 ) | تېتىرباغ |
| 阿鲁博依村委会 | ( 40 ) | ھالۇبويى كەنت كومىتېتى |
| 阿鲁博依 | ( 40 ) | ھالۇبويى |
| 亚格买里 | ( 40 ) | ياغمەھەللە |
| 达瓦巴扎村委会 | ( 40 ) | داۋابازىرى كەنت كومىتېتى |
| 达瓦巴扎 | ( 40 ) | داۋابازىرى |
| 恰库买里 | ( 41 ) | چاكۇمەھەللە |
| 永巴扎村委会 | ( 41 ) | يۇڭبازىرى كەنت كومىتېتى |

| خەنزۇچە 汉语 | بەت 页 | ئۇيغۇرچە 维语 |
|---|---|---|
| 克依什买里 | ( 41 ) | قېيىشمەھەللە |
| 依格孜艾日克村委会 | ( 41 ) | ئېگىزئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 克热木其买里 | ( 41 ) | قىرىمچىمەھەللە |
| 帕恰克买里 | ( 42 ) | پاچاقمەھەللە |
| 克热格艾日克村委会 | ( 42 ) | قىرىغئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 皮里克买里 | ( 42 ) | پىلىكمەھەللە |
| 亚格其买里 | ( 42 ) | ياغچىمەھەللە |
| 阔纳吾斯塘 | ( 42 ) | كونائۆستەڭ |
| 巴什米克拉村委会 | ( 42 ) | باشمىقلا كەنت كومىتېتى |
| 巴什米克拉 | ( 43 ) | باشمىقلا |
| 纳格热其村委会 | ( 43 ) | ناغرىچى كەنت كومىتېتى |
| 纳格热其 | ( 43 ) | ناغرىچى |
| 库木艾日克 | ( 43 ) | قۇمئېرىق |
| 库提其村委会 | ( 43 ) | قۇتچى كەنت كومىتېتى |
| 库提其 | ( 44 ) | قۇتچى |
| 依盖其 | ( 44 ) | ئىگەرچى |
| 曲许尔盖艾日克 | ( 44 ) | چۇشۇرگەئېرىق |
| 库提其兰干村委会 | ( 44 ) | قۇتچىلەڭگەر كەنت كومىتېتى |
| 喀纳依买里 | ( 44 ) | كانايمەھەللە |
| 夏依其买里 | ( 44 ) | شايىچمەھەللە |
| 阿克其格 | ( 45 ) | ئاقچىغ |
| 色日克 | ( 45 ) | سېرىق |
| 阿亚克米克拉村委会 | ( 45 ) | ئاياغمىقلا كەنت كومىتېتى |
| 阿亚克米克拉 | ( 45 ) | ئاياغمىقلا |
| 阿其玛村委会（农场） | ( 45 ) | ئاچما كەنت كومىتېتى (دېھقانچىلىق مەيدان) |
| 阿其玛 | ( 45 ) | ئاچما |
| 博斯坦库木 | ( 46 ) | بوستانقۇم |
| 巴格万 | ( 46 ) | باغۋەن |
| 夏合墩 | ( 46 ) | شاخدۆڭ |
| 其干勒克 | ( 46 ) | چىغانلىق |
| **吉亚乡** | ( 51 ) | **جىيا يېزىسى** |

| خەنزۇچە<br>汉　语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维　语 |
|---|---|---|
| 铁热克力克村委会 | ( 51 ) | تېرەكلىك كەنت كومىتېتى |
| 铁热克力克 | ( 51 ) | تېرەكلىك |
| 居古买里 | ( 51 ) | جۇگۇمەھەللە |
| 塔依拉克买里 | ( 51 ) | تايلاقمەھەللە |
| 吉勒尕博依 | ( 52 ) | جىلغابويى |
| 塔吾尕孜村委会 | ( 52 ) | تاۋىغاز كەنت كومىتېتى |
| 塔吾尕孜 | ( 52 ) | تاۋىغاز |
| 阿其玛 | ( 52 ) | ئاچما |
| 兰干 | ( 52 ) | لەڭگەر |
| 苏亚玉吉买勒克村委会 | ( 52 ) | سۇيائۈجمىلىك كەنت كومىتېتى |
| 泡也尔 | ( 53 ) | پويەر |
| 托　万 | ( 53 ) | تۆۋەن |
| 英买里 | ( 53 ) | يېڭىمەھەللە |
| 阔恰村委会 | ( 53 ) | كوچا كەنت كومىتېتى |
| 阔　恰 | ( 53 ) | كوچا |
| 当坎买里 | ( 54 ) | داڭقانمەھەللە |
| 墩艾日克 | ( 54 ) | دۆڭئېرىق |
| 阿亚克库勒艾日克村委会 | ( 54 ) | ئاياغ كۆلئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 阿亚克库艾日克 | ( 54 ) | ئاياغ كۆلئېرىق |
| 苏亚兰干村委会 | ( 54 ) | سۇيالەڭگەر كەنت كومىتېتى |
| 苏亚兰干 | ( 54 ) | سۇيالەڭگەر |
| 亚木克买里 | ( 55 ) | يامۇكمەھەللە |
| 阿日喀买里 | ( 55 ) | ئارقامەھەللە |
| 艾里玛塔木村委会 | ( 55 ) | ھېلىماتام كەنت كومىتېتى |
| 铁克买里 | ( 55 ) | تىكەمەھەللە |
| 亚尕克买里 | ( 55 ) | ياغاقمەھەللە |
| 吉勒尕艾日克村委会 | ( 55 ) | جىلغائېرىق كەنت كومىتېتى |
| 冬巴克买里 | ( 56 ) | دۇمباقمەھەللە |
| 阿克买里村委会 | ( 56 ) | ئاقمەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 萨勒吉买里 | ( 56 ) | سالجامەھەللە |
| 多朗买里 | ( 56 ) | دولانمەھەللە |

| خەنزۇچە<br>汉 语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维 语 |
|---|---|---|
| 阿孜乃巴扎村委会 | ( 56 ) | ئازنەبازار كەنت كومىتېتى |
| 曲甫艾日克 | ( 57 ) | چۆپئېرىق |
| 英阿瓦提 | ( 57 ) | يېڭىئاۋات |
| 买迪日斯博依村委会 | ( 57 ) | مەدرىسبويى كەنت كومىتېتى |
| 克依什买里 | ( 57 ) | قېيىشمەھەللە |
| 喀勒塔吐格曼村委会 | ( 57 ) | كالتەتۇگمەن كەنت كومىتېتى |
| 宏代克买里 | ( 57 ) | خوندەكمەھەللە |
| 亚吐格曼村委会 | ( 58 ) | يارتۇگمەن كەنت كومىتېتى |
| 阔央买里 | ( 58 ) | قۇياشمەھەللە |
| 英阿瓦提 | ( 58 ) | يېڭىئاۋات |
| **布亚乡** | ( 62 ) | **بۇيا يېزىسى** |
| 昆其买里 | ( 62 ) | كۆنچىمەھەللە |
| 布亚麻扎村委会 | ( 62 ) | بۇيابازار كەنت كومىتېتى |
| 再干买里 | ( 62 ) | زەگەرمەھەللىسى |
| 坎特艾日克 | ( 62 ) | كەنتئېرىق |
| 喀赞其买里 | ( 63 ) | قازانچىمەھەللە |
| 铁提尔村委会 | ( 63 ) | تېتىر كەنت كومىتېتى |
| 铁提尔 | ( 63 ) | تېتىر |
| 结格然买里 | ( 63 ) | جەگرەنمەھەللە |
| 克依什买里 | ( 63 ) | قېيىشمەھەللە |
| 坎其艾日克村委会 | ( 63 ) | كانچىئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 坎其艾日克 | ( 64 ) | كانچىئېرىق |
| 阔提买里 | ( 64 ) | كوتمەھەللە |
| 恰勒米村委会 | ( 64 ) | چالمىي كەنت كومىتېتى |
| 墩买里 | ( 64 ) | دۆڭمەھەللە |
| 库外提买里 | ( 64 ) | قۇۋۋەتمەھەللە |
| 墩扎热特村委会 | ( 65 ) | دۆڭزارەت كەنت كومىتېتى |
| 墩扎热特 | ( 65 ) | دۆڭزارەت |
| 孟加克买里 | ( 65 ) | مونجاقمەھەللە |
| 坎特艾日克 | ( 65 ) | كەنتئېرىق |
| 喀勒尕其买里 | ( 65 ) | قالىغاچمەھەللە |

| خەنزۇچە | بەت | ئۇيغۇرچە |
|---|---|---|
| 汉　语 | 页 | 维　语 |
| 依来克博依 | ( 65 ) | ئىلەكبويى |
| 巴什昆孜村委会 | ( 65 ) | باشكونزي كەنت كومىتېتى |
| 巴什昆孜 | ( 66 ) | باشكونزي |
| 阿亚克恰勒米村委会 | ( 66 ) | ئاياغچالمىي كەنت كومىتېتى |
| 喀来克买里 | ( 66 ) | كاللەكمەھەللە |
| 阿克买里 | ( 66 ) | ئاقمەھەللە |
| 吾斯塘博依 | ( 66 ) | ئۆستەڭبويى |
| 布亚阿日西村委会 | ( 67 ) | بۇيائايرىش كەنت كومىتېتى |
| 布亚阿日西 | ( 67 ) | بۇيائايرىش |
| 阿亚克昆孜村委会 | ( 67 ) | ئاياغكونزي كەنت كومىتېتى |
| 恰尔阔恰 | ( 67 ) | چاركوچا |
| 夏拉克 | ( 67 ) | شالاقمەھەللە |
| 依格孜博斯坦村委会 | ( 67 ) | ئېگىزبوستان كەنت كومىتېتى |
| 依格孜博斯坦 | ( 68 ) | ئېگىزبوستان |
| 塔木其拉村委会 | ( 68 ) | تامچىلا كەنت كومىتېتى |
| 克朗买里 | ( 68 ) | قىلاڭمەھەللە |
| 喀拉比斯 | ( 68 ) | قارابىس |
| 喀勒尕其买里 | ( 68 ) | قالىغاچمەھەللە |
| 塔木艾格勒村委会 | ( 69 ) | تامئېغىل كەنت كومىتېتى |
| 塔木艾格勒 | ( 69 ) | تامئېغىل |
| 苏盖提艾日克 | ( 69 ) | سۆگەتئېرىق |
| 乌其鲁克库木村委会 | ( 69 ) | ئۈچلۈققۇم كەنت كومىتېتى |
| 曲鲁克买里 | ( 69 ) | چۈلۈكمەھەللە |
| 乌其鲁克库木 | ( 70 ) | ئۈچلۈققۇم |
| 欧吐拉昆孜村委会 | ( 70 ) | ئوتتۇراكونزي كەنت كومىتېتى |
| 吾如克阔恰 | ( 70 ) | ئۈرۈقكوچا |
| 普勒其阔恰 | ( 70 ) | پۈلچىكوچا |
| 艾其克尔克恰尔巴格村委会 | ( 70 ) | ئىچكىرىكى چارباغ كەنت كومىتېتى |
| 艾其克尔克恰尔巴格 | ( 71 ) | ئىچكىرىكى چارباغ |
| 塔什克尔克恰尔巴格 | ( 71 ) | تاشقىرىقى چارباغ |
| 苏勒瓦村委会 | ( 71 ) | سولۋا كەنت كومىتېتى |

| خەنزۇچە<br>汉 语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维 语 |
| --- | --- | --- |
| 巴什苏勒瓦 | ( 71 ) | باشسولۋا |
| 塔热依其买里 | ( 71 ) | تارايچىمەھەللە |
| 达克其买里 | ( 71 ) | داكچىمەھەللە |
| 阔尔归其买里 | ( 72 ) | قۇرغۇيچىمەھەللە |
| 夏合勒克村委会 | ( 72 ) | شاخلىق كەنت كومىتېتى |
| 夏合勒克 | ( 72 ) | شاخلىق |
| 阿亚克夏合勒克 | ( 72 ) | ئاياغشاخلىق |
| 拉依喀 | ( 72 ) | لايقا |
| 库玛提 | ( 72 ) | قۇمات |
| **纳瓦乡** | ( 76 ) | **ناۋايېزىسى** |
| 帕迪其买里 | ( 76 ) | پادىچىمەھەللە |
| 阿恰墩村委会 | ( 76 ) | ئاچادۆڭ كەنت كومىتېتى |
| 曲结买里 | ( 76 ) | چۇجەمەھەللە |
| 铁日克阿依玛克 | ( 76 ) | تېرىقئايماق |
| 吐格曼贝希 | ( 76 ) | تۈگمەنبېشى |
| 阿其玛 | ( 77 ) | ئاچما |
| 艾买什兰干村委会 | ( 77 ) | ئەمەشلەڭگەر كەنت كومىتېتى |
| 诺博依 | ( 77 ) | نوربويى |
| 唐 来 | ( 77 ) | تەڭلە |
| 尕帕村委会 | ( 77 ) | گاپا كەنت كومىتېتى |
| 布亚格买里 | ( 77 ) | بوياقمەھەللە |
| 喀相买里 | ( 78 ) | كاشاڭمەھەللە |
| 玉拍甫买里 | ( 78 ) | ھۆپەپمەھەللە |
| 纳瓦村委会 | ( 78 ) | ناۋا كەنت كومىتېتى |
| 哈勒瓦甫买里 | ( 78 ) | خالۋاپمەھەللە |
| 其格勒克 | ( 78 ) | چىغلىق |
| 苏克苏克买里 | ( 78 ) | سوكسوكمەھەللە |
| 多鲁博依 | ( 78 ) | دولبويى |
| 巴什尕帕村委会 | ( 79 ) | باشگاپا كەنت كومىتېتى |
| 布结克买里 | ( 79 ) | بۇرجەكمەھەللە |
| 苏尕克买里 | ( 79 ) | سوغاقمەھەللە |

| خەنزۇچە<br>汉 语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维 语 |
|---|---|---|
| 科克买里 | ( 79 ) | كۆكمەھەللە |
| 恰帕克买里 | ( 79 ) | چاپاقمەھەللە |
| 尕帕买里 | ( 79 ) | گاپامەھەللە |
| 纳瓦喀哈那村委会 | ( 79 ) | ناۋاكاخانا كەنت كومىتېتى |
| 帕热买里 | ( 80 ) | پارامەھەللە |
| 库夏提买里 | ( 80 ) | كۇشاتمەھەللە |
| 喀勒塔买里 | ( 80 ) | كالتەمەھەللە |
| 纳瓦库木巴格村委会 | ( 80 ) | ناۋاقۇمباغ كەنت كومىتېتى |
| 赫达依艾日克 | ( 80 ) | خىتايئېرىق |
| 尕帕阿日西村委会 | ( 80 ) | گاپائايرىش كەنت كومىتېتى |
| 帕夏买里 | ( 81 ) | پاشامەھەللە |
| 艾让巴格 | ( 81 ) | ھەيرانباغ |
| 帕唐买里 | ( 81 ) | پاتاڭمەھەللە |
| 托万喀拉克尔村委会 | ( 81 ) | تۆۋەن قاراقىر كەنت كومىتېتى |
| 喀拉买里 | ( 81 ) | قارامەھەللە |
| 泡买里 | ( 81 ) | پورمەھەللە |
| 巴什喀拉克尔村委会 | ( 82 ) | باش قاراقىر كەنت كومىتېتى |
| 塔吉克买里 | ( 82 ) | تاجىكمەھەللە |
| 墩买里 | ( 82 ) | دۆڭمەھەللە |
| 松盖其买里 | ( 82 ) | سۆڭگەچمەھەللە |
| 昆其买里 | ( 82 ) | كۆنچىمەھەللە |
| 格加阿日西村委会 | ( 82 ) | گىجائايرىش كەنت كومىتېتى |
| 曲结买里 | ( 83 ) | چۇجەمەھەللە |
| **山普鲁乡** | ( 89 ) | **سامپۇل يېزىسى** |
| 先拜巴札 | ( 89 ) | شەنبەبازار |
| 台买恰喀村委会 | ( 89 ) | تەمەچاقا كەنت كومىتېتى |
| 加热克买里 | ( 89 ) | جاراقمەھەللە |
| 阿热买里 | ( 89 ) | ئارامەھەللە |
| 苏勒台克买里 | ( 89 ) | سولتەكمەھەللە |
| 台买恰喀 | ( 90 ) | تەمەچاقا |
| 阔其坎村委会 | ( 90 ) | كۆچكەن كەنت كومىتېتى |

| خەنزۇچە<br>汉 语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维 语 |
|---|---|---|
| 浑代克买里 | ( 90 ) | خوندەكمەھەللە |
| 喀拉帕恰克买里 | ( 90 ) | قاراپاچاق مەھەللە |
| 希 纳 | ( 90 ) | شىنا |
| 安江买里 | ( 90 ) | ئەنجانمەھەللە |
| 赫拉万 | ( 91 ) | خىراۋان |
| 兰干村委会 | ( 91 ) | لەڭگەر كەنت كومىتېتى |
| 萨勒吉买里 | ( 91 ) | سالجامەھەللە |
| 庞买里 | ( 91 ) | پاڭمەھەللە |
| 加热克买里 | ( 91 ) | جاراقمەھەللە |
| 托乎买里 | ( 91 ) | تۇخۇمەھەللە |
| 克兰特村委会 | ( 92 ) | كىلەنتە كەنت كومىتېتى |
| 霍加库勒贝希 | ( 92 ) | غوجاكۆلبېشى |
| 喀吾如克买里 | ( 92 ) | كاۋرۇكمەھەللە |
| 琼库勒贝希 | ( 92 ) | چوڭ كۆلبېشى |
| 库热克阿依玛克 | ( 92 ) | كۇرەكئايمىقى |
| 山普鲁阿依丁库勒村委会 | ( 92 ) | سامپۇل ئايدىڭكۆل كەنت كومىتېتى |
| 哈达买里 | ( 93 ) | خادامەھەللە |
| 阿依丁库勒买里 | ( 93 ) | ئايدىڭكۆل مەھەللە |
| 塔让古买里 | ( 93 ) | تاراڭگۇمەھەللە |
| 喀拉库勒 | ( 93 ) | قاراكۆل |
| 阿克买迪日斯村委会 | ( 93 ) | ئاقمەدرىس كەنت كومىتېتى |
| 墩买里 | ( 93 ) | دۆڭمەھەللە |
| 萨依巴格 | ( 94 ) | سايباغ |
| 帕什塔克买里 | ( 94 ) | پەشتاقمەھەللە |
| 琼库尔阔恰 | ( 94 ) | چوڭقۇركوچا |
| 阿克买迪日斯 | ( 94 ) | ئاقمەدرىس |
| 恰克玛克村委会 | ( 94 ) | چاقماق كەنت كومىتېتى |
| 台土克买里 | ( 94 ) | تەتۈكمەھەللە |
| 塔让古买里 | ( 94 ) | تاراڭگۇمەھەللە |
| 加依艾日克村委会 | ( 95 ) | جايئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 加依艾日克 | ( 95 ) | جايئېرىق |

| خەنزۇچە<br>汉 语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维 语 |
|---|---|---|
| 苏盖特艾日克 | ( 95 ) | سۆگەتئېرىق |
| 苏盖特博斯坦 | ( 95 ) | سۆگەتبوستان |
| 库尔巴格村委会 | ( 95 ) | قۇرباغ كەنت كومىتېتى |
| 尕恰阿依玛克 | ( 96 ) | گاچائايماق |
| 喀鲁库勒贝希 | ( 96 ) | كالۇ كۆلبېشى |
| 阿亚格买里 | ( 96 ) | ئاياغمەھەللە |
| 阔塔孜兰干村委会 | ( 96 ) | قوتازلەڭگەر كەنت كومىتېتى |
| 加　依 | ( 96 ) | جاي |
| 阿鲁吾其买里 | ( 96 ) | ھالۇئىچمەھەللە |
| 吉格代勒克 | ( 96 ) | جىگدىلىك |
| 依勒达木村委会 | ( 96 ) | ئىلدام كەنت كومىتېتى |
| 依勒达木 | ( 97 ) | ئىلدام |
| 多鲁博依 | ( 97 ) | دولبويى |
| 克依阔村委会 | ( 97 ) | قىيقو كەنت كومىتېتى |
| 泡买里 | ( 97 ) | پومەھەللە |
| 帕迪其买里 | ( 97 ) | پادىچىمەھەللە |
| 库木巴格 | ( 98 ) | قۇمباغ |
| 墩买里 | ( 98 ) | دۆڭمەھەللە |
| 阔库拉村委会 | ( 98 ) | كۇكۇلا كەنت كومىتېتى |
| 阔库拉 | ( 98 ) | كۇكۇلا |
| 麻糖买里 | ( 98 ) | ماتاڭمەھەللە |
| 帕迪其买里 | ( 98 ) | پادىچىمەھەللە |
| 山普鲁色日克村委会 | ( 98 ) | سامپۇلسېرىق كەنت كومىتېتى |
| 恰帕克买里 | ( 99 ) | چاپاقمەھەللە |
| 克来买里 | ( 99 ) | كىلەمەھەللە |
| 夏哈买里 | ( 99 ) | شاخامەھەللە |
| 喀拉央塔克村委会 | ( 99 ) | قارايانتاق كەنت كومىتېتى |
| 喀拉央塔克 | ( 99 ) | قارايانتاق |
| 乌　堂 | ( 99 ) | ئۆتەڭ |
| 喀孜米勒克 | (100) | قازمىلىق |
| 比孜里村委会 | (100) | بىزلىي كەنت كومىتېتى |

| خەنزۇچە<br>汉 语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维 语 |
|---|---|---|
| 比孜里 | (100) | بىزلىي |
| 阿亚克比孜里村委会 | (100) | ئاياغبىزلىي كەنت كومىتېتى |
| 夏玛勒巴格 | (100) | شامالباغ |
| 叶斯塔木 | (100) | يېستام |
| 库如克买里村委会 | (101) | قۇرۇقمەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 库如克买里 | (101) | قۇرۇقمەھەللە |
| 阿其克村委会 | (101) | ئاچچىق كەنت كومىتېتى |
| 阿其克 | (101) | ئاچچىق |
| 比来勒克 | (101) | بىلەيلىك |
| 赛吉托格拉克 | (101) | سەجەتوغراق |
| 欧吐拉克尔 | (102) | ئوتتۇراقىر |
| 玉吉买麻札 | (102) | ئۈژمەمازار |
| 吾鲁格拜勒 | (102) | ئۇلۇغبەل |
| 喀勒台拜勒 | (102) | كالتەبەل |
| 央塔克勒克 | (102) | يانتاقلىق |
| 乔喀勒克 | (102) | چوقالىق |
| 阿其克兰干 | (102) | ئاچچىقلەڭگىرى |
| 英兰干村委会 | (102) | يېڭىلەڭگەر كەنت كومىتېتى |
| 英兰干 | (103) | يېڭىلەڭگەر |
| 博斯坦库勒村委会 | (103) | بوستانكۆل كەنت كومىتېتى |
| 博斯坦库勒 | (103) | بوستانكول |
| 努尔巴格 | (103) | نۇرباغ |
| 萨依巴格 | (103) | سايباغ |
| **恰尔巴格乡** | (108) | **چارباغ يېزىسى** |
| 库勒艾日克 | (108) | كۆلئېرىق |
| 加依托格拉克村委会 | (108) | جايتوغراق كەنت كومىتېتى |
| 加依托格拉克 | (108) | جايتوغراق |
| 尤喀尔克买里 | (108) | يۇقارقىمەھەللە |
| 诺艾日克 | (108) | نورئېرىق |
| 吉格代艾日克 | (109) | جىگدەئېرىق |
| 琼库勒贝希村委会 | (109) | چوڭ كۆلبېشى كەنت كومىتېتى |

| خەنزۇچە<br>汉语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维语 |
|---|---|---|
| 帕恰克买里 | (109) | پاچاقمەھەللە |
| 戈普艾日克 | (109) | گوپئېرىق |
| 恰尔巴格阿日西 | (109) | چارباغ ئايرىش |
| 恰尔巴格村委会 | (109) | چارباغ كەنت كومىتېتى |
| 加依艾日克 | (110) | جايئېرىق |
| 恰尔巴格 | (110) | چارباغ |
| 阿依玛克村委会 | (110) | ئايماق كەنت كومىتېتى |
| 墩艾日克 | (110) | دۆڭئېرىق |
| 奥依拉村委会 | (110) | ئويلاكەنت كومىتېتى |
| 奥依拉 | (111) | ئويلا |
| 巴什苏尕克库木村委会 | (111) | باش سوغاققۇم كەنت كومىتېتى |
| 阿尔喀依来克 | (111) | ئارقائىلەك |
| 兰　干 | (111) | لەڭگەر |
| 海力派艾日克村委会 | (111) | خەلپەئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 海力派艾日克 | (112) | خەلپەئېرىق |
| 阿尔喀艾日克 | (112) | ئارقائېرىق |
| 阔恰克艾日克村委会 | (112) | قوچاقئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 尕让买里 | (112) | گاراڭمەھەللە |
| 喀拉喀什买里 | (112) | قاراقاش مەھەللە |
| 巴米村委会 | (112) | بامى كەنت كومىتېتى |
| 巴　米 | (113) | بامى |
| 奥克其村委会 | (113) | ئوقچى كەنت كومىتېتى |
| 海力派买里 | (113) | خەلپەمەھەللە |
| 亚勒克 | (113) | يارلىق |
| 吾乔克艾日克 | (113) | ئوچۇقئېرىق |
| 亚坎提村委会 | (113) | ياركەنت كەنت كومىتېتى |
| 亚坎提 | (114) | ياركەنت |
| 麻糖买里 | (114) | ماتاڭمەھەللە |
| 塔什艾日克 | (114) | تاشئېرىق |
| 铁提尔巴格村委会 | (114) | تېتىرباغ كەنت كومىتېتى |
| 塔玛克 | (114) | تاماق |

| خەنزۇچە<br>汉　语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维　语 |
|---|---|---|
| 塔依拉克买里村委会 | (114) | تايلاق كەنت كومىتېتى |
| 墩艾日克 | (115) | دوڭئېرىق |
| 格加喀拉克尔村委会 | (115) | گېجا قاراقىركەنت كومىتېتى |
| 桑阿买里 | (115) | ساڭامەھەللە |
| 库切提买里 | (115) | كۆچەتمەھەللە |
| 墩买里村委会 | (115) | دۆڭمەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 库休克买里 | (116) | كۇشۇكمەھەللە |
| 桑　阿 | (116) | ساڭا |
| 库木兰干村委会 | (116) | قۇملەڭگەر كەنت كومىتېتى |
| 阿尔喀诺尔 | (116) | ئارقانور |
| 库木兰干 | (116) | قۇملەڭگەر |
| 贝斯勒尕克 | (116) | بېسلغاق |
| 奥依兰干 | (117) | ئويلەڭگەر |
| 阿日买里村委会 | (117) | ئارامەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 阿鲁艾日克 | (117) | هالۇئېرىق |
| 玉吉买加依 | (117) | ئۆجمەجاي |
| 艾让巴格村委会 | (117) | ھەيرانباغ كەنت كومىتېتى |
| 昆塔依 | (118) | كوكتاي |
| 巴什吐格曼 | (118) | باشتۆگمەن |
| 铁热克艾日克村委会 | (118) | تېرەكئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 铁热克艾日克 | (118) | تېرەكئېرىق |
| 喀鲁艾日克村委会 | (118) | كالۇئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 喀勒迪买里 | (118) | كالدىمەھەللە |
| 忙坎买里 | (119) | ماڭقانمەھەللە |
| 格加村委会 | (119) | گېجا كەنت كومىتېتى |
| 萨喀勒买里 | (119) | ساقالمەھەللە |
| 其盖买里 | (119) | چىگەمەھەللە |
| 墩阿孜玛 | (119) | دۆڭئازما |
| 库休克买里 | (119) | كۇشۇكمەھەللە |
| 阿亚克格加村委会 | (119) | ئاياغگېجا كەنت كومىتېتى |
| 苏盖提艾日克 | (120) | سۆگەتئېرىق |

| خەنزۇچە<br>汉 语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维 语 |
|---|---|---|
| 古力斗买艾日克 | (120) | گۈلدۈرمەئېرىق |
| 乌尊买里 | (120) | ئۈزۈنمەھەللە |
| 恰库买里 | (120) | چاكۇمەھەللە |
| 恰尔巴格阿依丁库勒村委会 | (120) | چارباغ ئايدىڭكۆل كەنت كومىتېتى |
| 恰尔巴格阿依丁库勒 | (120) | چارباغ ئايدىڭكۆل |
| 坎都克买里 | (120) | كاندۇكمەھەللە |
| 乔拉克铁热克村委会 | (121) | چولاقتېرەك كەنت كومىتېتى |
| 吐送艾日克 | (121) | تۇرسۇنئېرىق |
| 阿訇艾日克 | (121) | ئاخۇنئېرىق |
| 乔拉克铁热克 | (121) | چولاقتېرەك |
| 巴什皮切克其村委会 | (121) | باشپېچەكچى كەنت كومىتېتى |
| 喀乃艾日克 | (122) | كانايئېرىق |
| 乌斯塘乌其村委会 | (122) | ئۆستەڭئۇچى كەنت كومىتېتى |
| 亚艾日克 | (122) | يارئېرىق |
| 琼库尔艾日克 | (122) | چوڭقۇرئېرىق |
| 库库买提村委会 | (122) | كۆكۆمەت كەنت كومىتېتى |
| 托格拉艾日克 | (123) | توغرا ئېرىق |
| 墩艾日克 | (123) | دۆڭئېرىق |
| 曲结买里 | (123) | چۇجەمەھەللە |
| 阔恰艾日克村委会 | (123) | كوچائېرىق كەنت كومىتېتى |
| 阔恰艾日克 | (123) | كوچائېرىق |
| 哈盘艾日克 | (123) | خاپائېرىق |
| 阿特西墩村委会 | (123) | ئاتەشدۆڭ كەنت كومىتېتى |
| 阿特西墩 | (124) | ئاتەشدۆڭ |
| 英阿瓦提村委会 | (124) | يېڭىئاۋات كەنت كومىتېتى |
| 赛古勒克村委会 | (124) | سەگۇلۇك كەنت كومىتېتى |
| 斯克来克麻扎 | (124) | سىكىلەكمازار |
| 古勒巴格村委会 | (125) | گۈلباغ كەنت كومىتېتى |
| 吉米（地片） | (125) | جىمى (يەر بۆلىكى) |
| **杭桂乡** | (131) | **ھاڭگىي يېزىسى** |
| 库木巴格 | (131) | قۇمباغ |

| خەنزۇچە<br>汉 语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维 语 |
|---|---|---|
| 库木巴格村委会 | ( 131 ) | قۇمباغ كەنت كومىتېتى |
| 巴格其村委会（园艺场） | ( 131 ) | باغچە كەنت كومىتېتى |
| 英阿其玛 | ( 131 ) | يېڭىئاچما |
| 阿尔喀依来克村委会 | ( 132 ) | ئارقائىلەك كەنت كومىتېتى |
| 塔依拉克吐曼格贝希 | ( 132 ) | تايلاق تۈگمەنبېشى |
| 曼吐托格拉克 | ( 132 ) | مانتاتوغراق |
| 庞买里村委会 | ( 132 ) | پاڭمەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 庞买里 | ( 132 ) | پاڭمەھەللە |
| 多克买里 | ( 132 ) | دوكمەھەللە |
| 阔赛依巴格 | ( 133 ) | كوسايباغ |
| 康托喀依村委会 | ( 133 ) | كەڭتۇقاي كەنت كومىتېتى |
| 玛依玛克 | ( 133 ) | مايماق |
| 康托喀依 | ( 133 ) | كەڭتوقاي |
| 其　　开 | ( 133 ) | چېكە |
| 萨喀勒村委会 | ( 133 ) | ساقال كەنت كومىتېتى |
| 皮切克其 | ( 13 ) | پېچەكچى |
| 托万皮切克其村委会 | ( 134 ) | تۆۋەنپېچەكچى كەنت كومىتېتى |
| 托万皮切克其 | ( 134 ) | تۆۋەنپېچەكچى |
| 萨喀勒 | ( 134 ) | ساقال |
| 代日哈拉克 | ( 134 ) | دەرغىلاق |
| 其力盖加依村委会 | ( 134 ) | چىلگىجاي كەنت كومىتېتى |
| 喀拉买里 | ( 135 ) | قارامەھەللە |
| 皮凉艾日克村委会 | ( 135 ) | پىلەڭئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 皮凉艾日克 | ( 135 ) | پىلەڭئېرىق |
| 亚格其买里 | ( 135 ) | ياغچىمەھەللە |
| 琼库尔艾日克村委会 | ( 135 ) | چوڭقۇرئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 央阿克买里 | ( 136 ) | ياڭاقمەھەللە |
| 萨喀勒买里 | ( 136 ) | ساقالمەھەللە |
| 都喀阿依玛克 | ( 136 ) | دوقائايمىقى |
| 苏勒瓦艾日克 | ( 136 ) | سولۋائېرىق |
| 热合满普尔村委会 | ( 136 ) | راخمانپۇر كەنت كومىتېتى |

| خەنزۇچە<br>汉 语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维 语 |
| --- | --- | --- |
| 帕热买里 | (136) | پارامەھەللە |
| 其拉阿依玛克 | (136) | چىرائايىمقى |
| 墩塔合塔 | (136) | دۆڭتاختا |
| 托孜尕克买里 | (137) | توزغاقمەھەللە |
| 依来克 | (137) | ئىلەك |
| 阿亚克苏尕克库木村委会 | (137) | ئاياغ سوغاققۇم كەنت كومىتېتى |
| 阿亚克苏尕克库术 | (137) | ئاياغ سوغاققۇم |
| 伯克艾日克村委会 | (137) | بەگئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 尕尔买里 | (138) | گورمەھەللە |
| 托吾拉买里 | (138) | توۋرامەھەللە |
| 通喀依艾日克村委会 | (138) | توڭكايئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 阔萨克买里 | (138) | قورساقمەھەللە |
| 扎尕热克买里 | (138) | زاغارەكمەھەللە |
| 通喀依买里 | (138) | توڭكايمەھەللە |
| 胡木旦贝希 | (138) | خۇمدانبېشى |
| 兰干艾日克村委会 | (139) | لەڭگەرئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 色格孜盖买 | (139) | سىغىزگەمە |
| 库如克买里 | (139) | كۇرۇكمەھەللە |
| 库尤喀买里 | (139) | قۇيقامەھەللە |
| 库如克阿其玛 | (139) | كۇرۇكئاچما |
| 玉吉买勒克村委会 | (139) | ئۇجمىلىك كەنت كومىتېتى |
| 玉吉买勒克 | (140) | ئۇجمىلىك |
| 木休克买里 | (140) | مۇشۇكمەھەللە |
| 欧吐拉艾日克村委会 | (140) | ئوتتۇرائېرىق كەنت كومىتېتى |
| 欧吐拉艾日克 | (140) | ئوتتۇرائېرىق |
| 墩吾斯塘 | (140) | دۆڭئۆستەڭ |
| 协依提勒克麻扎 | (140) | شېھىتلىقمازار |
| 英巴格村委会 | (141) | يېڭىباغ كەنت كومىتېتى |
| 央阿克买里 | (141) | ياڭاقمەھەللە |
| 拜孜买里 | (141) | بەزمەھەللە |
| 阿瓦米斯力木村委会 | (141) | ئاۋامسىلىم كەنت كومىتېتى |

| خەنزۇچە<br>汉 语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维 语 |
|---|---|---|
| 霍热孜买里 | (141) | خورازمەھەللە |
| 亚格买里 | (141) | ياغمەھەللە |
| 其齐克买里 | (142) | چىچقمەھەللە |
| 都喀买里 | (142) | دوقامەھەللە |
| 墩艾日克村委会 | (142) | دۆڭئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 帕喀买里 | (142) | پاكارمەھەللە |
| 托尕依买里 | (142) | تورغايمەھەللە |
| 喀勒尕其艾日克 | (142) | قالىغاچئېرىق |
| 阿其玛艾日克村委会 | (142) | ئاچمائېرىق كەنت كومىتېتى |
| 阿其玛艾日克 | (143) | ئاچمائېرىق |
| 阿克艾日克村委会 | (143) | ئاقئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 阿克买里 | (143) | ئاقمەھەللە |
| 阿日其买里 | (143) | ئارچىمەھەللە |
| 加瓦克买里 | (143) | جاۋاكمەھەللە |
| 喀格孜艾日克村委会 | (143) | قەغەزئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 喀格孜艾日克 | (144) | قەغەزئېرىق |
| 赞木其艾日克村委会 | (144) | زەمچىئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 赞木其艾日克 | (144) | زەمچىئېرىق |
| 阿日西村委会 | (144) | ئايرىش كەنت كومىتېتى |
| 阿日西 | (144) | ئايرىش |
| 都喀买里 | (145) | دوقامەھەللە |
| 兰 干 | (145) | لەڭگەر |
| 奎依如克 | (145) | قۇيرۇق |
| 排扎瓦提 | (145) | پەيزاۋات |
| 扎滚艾日克村委会 | (145) | زاغۇنئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 科台买 | (145) | كۆتەمە |
| 都喀买里 | (146) | دوقامەھەللە |
| 加瓦克塔合塔 | (146) | جاۋاكتاختا |
| 阔尕其贝希村委会 | (146) | قوغاچبېشى كەنت كومىتېتى |
| 恰康买里 | (146) | چاقانمەھەللە |
| 硝尔鲁克艾日克 | (146) | شورلۇقئېرىق |

| خەنزۇچە<br>汉语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维语 |
|---|---|---|
| 吐勒开买里 | (146) | تۆلكەمەھەللە |
| 亚吐格曼贝希 | (146) | يار تۆگمەنبېشى |
| 喀吾如克买里 | (147) | كاۋرۇكمەھەللە |
| 托库孜喀勒拉村委会 | (147) | توققۇزكاللا كەنت كومىتېتى |
| 托库孜喀勒拉 | (147) | توققۇزكاللا |
| 阿亚克托库孜喀勒拉 | (147) | ئاياغ توققۇزكاللا |
| 当勒克孟加克村委会 | (147) | داڭلىقمونجاق كەنت كومىتېتى |
| 塔格墩 | (148) | تاغدۆڭ |
| 喀相巴格 | (148) | كاشانباغ |
| 巴什哈尼喀艾日克村委会 | (148) | باش خانىقائېرىق كەنت كومىتېتى |
| 巴什哈尼喀艾日克 | (148) | باش خانىقائېرىق |
| 艾　肯 | (148) | ئېقىن |
| 阿亚克哈尼喀艾日克村委会 | (148) | ئاياغ خانىقائېرىق كەنت كومىتېتى |
| 库热克买里 | (149) | كۇرەكمەھەللە |
| 江买里 | (149) | جانمەھەللە |
| 巴格其 | (149) | باغچە |
| 阔纳杭桂村委会 | (149) | كونا ھاڭگىي كەنت كومىتېتى |
| 喀勒台克买里 | (149) | كالتەكمەھەللە |
| 英吾斯塘村委会 | (149) | يېڭىئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |
| 萨喀勒买里 | (150) | ساقالمەھەللە |
| 代热买里 | (150) | دەررەمەھەللە |
| 其伯尔其艾日克村委会 | (150) | چىپەرچىئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 艾格勒墩 | (150) | ئېغىلدۆڭ |
| 亚格买里 | (150) | ياغمەھەللە |
| 派孜托格拉克 | (150) | پەيزىتوغراق |
| 阿尔都克库木村委会 | (150) | ھاردۇققۇم كەنت كومىتېتى |
| 欧吞其艾日克 | (151) | ئۆتۈنچىئېرىق |
| 霍热孜托格拉克村委会（农场） | (151) | خورازتوغراق كەنت كومىتېتى |
| 霍热孜托格拉克 | (151) | خورازتوغراق |
| 央塔克贝克西（牧点） | (151) | يانتاقبېقىش (چارۋىچىلىق نوقتا) |
| 喀拉克尔（牧点） | (152) | قاراقىر (چارۋىچىلىق نۇقتا) |

| خەنزۇچە 汉语 | بەت 页 | ئۇيغۇرچە 维语 |
|---|---|---|
| **多鲁乡** | (156) | **دول يېزا** |
| 尧勒其库勒 | (156) | يولچكۆل |
| 多鲁海力派艾日克村委会 | (156) | دول خەلپەئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 多鲁海力派艾日克 | (157) | دول خەلپەئېرىق |
| 台吐尔艾日克 | (157) | تەتۈرئېرىق |
| 塔合塔科瑞克 | (157) | تاختا كۆۋرۈك |
| 阿訇鲁克艾日克 | (157) | ئاخۇنلۇقئېرىق |
| 库勒艾日克 | (157) | كۆلئېرىق |
| 阔尕其艾日克村委会 | (157) | قوغاچئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 阔尕其艾日克 | (158) | قوغاچئېرىق |
| 库木艾日克 | (158) | قۇمئېرىق |
| 琼库尔阔恰艾日克 | (158) | چوڭقۇر كوچا ئېرىق |
| 墩色日克 | (158) | دۆڭسېرىق |
| 多鲁色日克村委会 | (158) | دولسېرىق كەنت كومىتېتى |
| 喀哈那艾日克 | (158) | كاخانا ئېرىق |
| 阔台买村委会 | (159) | كۆتەمە كەنت كومىتېتى |
| 台吐尔艾日克 | (159) | تەتۈرئېرىق |
| 康克其克艾日克 | (159) | كەڭ كېچىكئېرىق |
| 库瓦买里 | (159) | كۇۋامەھەللە |
| 喀勒台阔台买村委会 | (159) | كالتەكۆتەمە كەنت كومىتېتى |
| 喀勒台阔台买 | (159) | كالتەكۆتەمە |
| 苏盖提艾日克 | (160) | سۆگەتئېرىق |
| 玉吉买勒克艾日克 | (160) | ئۈجمىلىكئېرىق |
| 赛提都维里克艾日克 | (160) | سەت دۆۋىلىكئېرىق |
| 墩库孜来克村委会 | (160) | دۆڭكۆزلەك كەنت كومىتېتى |
| 墩库孜来克 | (160) | دۆڭكۆزلەك |
| 库萨克阔恰 | (160) | قورساقكوچا |
| 孜热甫艾日克 | (161) | زىرىپئېرىق |
| 库都克艾日克 | (161) | قۇدۇقئېرىق |
| 亚喀依来克 | (161) | ياقائىلەك |
| 库依如克艾日克村委会 | (161) | قۇيرۇقئېرىق كەنت كومىتېتى |

| خەنزۇچە<br>汉 语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维 语 |
|---|---|---|
| 库依如克艾日克 | (161) | قۇيرۇقئېرىق |
| 恰克玛 | (161) | چاقما |
| 奥依曼央塔克村委会 | (161) | ئويمانيانتاق كەنت كومىتېتى |
| 墩阿恰 | (162) | دۆڭئاچا |
| 托格拉克艾日克 | (162) | توغراقئېرىق |
| 墩艾日克 | (162) | دۆڭئېرىق |
| 博斯坦村委会 | (162) | بوستان كەنت كومىتېتى |
| 博斯坦 | (162) | بوستان |
| 纳肉孜兰干 | (163) | نارۇزلەڭگىرى |
| 喀让古托格拉克村委会 | (163) | قاراڭغۇتوغراق كەنت كومىتېتى |
| 库勒艾日克村委会 | (163) | كۆلئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 苏盖提麻札 | (163) | سۆگەتمازار |
| 恰康买里 | (164) | چاكۇ مەھەللە |
| 库木什墩 | (164) | قۇمۇشدۆڭ |
| 墩阿孜玛 | (164) | دۆڭئازما |
| 巴什央都玛村委会 | (164) | باشياندۇما كەنت كومىتېتى |
| 阿亚克央都玛村委会 | (164) | ئاياغياندۇما كەنت كومىتېتى |
| 塔吾尕孜 | (165) | تاۋۇغاز |
| 合尼艾日克 | (165) | خېنىئېرىق |
| 喀合勒克 | (165) | قاقلىق |
| 巴什艾肯 | (165) | باشئېقىن |
| 硝尔阔台克村委会 | (165) | شوركۆتەك كەنت كومىتېتى |
| 硝尔阔台克 | (165) | شوركۆتەك |
| 唐玛合尼村委会 | (165) | تاڭماخېنى كەنت كومىتېتى |
| 唐玛合尼 | (166) | تاڭماخېنى |
| 麻札吾斯塘村委会 | (166) | مازارئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |
| 麻札吾斯塘 | (166) | مازارئۆستەڭ |
| 瓦合甫艾日克 | (166) | ۋەخپەئېرىق |
| 喀尕艾日克 | (167) | قاغائېرىق |
| 琼库尔吾斯塘村委会 | (167) | چوڭقۇرئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |
| 墩艾日克 | (167) | دۆڭئېرىق |

| خەنزۇچە<br>汉　语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维　语 |
|---|---|---|
| 喀勒台克艾日克 | (167) | كالتەكئېرىق |
| 恰祥阿依玛克 | (167) | چاپانئايمىقى |
| 托格拉艾日克 | (167) | توغرائېرىق |
| 吐喀买里 | (167) | توكامەھەللە |
| 庞买里 | (168) | پاڭمەھەللە |
| 喀瓦吐格曼贝希村委会 | (168) | كاۋا تۈگمەنبېشى كەنت كومىتېتى |
| 喀瓦吐格曼贝希 | (168) | كاۋا تۈگمەنبېشى |
| 阔什墩 | (168) | قوشدۆڭ |
| 托勒尕什村委会 | (168) | تولغاش كەنت كومىتېتى |
| 克里雅买里 | (168) | كېرىيە مەھەللىسى |
| 加朗买里 | (169) | جالانمەھەللە |
| 尤布当买里 | (169) | يوبدانمەھەللە |
| **拜什托格拉克乡** | (174) | **بەشتوغراق يېزا** |
| 琼尧勒 | (174) | چوڭيول |
| 伊斯勒克墩村委会 | (174) | ئىسلىقدۆڭ كەنت كومىتېتى |
| 斯亚维西村委会 | (174) | سىياۋۇشى كەنت كومىتېتى |
| 伊力库都克村委会 | (175) | ئىلىقۇدۇق كەنت كومىتېتى |
| 博斯坦巴格村委会 | (175) | بوستانباغ كەنت كومىتېتى |
| 琼尧勒村委会 | (176) | چوڭيول كەنت كومىتېتى |
| 喀地尔墩村委会 | (176) | كادىردۆڭ كەنت كومىتېتى |
| 拜什托格拉克村委会 | (176) | بەشتوغراق كەنت كومىتېتى |
| 巴格艾日克村委会 | (177) | باغئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 亚阔恰村委会 | (177) | ياركوچا كەنت كومىتېتى |
| 托格拉克墩村委会 | (177) | توغراقدۆڭ كەنت كومىتېتى |

## 2 ـ كەسپىي تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ نامىرى

## 二、专业部门和单位名称

| | | |
|---|---|---|
| 洛浦县良种场 | (179) | لوپ ناھىيىلىك سۇپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدان |
| 洛浦县国营林场 | (180) | لوپ ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدان |
| 洛浦县苗圃 | (181) | لوپ ناھىيىلىك كۆچەتخانا |
| 洛浦县水利电力局 | (182) | لوپ ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى |
| 洛浦县喀拉央塔克水电站 | (182) | لوپ ناھىيىلىك قارا يانتاق سۇ ئېلېكتىر پونكىتى |
| 洛浦县克尔喀什水电站 | (183) | لوپ ناھىيىلىك قىرقاش سۇ ئېلېكتىر پونكىتى |
| 洛浦县农机修造厂 | (183) | لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش رېمونت قىلىش زاۋۇتى |
| 洛浦县水泥厂 | (184) | لوپ ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى |
| 洛浦县农业技术推广站 | (185) | لوپ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى |
| 洛浦县气象站 | (185) | لوپ ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى |
| 洛浦县文化馆 | (186) | لوپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 洛浦县人民医院 | (187) | لوپ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى |
| 洛浦县卫生防疫妇幼保健站 | (188) | لوپ ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئانا ـ بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى |
| 洛浦县第一中学 | (189) | لوپ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 洛浦县第二中学 | (190) | لوپ ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 洛浦县人民电影院 | (191) | لوپ ناھىيىلىك خەلق كىنوخانىسى |
| 洛浦县供销联社 | (191) | لوپ ناھىيىلىك تەمىنات سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى |
| 中国共产党洛浦县委员会 | (192) | جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى |
| 洛浦县人大常委会 | (192) | لوپ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى |

| خەنزۇچە<br>汉　语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维　语 |
|---|---|---|
| 洛浦县人民政府 | (192) | لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى |
| 政协洛浦县委员会 | (193) | سىياسى كېڭەش لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى |
| 洛浦县第一小学 | (193) | لوپ ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 洛浦县第二小学 | (193) | لوپ ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 洛浦县第三小学 | (194) | لوپ ناھىيىلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 洛浦县文工团 | (194) | لوپ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى |
| 洛浦县新华书店 | (194) | لوپ ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى |
| 洛浦县委党校 | (194) | ج ك پ لوپ ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى |
| 洛浦县幼儿园 | (194) | لوپ ناھىيىلىك بالىلار يەسلىسى |
| 洛浦县广播站 | (194) | لوپ ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى |
| 洛浦县卫生局 | (195) | لوپ ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى |
| 洛浦县林业局 | (195) | لوپ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى |
| 洛浦县农机局 | (195) | لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاش ـ تۇرۇش ئىدارىسى |
| 洛浦县招待所 | (196) | لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت مېھمانخانىسى |
| 洛浦县税务局 | (196) | لوپ ناھىيىلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسى |
| 洛浦县工商管理局 | (196) | لوپ ناھىيىلىك سودا سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارىسى |
| 洛浦县人民银行 | (197) | لوپ ناھىيىلىك خەلق بانكىسى |
| 洛浦县农业银行 | (197) | لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى |
| 洛浦县粮食局 | (197) | لوپ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى |
| 洛浦县车队 | (197) | لوپ ناھىيىلىك ماشىنا ئەترىتى |
| 洛浦县综合商场 | (197) | لوپ ناھىيىلىك ئۇنىۋېرسال سودا سارىيى |
| 洛浦县电影发行公司 | (198) | لوپ ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش قويۇش شىركىتى |
| 洛浦县供销合作社生产资料公司 | (198) | لوپ ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا ھەمكارلىق كوپېرا ـ تىپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى |
| 洛浦县供销合作社棉麻公司 | (198) | لوپ ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ پاختا چىگە شىركىتى |
| 洛浦县供销合作社地毯厂 | (198) | لوپ ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ گىلەم كارخانىسى |

| خەنزۇچە<br>汉 语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维 语 |
|---|---|---|
| 洛浦县公路段 | (200) | لوپ ناھىيىلىك تاشيول ئۇچاستكىسى |
| 洛浦县养路队 | (200) | لوپ ناھىيىلىك يول ئاسراش ئەترىتى |
| 洛浦县种籽公司 | (200) | لوپ ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى |
| 洛浦县兽医站 | (200) | لوپ ناھىيىلىك چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى |
| 洛浦县邮电局 | (200) | لوپ ناھىيىلىك پوچتا تېلېگىراف ئىدارىسى |
| 洛浦县人民武装部 | (200) | لوپ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈم |
| 洛浦县广播电视局 | (200) | لوپ ناھىيىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى |
| 洛浦县二轻局 | (200) | لوپ ناھىيىلىك 2-يىنىك سانائەت ئىدارىسى |
| 洛浦县商业局 | (200) | لوپ ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى |
| 洛浦县食品公司 | (200) | لوپ ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك شىركىتى |
| 洛浦县食品加工厂 | (200) | لوپ ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك پىششىقلاش زاۋۇتى |
| 洛浦县医药公司 | (200) | لوپ ناھىيىلىك دورا شىركىتى |
| 洛浦县石油公司 | (200) | لوپ ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى |
| 洛浦县百货公司 | (200) | لوپ ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى |
| 洛浦县供销合作社土畜产公司 | (200) | لوپ ناھىيىلىك تەمىنات-سودا بىرلەشمە كوپىرا-تىپنىڭ يەرلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى |
| 洛浦县物资供应站 | (201) | لوپ ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 洛浦县农业机械常训班 | (201) | لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيەلەش كۇرسى |
| 洛浦县农机供应站 | (201) | لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى |
| 洛浦县二轻局地毯厂 | (201) | لوپ ناھىيىلىك 2-يىنىك سانائەت ئىدارە گىلەم كارخانىسى |
| 洛浦县二轻局建筑社 | (201) | لوپ ناھىيىلىك 2-يىنىك سانائەت ئىدارە بىنا كارلىق كارخانىسى |
| 洛浦县二轻局铁器加工社 | (201) | لوپ ناھىيىلىك 2-يىنىك سانائەت ئىدارە تۆمۈر-چىلىك كوپىراتىپى |
| 洛浦县图书馆 | (201) | لوپ ناھىيىلىك كۇتۇپخانا |

| خەنزۇچە<br>汉语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维语 |
|---|---|---|
| 洛浦县第三中学 | (201) | لوپ ناھىيىلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 洛浦县劳动服务公司 | (201) | لوپ ناھىيىلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى |
| 洛浦县电力公司 | (201) | لوپ ناھىيىلىك توك ئېنېرگىيە شىركىتى |
| 洛浦县客运站 | (201) | لوپ ناھىيىلىك تىرانسپورت بېكىتى |
| 洛浦县林业站 | (201) | لوپ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتى |
| 洛浦县木材公司 | (201) | لوپ ناھىيىلىك ياغاچ ماتېرىياللىرى شىركىتى |
| 洛浦县影剧院 | (201) | لوپ ناھىيىلىك كىنو ـ تىياتىرخانا |
| 洛浦县公安局 | (201) | لوپ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى |
| 洛浦县人民检察院 | (201) | لوپ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى |
| 洛浦县人民法院 | (201) | لوپ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى |

## 3. ئاپتونوم رايون ۋە خوتەن ۋىلايەتنىڭ لوپتا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى
## 三、自治区、和田地区驻洛浦县部门名称

| | | |
|---|---|---|
| 自治区和田蚕桑科学研究所 | (203) | ئاپتونوم رايونلۇق خوتەن پىلە ـ ئۈجمىچىلىك پەن تەتقىقات ئورنى |
| 自治区洛浦疗养院 | (205) | ئاپتونوم رايونلۇق لوپ ساناتورىيەسى |
| 和田外贸地毯厂 | (207) | خوتەن تاشقى سودا گىلەم كارخانىسى |

## 4. سۈنئىي قۇرۇلۇشناملىرى
## 四、人工建筑物名称

| | | |
|---|---|---|
| 洛浦县总干渠 | (209) | لوپ ناھىيىلىك باش ئۆستەڭ |
| 洛浦县总闸口 | (209) | لوپ ناھىيىلىك باش زاكوۇ |
| 洛浦县喀拉库勒水库 | (210) | لوپ ناھىيىلىك قاراكۆل سۇ ئامبىرى |
| 吉亚干渠 | (211) | جىيا ئۆستىڭى |
| 纳瓦干渠 | (211) | ناۋا ئۆستىڭى |
| 山普鲁干渠 | (211) | سامپۇل ئۆستىڭى |
| 博西坎干渠 | (212) | بوشقان ئۆستىڭى |
| 恰帕勒干渠 | (212) | چاپال ئۆستىڭى |

| خەنزۇچە<br>汉　语 | بەت<br>页 | ئۇيغۇرچە<br>维　语 |
| --- | --- | --- |
| 恰尔巴格干渠 | (212) | چارباغ ئۆستەڭى |
| 多鲁干渠 | (212) | دول ئۆستەڭى |
| 央杜玛干渠 | (213) | ياندۇرما ئۆستەڭى |
| 杭桂干渠 | (213) | ھاڭگىي ئۆستەڭى |
| 阿勒提来干渠 | (213) | ئالتىلە ئۆستەڭى |
| 布亚干渠 | (213) | بۇيا ئۆستەڭى |
| 塔木艾格勒干渠 | (213) | تامئېغىل ئۆستەڭى |
| 昆孜干渠 | (214) | كونزي ئۆستەڭى |
| 吉亚路 | (214) | جىيا يولى |
| 纳瓦路 | (214) | ناۋا يولى |
| 博西坎路 | (214) | بوشقان يولى |
| 恰帕勒路 | (214) | چاپال يولى |
| 巴米路 | (214) | بامىي يولى |
| 格加路 | (215) | گەجا يولى |
| 多鲁路 | (215) | دول يولى |
| 杭桂路 | (215) | ھاڭگىي يولى |
| 库提其路 | (215) | قۇتچى يولى |
| 阿勒提来路 | (215) | ئالتىلە يولى |
| 布亚路 | (215) | بۇيا يولى |
| 昆孜路 | (215) | كونزي يولى |
| 山普鲁路 | (215) | سامپۇل يولى |
| 和一洛路 | (216) | خوتەن ـ لوپ يولى |


## 5 ـ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارناملىرى

## 五、自然地理实体名称


| | | |
| --- | --- | --- |
| 铁克勒克山 | (217) | تېكىلىك تاغ |
| 阿其克山 | (217) | ئاچچىق تاغ |
| 吐格曼塔什勒克 | (217) | توگمەنتاشلىق |
| 排什塔克山口 | (218) | پەشتاق تاغ ئېغىزى |

| | | |
|---|---|---|
| 萨勒玛勒克山沟 | (218) | سالمىلىق جىلغىسى |
| 哈勒克吉勒尕山沟 | (218) | خالىق جىلغىسى |
| 色斯克亚沟 | (218) | سېسىقيار |
| 玉龙喀什河 | (218) | يۇرۇڭقاش دەرياسى |
| 阿其克河 | (219) | ئاچچىق دەرياسى |
| 沙克河 | (219) | ساقى دەرياسى |
| 帕合塔勒克河 | (219) | پاختىلىق دەرياسى |
| 欧吐拉克尔河 | (219) | ئوتتۇراقىر دەرياسى |
| 库兰木勒克河 | (220) | قۇراملىق دەرياسى |
| 依来克（水塘） | (220) | ئىلەك (كۆلمەك) |
| 铁克勒克草场 | (220) | تىكىلىك يايلىقى |
| 阿其克亚依拉克草场 | (220) | ئاچچىق يايلىقى |
| 西热木勒克草场 | (220) | شىرەملىك يايلىقى |
| 夏玛勒巴格 | (220) | شامالباغ |
| 马木提库勒买克草场 | (221) | مامۇتكۆلمىكى |
| 其来克库木草场 | (221) | چىلەكقۇم ئوتلىقى |
| 阔什库都克草场 | (221) | قوشقۇدۇق ئوتلىقى |
| 硝尔勒克奥依曼草场 | (221) | شورلۇقئويمان ئوتلىقى |
| 祖拉维托格拉克草场 | (221) | زۇلاۋتوغراق يايلىقى |
| 古润吉勒克（戈壁） | (221) | گۇرۇنجىلىق (ساي) |
| 吐孜勒克萨依（戈壁） | (221) | تۇزلۇقساي (ساي) |
| 纳其（荒地） | (222) | ناچى (پاسارلىق) |
| 色格孜墩（沙漠） | (222) | سېغىزدۆڭ (چۆل) |

## 6. ئاسارئەتىقىلەر نامى

## 六、名胜古迹名称

| | | |
|---|---|---|
| 热瓦克佛塔（古迹） | (223) | راۋاق بۇتخانىسى (خارابە) |
| 阿克斯皮力（古城遗址） | (225) | ئاقسپىل (قەدىمكى شەھەر خارابىسى) |
| 巴格达特麻札（古墓） | (225) | باغداتمازار (قەدىمكى قەبرە) |
| 苏　买（古墓） | (225) | سۇمە (قەدىمكى قەبرە) |
| 依玛木阿斯木（古墓） | (226) | ئىمام ئاسىم (قەدىمكى قەبرە) |

| | | |
|---|---|---|
| 布亚麻札　（古墓） | (226) | بۇيا مازار (قەدىمكى قەبرە) |
| 加　麦（礼拜寺） | (226) | جەمە (مەسچىت) |
| 山普鲁古墓葬群 | (227) | سامپۇل زاراتلىقى (قەدىمكى قەبرىستانلىق) |

# ئاخىرقى سۆز

"لوپ ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى" لوپ ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى نەتىجىسى ئاساسىدا، ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنانى ئايرىپ تەسىس قىلىش، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يولداش گۆەنخېڭشەن، ئاپتونوم رايونلۇق يەرناملىرى كومىتېت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مودىرى يولداش شېيۈيجۈڭ ۋە لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يولداش ئابدوكىرىم تۇردىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى يولداش مەمەتروزى سادىقنىڭ كونكرېت مەسئۇلىيەتچىلىكىدە تۈزۈپ چىقىلدى.

تۈزۈپ چىقىش جەريانىدا، ئومۇمىي ئەھۋال ماتېرىياللىرىنى رەتلەش، تەكشۈرۈش، ئىسپاتلاش، خەرىتە سىزىش قاتارلىق خىزمەتلەر جەريانىدا ۋىلايەتلىك يەرناملىرى كومىتېتى ئىشخانىسىدىكى يولداش لى يەنتىڭنىڭ زور ياردىمىگە مۇيەسسەر بولدۇق. بۇكىتاپنى خەنزۇچە ئىملا ئاھاڭى بويىچە يېزىش ۋە مىللىچە يەرنامىلىرى ئاھاڭى بويىچە يېزىشتا ئاپتونوم رايونلۇق يەر نامىلىرى كومىتېت ئىشخانىسىدىكى يولداش تۇردى ناسىرنىڭ ياردىمىگە تاياندۇق.

كىتاپنىڭ ئارگىنالىنى كونترول قىلىش، توغرىلاشتا ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى سۇنبىڭ، ۋاڭ گوخەي قاتارلىق يولداشلارنىڭ ياردىمى تەگدى. كىتابنىڭ ئارگىنالى پۈتكەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم تۇردى، مەمەترۇزى سادىق، شۈيبىڭ قاتارلىق رەھبىرى يولداشلار كۆرۈپ چىقتى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ يەردە ئەشۇ يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمىز.

بىز بۇ خىزمەتنى تۇنجى قېتىم ئىشلەۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى، تەجرىبىمىزنىڭ يېتەرسىز بولىشى سەۋەپىدىن، يېزىق جەريانىدا بەزى خاتالىقلار بولىشى مۇمكىن. شۇڭا كىتاپخانلارنىڭ تەنقىت قىلىپ تۈزۈتۈپ قويۇشنى سەممى ئۈمىت قىلىمىز.

ناھىيىمىزنىڭ يەرناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقان خادىملار: ھېيت تۇرسۇن، خودىمبەردى مەتروزى، ئابدۇراخمان ياقوپ. ئىمىننىياز ئىبرائىم، تۇرغۇن، ئانايەت يۈسۈن، روزىمەمەت باراجىم. ئوبولقاسىم، ئىمىن ھاشىم، ئابدۇللا سەيدى، تودى ئىسمائىل، مەخسۇت ھېيت، ليوفىڭشەن، خۋاڭ جىن جى. فىڭ يوڭبىڭ. ۋاڭ جاڭ لىن.

ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى تۈزگۈچى ھېيت تۇرسۇن.

خەنزۇچە نۇسخىسىنى تۈزگۈچى ليوفىڭشەن.

خەرىتىسىنى ئىشلىگۈچى لى يەنتىڭ، ئەنفىڭخۇي، شاۋلياڭپىڭ.

فوتو سۈرەتچى: لى يەك باۋ، خۋاڭ جەن شېڭ. ۋۇجەنخۇي.
كوررېكتور: ھېيت تۇرسۇن، ليوفىڭشەن
كونترول قىلغۇچى: لى يەنتىڭ.
بېكىتكۈچى: شېيۇيجوڭ، تۇردى ناسىر.

**لوپ ناھىيىلىك يەرنامىلىرى كومىتېتى**

1987 ـ يىل مارت

شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

**لوپ ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى**

ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ

لوپ ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

لوپ ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

بېيجىڭ مىللەتلەر باسما زاۋۇتىنىڭ ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىدە باسىتۇرۇلدى

787×1092مم 1/16

1987-يىل 3-ئاي 1-نەشرى

1987-يىل 3-ئاي 1-بېسىلىشى

تىراژى 700 — 1